ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# سەلەي چاققانىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۆچقۇنجان ئۆمەر

# سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى

شىنجاڭ يەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

赛来恰坎的艺术生涯和笑话集：维吾尔文/乌其洪江·玉麦尔编著. —乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.5

ISBN 978-7-5466-1258-4

I.①赛… II.①乌… III.①笑话—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) IV.①I277.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第089894号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋارىس مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
گۈلباھار توختى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت لايىھەلىگۈچى: ئايىنىسا ئوبۇل


# سەلەي چاققانىنىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى

* * *


شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 14.875
2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-5466-1258-4
باھاسى: 45.00 يۈەن



ئاپتور خىزمەت ئۈستىدە





ئىبراھىم ئەيسا





سەلەي چاققانىنىڭ ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى ئەۋلاد ئۇرۇق تۇغقانلىرى



ساخاۋەتچى ئىبراھىم سەمەن ( ئوتتۇرىدا ) قەلەمكەشلەر بىلەن
سەلەي چاققان ھەققدە پىكىرلەشمەكتە



سەلەي چاققاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۆمەر ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسى



ھەممە يەردە سەلەي چاققان لەتىپىلىرى جاراڭلايدۇ

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار ئۇزاق، شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي مىللەت. ئۇنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھىم بىر تەركىب سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان ھەم ناھايىتى مول خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ۋە داڭلىق شەخسلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ شەخسلەر ئىچىدە سەلەي چاققان زاماندىن - زامان نۇرلۇق يولتۇز كەبى چاقناپ كەلمەكتە.

«سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى» ناملىق كىتاب مېنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تەتقىقات ۋە ئىجادىي مېھنىتىمنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، بىرىنچى قىسمى سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى ھەققىدىكى بايان ۋە تەتقىقاتتىن تەركىب تاپقان؛ ئىككىنچى قىسمى 500 پارچىگە يېقىن لەتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتابتا تارىخىي شەخس سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى، قەبرىگاھى، ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىغا دائىر مەلۇماتلار، سەلەي چاققان ياشىغان دەۋر، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، دىراماتىك خۇسۇسىيىتى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش، چەت ئەللەردىكى سەلەي چاققان تەتقىقاتى، سەلەي چاققان پورترېتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. نۇرغۇن يېڭىچە بايقاش، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى

سەلەي چاققان ۋە ئۆنىڭ لەتىپىلىرىگە قىزىقىدىغان جامائەتچىلىك ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگۈسى. كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ كىتاب ھەققىدە سەمىمىي تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئۆچقۇنجان ئۆمەر
1999 ~ 2009 - يىللار
قەشقەر — ئۈرۈمچى

# نەشرىياتتىن

شائىر، ژۇرنالىست، فولكلور تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي تەرجىمان ئۇچقۇنجان ئۆمەر 1945 - يىلى فېۋرالدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچى مەنگەن مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، 1968 - يىلىدىن كېيىن ئارمىيە ئىچىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1971 - يىلى، «قەشقەر گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇھەررىر، 1981 - يىلىدىن باشلاپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تەھرىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى باشلانغۇچ مەكتەپتە باشلانغان. 1957 - يىلى ئۇنىڭ «گۈلدەستە» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى، ناخشا تېكىستى ئىجادىيىتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش، نەشر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخ، سەنئەت، 12 مۇقام، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئېتنوگرافىيە، قەدىمىي تارىخىي يادىكارلىق، تەزكىرە، ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئىزدىنىپ، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق رۇبائىي، تېكىست، 10 پارچە داستان - باللادا، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي

ماقالە، 130 پارچە تەھرىر ئىلاۋىسى، ئەدەبىي ئۇچۇر ۋە ھەرخىل ژانىردىكى تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ توپلاپ رەتلىگەن 10 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، باشقىلار بىلەن بىللە تەييارلىغان 380 كۇپلېت قەشقەر خەلق ناخشىلىرى مەتبۇئاتلاردا بېسىلغان. ئۇنىڭ يەنە «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (1 -، 2 -، 3 - كىتاب)، «چەشمىلەر»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى»، «مەرىپەت يۇلتۇزى» (داستان، باللادالار توپلىمى)، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى قامۇسى» قاتارلىق 20 پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان، بىر قىسىم ئەسەرلىرى مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ تەھرىرلىك، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئەھۋالى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان 30 نەچچە قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن. 2005 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ دۇنيا مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىس ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 2004 - يىلى «جۇڭگو - ۋېنگىرىيە خەلقلىرى دوستلۇقى تۆھپىكارى» ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر قەشقەر ۋىلايەتلىك شېئىرىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتى قاتارلىق ئون نەچچە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ۋە ھەيئەت ئەزاسى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى
2011 - يىلى 10 - ئاي

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن .................................... 1

كىرىش سۆز ...................................... 1

**بىرىنچى بۆلۈم سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى** .................... 1

بىرىنچى باب سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى، قەبرىگاھى، ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا دائىر مەلۇماتلار ............................ 3

ئىككىنچى باب سەلەي چاققاننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرى ... 16

ئۈچىنچى باب سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ..... 33

تۆتىنچى باب سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى توغرىسىدا .................................. 40

بەشىنچى باب سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا .......................... 55

ئالتىنچى باب سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ دىراماتىك خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ............................ 71

يەتتىنچى باب سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ھەققىدە بايان ........................ 79

سەككىزىنچى باب چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى سەلەي چاققان .. 102

توققۇزىنچى باب سەلەي چاققان پورترېتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى توغرىسىدا ................................ 113

خاتىمە ................................................ 122

**ئىككىنچى بۆلۈم سەلەي چاققان لەتىپىلىرى** ................ 123

# بىرىنچى بۆلۈم

# سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى

## بىرىنچى باب

# سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى، قەبرىگاھى، ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا دائىر مەلۇماتلار

سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى، قەبرىگاھى ۋە ئەجداد - ئەۋلادلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىقات نۇقتىسىدىن يورۇتۇش ئەھمىيىتى زور بىر تېما.

سەلەي چاققان زادى كىم، يۇرتى قەيەردە؟ ھازىر ئۇنىڭ ئەجداد - ئەۋلادلىرى بارمۇ - يوق؟ بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغان سوئاللار ئىدى. مەن «سەلەي چاققان» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىمدىن باشلاپلا ئاڭلىغانىدىم. ئەڭ ئاۋۋال مەرھۇم دادام ئۆمەر چوڭنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم[1]. دادامغىمۇ بوۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەنىكەن. كىچىك چاغلىرىمدا دادام مېنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ئۇپال، ئوغۇساق، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق قاتارلىق يۇرتلاردا پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان توي - مەرىكە، باراۋەت، بەزمە - مەشرەپلەرگە ئېلىپ باراتتى. بۇ باراۋەت، مەشرەپلەردە يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى، پالۋان - نوچىلار، بايۋەچچىلەر قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ سورۇن تۈزۈپ، مېھماندارچىلىق بولاتتى، جەڭنامە، ئىشق - مۇھەببەت قىسسەلىرى، داستانلار ئوقۇلاتتى. سازلار چېلىنىپ، لەتىپە - يۇمۇرلار، ناخشا - قوشاقلار ئېيتىلاتتى، ساقال - بۇرۇتلىرى

---

[1] ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 40 - قىسىم، 1995 - يىلى نەشرى.

پاكىز قىرىلغان، روھى تېتىك، يۈرىكىدىكى ياشلىق ئوتلىرى تېخى ئۆچمىگەن پېشقەدەم سازەندىلەر، ئەلنەغمىچىلەر «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «قەمەرشاھ»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەت» قاتارلىق داستانلارنى دۇتار، راۋاب، چاڭ بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشاتتى، تاڭ سۈزۈلگۈچە نەغمە ـ ناۋا قىلاتتى. ئارىدا پات ـ پات ئاش تارتىلاتتى، چاي كەلتۈرۈلەتتى. بۇ مەشرەپلەردە يەنە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئېيتىلاتتى، تۈرلۈك قىزىقارلىق كۈلدۈرگە ئويۇنلار ئوينىلاتتى. مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپ ئىشلار كۆرۈلسە، يىگىتبېشىنىڭ قوشۇلۇشى، مىرشاپلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئارقىسىدا، سەۋەنلىك سادىر قىلغۇچىنىڭ كۆڭلەك ـ يەكتەكلىرى سالدۇرۇلۇپ، تامغا چاپلاپ كەينىچە تۇرغۇزۇلۇپ، بەدىنىگە سوغۇق سۇ سېپىپ، سۈرەتلىرى تامغا چۈشۈرۈلۈپ شەكىل چىقىرىلاتتى ياكى دۇمبىسىگە كاچات ئۇرۇلۇپ، «سامسا يېقىش»، «مانتا يېقىش»، «توشقان تېپىش»، «جوۋازغا قېتىش» ئويۇنلىرى ئوينىلاتتى. مەشرەپ ئەھلى بۇ خىل ئويۇنلارنى كۆرگەندە ئۆچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ، خۇشاللىقى ئەۋجىگە چىقاتتى. 15 كۈندە بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇنداق مەشرەپلەردە سەلەي چاققان ئىسىملىك بۇ قىزىقچىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن مەندەك بىر گۆدەكنىڭ قەلبىدە يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇ ئويغاتقانىدى. بەزى ۋائىز ـ قىزىقچىلار تېخى سەلەي چاققاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچمىشلىرىگە ئاساسەن توقۇلغان «بىر پاي كەشكە قىرىق خوتۇن»، بۇلاقسۇنىڭ دەسۇ دېگەن مەھەللىسىدە باشتىن كەچۈرگەن «بەرسۇن دەيدۇ» دېگەن لەتىپىلىرىنى ھەرىكەت بىلەن دوراپ سۆزلىگەندە، كۆپچىلىكنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى ئايۋان ـ سارايلارنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئەۋجىگە چىقاتتى. بۇ يەردە

سۆزلەنگەن ئەھمىيەتلىك گەپ ـ سۆز، لەتىپە ـ چاقچاق، ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق، مۇھەببەت قوشاقلىرىنى كۆچۈمنىڭ يېتىشچە دەپتىرىمگە پۈتۈپ قوياتتىم. بۇ پارچە ـ پۇرات قەغەز، خاتىرە دەپتەرلەرنى تا ھازىرغىچە يوقاتماي ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىم ئىدى. بىر قېتىملىق پائالىيەتتە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ قولىدا «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1958 ـ يىللىق 8 ـ سانىنى كۆرۈپ قالدىم. ژۇرنالنىڭ «مەشرەپ» سەھىپىسىدە سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىسىگە سۈرەت قىستۇرما قىلىپ بېرىلگەنىدى. مەن خۇددى سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك بولدۇم ـ دە، ھەربىر لەتىپىنى ناھايىتى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ساۋاقدىشىم سەلەي چاقچاقنىڭ رەسىمى ۋە بىرنەچچە لەتىپە قوشۇپ ئىلان قىلىنغان شۇ بەتنى قايچا بىلەن كېسىپ ماڭا بەردى. مەن خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كەتتىم. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان شۇ كېسىۋېلىنغان بەتنى ساقلاپ يۈرىمەن. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ مەندە سەلەي چاقچاققا قىزىقىش قوزغالدى، ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر تەپسىلاتلار بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى. 1956 ـ يىلى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەكتىكى پېشقەدەم تىياتىر، كومېدىيە ئارتىسلىرىدىن ئەمەت مەمەت، ئابدۇراھمان خۇدايار، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئۆمەر ئابدۇللا، ھېلىماخۇن نەيچى، باي ئاۋۇت قاتارلىقلار سەلەي چاقچاقنىڭ يۇرتى ئۇپالدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق ئارتىسلار ئىدى. مەن ئۇلار ئارقىلىق بەزى يىپ ئۇچىنى ئىگىلەشكە تىرىشتىم. بىراق، 1957 ـ يىلىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلانغاندا ئۇلاردىن بىر قىسمى «تارىخي ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق بىلەن خىزمىتىدىن ھەيدەلدى، تۈرمىگە تاشلاندى.

قالغانلارنىڭ يېنىغا بارالمىدىم. سەلەي چاقچاقان توغرىسىدا ئاز - تولا بىرنەرسە بىلىدىغان يەنە بىر قىسىم پېشقەدەملەرمۇ جازاغا تارتىلغاچقا يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئارزۇيۇم بىر مەزگىل كۆپۈككە ئايلاندى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، بۇ ھەقتىكى ئوي - پىكىرلەر يەنە كاللامغا كىرىۋالدى. تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ «سەلەي چاقچاقنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئىكەن» دەپ ئاڭلىغان كوناشەھەر ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىدە كاسسىر - بوغالتىرلىق قىلىۋاتقان جۇمە ئىبراھىم ئاكا ۋە مەكتەپ مالىيە بۆلۈمىنىڭ پېشقەدەم مەسئۇلى ئوسمان ساۋۇت ئاكىلارغا مۇراجىئەت قىلدىم. جۇمە ئىبراھىم ئاكا دادامنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بولۇپ، ئىللىق چىراي، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ناھايىتى كەمتەر ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكار، ئەينى ۋاقىتتىكى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى «بالا شائىر» ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى. ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى تەقسىملەش، ئەمگەككە قاتنىشىش، ياتاق، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇش، تاماق پۇلى تۆلەش، ئىسسىنىش قاتارلىق ئىشلاردا ماڭا ئانچە - مۇنچە ئېتىبار قىلاتتى. يېزىقچىلىق، ئىجادىيەت ئىشلىرىمغا مەدەت بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا سەلەي چاقچاقنىڭ يۇرتى ئۇپال ئىكەنلىكى، ئۆزى سەلەي چاقچاقنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىدىن بولىدىغانلىقى، سەلەي چاقچاقنىڭ جەمەتلىرى تۇرغان بۇ مەھەللە «چاقچاقانلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدەك بىر قاتار ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مەكتىپىمىزدە قۇرۇلغان ئەدەبىيات كۇرۇژوكىدىكى مەمتىمىن ھەلىمىدىن، ئايتۇنە ياسىن، سادىق ھاپىزلار كونكرېت يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇكېرەم ھاجى، ھاجى راخمان، ياقۇپ ھوشۇر، مەمتىمىن ئەمەت، ئابدۇكېرەم تۆمۈر، ئايشەم مەمەت، رەخىم يۇنۇس، ئوبۇل سامساق، تۇراق

تۇردى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. كۇرۇژۇكتىكى ساۋاقداشلاردىن شاكىرجان مۇسا، تۇرسۇن رەمتۇللا، دولقۇن ھالاۋىدىن، يۇسۇپبەگ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مۇھەممەت يۇسۇپ ئابدۇكېرەم، مەتىمىن سىيىت، ئەركىن ئەمەت، روزى ھاشىم، ياسىن مۇھەممەت قاتارلىقلارمۇ مېنى قىزغىن قوللاپ مەدەت بەردى. كوناشاھەر ناھىيەسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئىمىن تۆمۈر، ئابدۇغېنى ھەسەن (ئۆزبېك)، ئىسلام كېرىم، ھېيىت كېرىم، قاسىم ئەيسا قاتارلىقلارمۇ ئىجادىيەت، ئىزدىنىش ئىشلىرىمغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. بىز بىرقانچە ساۋاقداش تەتىل مەزگىلىدە ئۇپالغا بېرىپ، «ھەزرىتى موللام» غا چىقىپ ئويناپ، مويسىپىتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ بىرمۇنچە يېڭى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق. 1962 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا باردىم. مەن ئۇ يەردە ئالتە يىل ئوقۇش جەريانىدا، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، جامائەت ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن لەتىپە - قوشاقلارنى يىغىپ، ئولتۇرۇش، سورۇن - بەزمىلەردە سۆزلەپ يۈردۈم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەققىدە ئىزدەندىم. گەرچە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قارا قۇيۇنلىرى ئىچىدە كۆپ قېتىم فاكۇلتېت، سىنىپتا تەنقىدكە دۇچ كېلىپ، ئۆزۈمنى تەكشۈرگەن بولساممۇ، لېكىن يىغقان - توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتماي، تەتقىقات - ئىزدىنىشلىرىمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم. 1982 - يىلى 18 - سىنتەبىر كونى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. يىغىنغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، ژۇرنالىست، تەتقىقاتچىلار كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ چاغدىكى «كوناشەھەر ئەدەبىياتى»

ژۇرنىلىدىكى ئىشتىن سىرتقى مۇھەررىرلەر بىلەن بىر يەرگە كەلسىلا سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى ئوقۇيتتى. تەكلىپ بويىچە ئۈرۈمچىدىن ئالاھىدە كېلىپ بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشقان دىراماتورگ، شائىر ئابدۇشۈكۈر يالقۇن، يازغۇچى، شائىر ئەرشىدىن تاتلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم پىكىر ئالماشتۇردۇم. ۋەكىللەر ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئۇيپال، بۇلاقسۇ يېزىلىرىغا بېرىپ، بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت دېھقانلار بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى، جۈملىدىن سەلەي چاقچاقنىڭ ھاياتىغا دائىر يىپ ئۇچى ئىگىلەشنى چىڭ تۇتتۇق. ئۇيپال يېزىسىدىكى مەزگىلدە، بىر قىسىم داستان، رىۋايەت، چۆچەك، لەتىپە، بېيىت ـ قوشاقلارنى توپلىدۇق. ھەرقايسى كەنت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەن 9 ~ 10 دەك تونۇلغان ئەلنەغمىچىلەر، خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مۇڭداشتۇق. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۆز ئەينى بىلەن پۈتۈپ، «خەزىنە» (1985 ـ يىلى) ناملىق كىتابنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى قىلدۇق. كوناشەھەردىكى پائالىيەتتە، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچى ـ ئەدىبلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئاۋۇت ئوسمان، ئۆمەر ئوسمان شىپاھى، تۇرام ئىسلام، نۇردۇن مۇسا، مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، ئىبراھىم ھەمدۇل (تۇرپان)، روزى نىياز (تۇرپان)، ئابلەت ئىسمائىل (پەيزاۋات)، قادىر بۇلاق، كامىل رەھىم (ئۈرۈمچى) قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بىز ھەزرىتى موللام تېغىغا چىقىپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلدۇق، تۇپراق بېشىدا خەتمىقۇرئان قىلىندى. باۋۇدۇن قارىم قاتارلىق ئۆلىما ـ شەيخلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قەدىمىي قەبرىگاھ ئالدىدا رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردۇق. بۇ ئىشلار تۈگەندىن كېيىن، بادام دوپپا كىيگەن، 70 ياشلاردىن ئاشقان

قاسىم رەھىم ئاكا بىر - نەچچىمىزنى مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىنىڭ سول تەرىپىدىكى تېرەكزارلىقتا يېقىن بىر كىچىك دۆڭگە باشلاپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاددىيراق بىر قاشا تام ئىچىدىكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بىر قەبرىنى كۆرسەتتى. بىز قەبرىنى بىرەر قېتىمدىن ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قاسىم رەھىم ئاكا:

— ئۇكام ئۇچقۇنجان، كۆردۈڭلارمۇ؟ ئالدىمىزدىكى بۇ ئاددىي قەبرە — سەلەي چاقچاقنىڭ قەبرىسى. بۇ قەبرە ئۇزاق يىل بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىندا قېلىپ بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇ قەبرىدىكى ئادەمگە ئىگە بولۇپ قويۇڭلار! — دېدى.

بۇ گەپ ھازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە چۈشكەن تارىخىي رەسىملەر ھازىرغىچە ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئاددىي قەبرە ۋە بۇ ھەقتە ئاڭلىغان تارىخىي مەلۇماتلار ئىشەنچىمنى ئاشۇردى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا پېشقەدەم شائىر، يازغۇچى ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن، ئابلا ئەھمىدى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ سەلەي چاقچاق ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىمدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭمۇ سەلەي چاقچاققا ئائىت بىرەر چوڭراق ئەسەر يېزىش ئويى بارلىقىنى، ئىشنى نەدىن باشلاش لازىملىقىنى سۆزلەپ، بۇ تېمىدا ئىش قىلىۋاتقان تەتقىقاتچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. مەن ئۆز كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇ بۈيۈك تېمىنى يورۇتۇشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى قەتئىي قوللىدىم. ئۇلار كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت پىلانلىرى بويىچە، تۆۋەنگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەندى، سەلەي چاقچاقنىڭ ھاياتىغا دائىر يىپ ئۇچلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، بەزى ئىشلارنى قىلدى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئۆزىنىڭ «ئارىفنامە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىنسان ئۆمرىنى باللىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قىرقىيدۇ، پۈچۈلدۈرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەدىلى ــ مەنىۋى يېتىلىشتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى[1]. سەلەي چاقىقانىنىڭ ھاياتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن بىر تۈركۈم جاپاكەش تەتقىقاتچىلارنىڭ مول تەتقىقات مېۋىلىرىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، سەلەي چاقىقان ھەقىقەتەن تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس. ئۇ، ئۈچپالدا تۇغۇلۇپ، ئۈچپالدا ۋاپات بولغان، قەبرىسى ھازىر ئۈچپالدا.

ئەينى يىللاردا پېشقەدەم يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى، ئۈچپال مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى مەمەتجان ئابدۇرېھىملار 30 نەچچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، سەلەي چاقىقانىنىڭ نەسەب ـ جەمەتى ھەققىدە ئىزدىنىپ، بەزى ئۇنۇمگە ئېرىشكەنىدى. مەنمۇ 10 ~ 20 قېتىم مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۈچپالغا بېرىپ ئىزدەندىم، نەچچە ئونلىغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئويلىغىنىمدەك، بۇ تېما تەتقىقاتىدا يېڭىچە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى بۇ ھەقتە شۇ يىللاردا يازغان بىر پارچە ماقالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك، سەلەي چاقىقانىنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى مۇنداق بېكىتىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندى.

سەلەي چاقىقانىنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ دادىسى ــ سەلەي غوجىكام. بۇ كىشى ئۈچپال يېزىسىنىڭ «كوچا مەھەللىسى» (چارشەنبەلەر مەھەللىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دە ياشاپ ئۆتكەن.

سەلەي چاقىقانىنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ ئانىسى ــ نۇخان دەپ ئاتىلىدىغان ئايال بولۇپ، ئۈچپال يېزىسىنىڭ كوچا مەھەللىسىدىن.

---

[1] ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى، يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 4-، 5 ـ سانلىرىدىن.

سەلەي چاققاننىڭ دادىسى – ھالاۋىدىن ئاخۇن دېگەن كىشى بولۇپ، ئەسلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزىسىنىڭ كۆكئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئاساسەن خام توقۇپ باپكارلىق قىلغان.

سەلەي چاققاننىڭ ئانىسى – تۇخان دېگەن ئايال بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ «كوچا مەھەللىسى» (چارشەنبەلەر مەھەللىسى) دىن.

سەلەي چاققاننىڭ ئەسلى ئىسمى مەتسەلەي بولۇپ، «گەپچىلەم» دېگەن لەقىمى بولغان. ئۇ چاغلاردا ھەممە كىشىنىڭ دېگۇدەك لەقىمى بولغانلىقى مەلۇم. يۇرت ئىچىدە چاقىرىشقا، تونۇشقا، توي - مەرىكىلەردە باغاق يېزىپ تارقىتىشقا، كىملەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەپچىل لەقەم قويۇش ئادەتكە ئايلانغان. سەلەي چاققان ئۇپال يېزىسىدىكى ئەنە شۇ «قىشلىق ئېرىق» مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

سەلەي چاققاننىڭ قېيىنئانىسى – تۇدىخان تەمبۇر دېگەن ئايال بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ ئاتۇش مەھەللىسىدىن. ئۇپال تارىختىن بۇيان قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك، گۈزەل جاي بولغىنى ئۈچۈن بۇ يەردىن داستانچى، قوشاقچى، ئەلنەغمىچىلەر كۆپ چىققان. سەلەي چاققاننىڭ قېيىنئانىسى تۇدىخان تەمبۇر چېلىشقا ئامراق ئايال بولغىنى ئۈچۈن ئەل ئارىسىدا «تۇدىخان تەمبۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

سەلەي چاققاننىڭ خوتۇنى – زەينەپخان دېگەن ئايال بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ ئاتۇش مەھەللىسىدىن. سەلەي چاققان خۇشئاۋاز، چاقچاقچى، ئويۇن - تاماشاغا ھېرىسمەن ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، تۇخان تەمبۇرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان.

سەلەي چاققاننىڭ ئوغلى – مەتتۇردى ئاخۇن دېگەن كىشى

بولۇپ، دادىسى بىلەن بىللە تۇرغان.

سەلەي چاققاننىڭ نەۋرىسى – ئىبلى غوجىكام دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ قىشلىق ئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

سەلەي چاققاننىڭ چەۋرىسى – ھېلىم ئاخۇن (ھېلىم ئاكا دەپمۇ ئاتالغان) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ قىشلىق ئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

سەلەي چاققاننىڭ پەي نەۋرىسى – ئىيسا ئاخۇن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇپال يېزىسىدىكى قىشلىق ئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

سەلەي چاققاننىڭ كۆكۈنەۋرىلىرى – ئۇرايىم ئاخۇن، مامۇت ئاخۇن، ئەمەت ئاخۇن دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇپال يېزىسىنىڭ قىشلىق ئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇلار ئۆز ئۆمرىدە تىجارەت ۋە ئېتىز - ئېرىق دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

سەلەي چاققاننىڭ ئەۋرىلىرى – جۇمە ئىبراھىم (مەن باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىشى) ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىدە ئىشلىگەن.

تۆمۈر ئىبراھىم – 70 ياشلاردا بولۇپ، سەلەي چاققان ياشاپ ئۆتكەن مەھەللىدىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى (2009 - يىلى ۋاپات بولغان).

ئۆمەر ئىبراھىم ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر پېنسىيەدە.

سەلەي چاققاننىڭ يەتتە ئەۋلادى ئىچىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ۋاپات بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ ياشاپ ئۆتكەن مەھەللىگە يېقىنراق بولغان بوۋى رابىيە

بەسىرىم مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. بۇ مازار ئۆپالدىكى خېلى كاتتا مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە خېنىممۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇڭا، بۇ مازار تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئالىمنىڭ ئانىسىنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن بۇۋى رابىيە بەسىرىم مازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاقچاق تۇغۇلغان قىشلاق ئىبرىق مەھەللىسىنىڭ ئىسمى نېمە ئۈچۈن چاقچاقلار مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىغا كەلسەك، تارىختىن بۇيان يەر - جايناملىرىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆپال قەدىمي، تارىخي يۇرت، ئۇ ئادەتتىكى يۇرتلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۆپال قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ بىرنەچچە خانىدانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى، پادىشاھلىق ئارامگاھى بولغانلىقتىن، ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلار، كەنت - مەھەللىلەرنىڭ ناملىرىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەھمۇد كاشغەري ياشىغان «ئازىخ» دېگەنگە ئوخشاش يەر - جايلارنىڭ ئەسلىدىكى ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ باشقىچە ئاتىلىپ كېتىشىمۇ بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق ئىسلام ئۆلىماسى، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن كۆپ قېتىم ئۇنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئەينى ۋاقىتلاردىكى مەسلەكداشلاردىن ھازىرقى ئىجتىھاتلىق يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى، سەمەت دۇگايلى، تەتقىقاتچى ئابدۇرەھىم سابىت، ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى، ئاتاقلىق رەسسام سوپى ئاخۇنلار ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، بۇ مويسىپىت ئالىم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بىلەن سەلەي چاقچاقان ھەققىدە كەڭ دائىرىدە مۇڭداشقانىدۇق. ئۇ بىزگە كۆپ

نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم 1933 - يىلىدىن باشلاپ توققۇزاق مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى ئىدى. توققۇزاقتىكى ھەربىر چوڭ ۋەقە، چوڭ ئىش ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. شۇڭا، جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەردە، توققۇزاقتا ياشاپ ئۆتكەن بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر تەپسىلاتلاردىن ئۇنىڭ كۆپ مەلۇماتى بار ئىدى ۋە ئۆزىمۇ ئەنە شۇ داڭلىق ئادەم، مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرنى پۈتۈپ قويغانىكەن. ئۇ سۆھبەت ئارىلىقىدا سەلەي چاققان توغرىسىدا سۆز بولغىنىدا: «قىزىقچى سەلەي چاققاننى بىلەمسىلەر؟ سەلەي چاققان ئۇپاللىق ئادەم، ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى ‹چاققانلار مەھەللىسى› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەھەللە ھازىرمۇ ئۇپالدا بار. سەلەي چاققان چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە ياشىغان، قالتىس نوچى ئادەم ئىكەن. بۇ دانىشمەن قىزىقچىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سۆزلەپ قالدۇرۇش ئىسىڭلاردا تۇرسۇن» دەپ جېكىلىگەنىدى. ئۇنىڭ نىكاھقا، ئاياللارغا دائىر قىزىق لەتىپىلىرى ۋە «بىر پاي كەشىگە قىرىق خوتۇن» قاتارلىق كۈلكىلىك لەتىپىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەھمۇد كاشغەرىيگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يۇرتى، قەبرىسىنى بېكىتىشتە ئالەمشۇمۇل زور تارىخىي ۋەسىقە - ھۆججەتلەر بىلەن بىزنى تەمىنلىگەن بۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى، قەبرىگاھى توغرىسىدا ئېيتقان گەپ - سۆزلىرى ۋە يىپ ئۇچى - مەلۇماتلار يەنىلا بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولۇپ، تارىخىي ئەمەلىيەت ۋە ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارغا، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىغا ئۇيغۇنىدى. بۇ يەكۈن تارىخ، ۋاقىت، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. سەلەي چاققاننىڭ نەچچە ئەۋلاد ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىز دەۋاتقان قىشلاق ئىبرىق مەھەللىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق زامان، ماكان، مۇھىت سەۋەبىدىن بەزىلىرى

ئۇنتۇلۇپ كەتكەن؛ بەزىلىرى باشقا يۇرت - مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ كېيىنكىلەر سەلەي چاقچاقنى ئۇنتۇپ كەتمىدى. ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ياشىغان بۇ جايلارنى «چاقچاقلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىغانلىقى، بۇ نامنىڭ ئۇدۇم بولۇپ ئۆزلەشكەنلىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ شۇ بويىچە ئاتاشقا ئادەتلىنىپ، ھازىرقى كۈنگە ئۇلاشقانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ تارىخىي پاكىت. بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.

ئومۇمەن، سەلەي چاقچاق ئۇيالدا تۇغۇلغان، ئۇيال دىياردا ياشىغان ئۇيغۇر ئوغلى، بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

## ئىككىنچى باب

# سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرى

سەلەي چاقچاق كىچىكىدىنلا زېرەك، قولى ئەپچىل، مىجەزى ئوچۇق بالا بولۇپ، رەڭگىرويىدىن سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بويى ئېگىز، قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى ئوينىاپ تۇرىدىغان بۇ بالا تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمى مۇھەممەت سالىھ ئىدى، ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئەركىلىتىپ سەلەي دەپ چاقىراتتى. ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ يەنە «گەپچىلەم» (گەپ ئۇستىسى)، موللا (بىلەرمەن)، «چاقچاق» (چەبدەس مەنىسىدە) دېگەندەك لەقەملىرىمۇ بولغان. ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا «چاقچاق» دېگەن سۆز كەڭ ئومۇملىشىپ، سەلەي چاقچاق دەپ ئاتالغان. بۇ لەقەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغان. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى «سەلەي چاقچاق» دەپ ئاتاپ ھۆرمەت قىلىشقان. ئۇنىڭ دادىسى ھالاۋۇدۇن ئاكا قولىدىن ناۋايلىق، موزدۇزلۇق كېلىدىغان ھۈنەرۋەن كىشى بولۇپ، قېرى - چۈرى دېمەي، پۇل بەرسۇن - بەرمىسۇن كىشىلەرنىڭ بەتىنىكە، مەسە، ئۆتۈكلىرىنى ياماپ بېرىپ ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەتتى. ناۋايلىقتا شۇنچىلىك پىشقانىدىكى، ئۇپال تەۋەسىدە ھۈنەردە ئۇنىڭغا يېتىدىغانلار ئاز ئۇچرايتتى. ھالاۋۇدۇن ئاخۇن ئاكا مال تونۇيدىغان ، كۆزى ئۆتكۈر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيى ھەزرىتى موللام يېنىدىكى ئوتلاقتا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ھەر يىلى دېگۈدەك 5 ~ 10 قوي، ئۆچكە باقاتتى. ئۇ زاماندا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى

يوقنىڭ گېپى توك» بولغاچقا، بۇ ئائىلىدە ئۇششاق بالىلار كۆپ، پۇل يوق، ئاش - ئوزۇقنى سېتىۋېلىپ يېيىشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ھالاۋۇدۇن ئاكا مال بېقىش بىلەنلا بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ بېقىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ بىرقانچە قوي، ئۆچكىلەردىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا ناۋايلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇنداق بولغاندا بالىلارنى ئاچ قويماي، ئاغرىتىپ قويماي كۈن ئالغىلى بولاتتى.

سەلەي چاقچاقنىڭ ئانىسى يېزا ئايالى بولۇپ، ئىسلام ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۆي تۇتۇشقا ئېپى بار ئايال ئىدى. ئۇ داۋاملىق ھالاۋۇدۇن ئاكىنىڭ ناۋايلىق ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشەتتى، بىرنەچچە بالىنىڭ ئاش - تامىقىنى تەييارلاپ، كىر - قاتلىرىنى يۇياتتى، كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ھالاۋۇدۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆمۈر بويى بار - يوقنى تەڭ كۆرگەن، خۇشاللىق - خاپىلىقتا بىللە ئۆتكەن ياخشى ھەمراھلاردىن ئىكەن. ئۇ ئوغلى سەلەي چاقچاقنى قەۋەتلا ياخشى كۆرگەنلىكتىن: «مېنىڭ ئوغلۇم چوك بولسا چوقۇم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىكتىن دەرس ئۆتۈپ تەربىيەلەيتتى. سەلەي چاقچاق بىرەر ئىشنى ياخشى ئورۇنلىسا، ماختاپ ئىلھام بېرىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قوياتتى.

سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسى ھالاۋۇدۇن ئاكا ناۋايلىق، موزدۇزلۇقتىن باشقا، باپكارلىقنىمۇ بىلەتتى. راۋاب چېلىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يال تەۋەسىدە خېلى نامى بار ئوغلاقچى ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسى ۋە دەۋىتى ئاساسىدا، سەلەي چاقچاقنىمۇ ۋىجدان - غۇرۇرلۇق، ھەۋەس - ئىشتىياقى كۈچلۈك، جۇشقۇن بالا بولۇپ يېتىلدى. ئۇ قوي بېقىش، كالتەك توپ ئويناش، سۇغا چۆمۈلۈش، توخۇ سوقۇشتۇرۇشقا بەك ئامراق

ئىدى. كىچىك بولۇشىغا قارىماي، مەھەللىدىكى توي - تۆكۈنلەردە چىپىپ يۈرۈپ چەبدەسلىك بىلەن خىزمەت قىلاتتى، ئاش - نان توشۇيتتى، سۇ ئەكىرەتتى، پەگادا تۇرۇپ توي - مەرىكىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرەتتى.

ئۇپال تارىختىن بۇيان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق ئارامگاھى بولۇپ كەلگەچكە، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار كۆپ. ئىلىم - ھېكمەت، ھۈنەرۋەنلىك بىرقەدەر راۋاج تاپقان، مەلۇم دەرىجىدە مەدەنىيەت ئاساسى بار يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. دېھقانلار ھەر يىلى زىرائەت تېرىش ۋە يىغىشتىن كېيىن، پۇت - قولى بوشىغان ۋاقىتلاردا ئوغلاق تارتىشىش ئۆتكۈزەتتى. ئۇپالنىڭ زېمىنى كەڭرى، ھاۋاسى ساپ، ئوت - چۆپلىرى مول بولغىنى ئۈچۈن، ئات باقىدىغان تەبىئىي شارائىت بار ئىدى. دېھقانلار ئەنە شۇ ئوبدان شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئات بەيگىسى (ئوغلاق تارتىشىش)گە ئاتلىرىنى ئوبدان بېقىپ سەمرىتىپ كۈچ توپلايتتى. سەلەي چاقچاق دادىسىغا ئەگىشىپ، ئۇپالنىڭ قايسى كەنتىدە ئوغلاق تارتىشىش ئۆتكۈزۈلگەن بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تاماشا كۆرەتتى. ئۇ كۆپ قېتىم ئىمامىلىرىم، دوغلات، يۇدۇقباشلارغا[1] بارغانلىقى مەلۇم. ئۇ، ئات بەيگىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئۇنىڭ جۇشقۇن، قورقماس مىجەز - خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

سەلەي چاقچاق كىچىكىدىن باشلاپلا مەھەللىدىكى بىر موللامنىڭ قولىدا ھەپتىيەك ئوقۇشنى، خەت تونۇشنى ئۆگەندى. ئۇ تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە «قاپاق كۆيدى» ئويۇنى ئوينايتتى، «بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟ قاپاقتا ياغنى قۇيدۇڭلارمۇ؟» دەپ رامىزان قوشاقلىرىنى توۋلاپ، جىلغىلار ئارا شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ، مەھەللىنى قاينام - تاشقىنلىققا

---

[1] بۇ جايلار ئۇپالدىكى يۇرت ناملىرى.

چوڭمدۇرەتتى. ھەر يىلى قەشقەر شەھىرىدە ھەزرەت سەيلىسى بولغاندا، دادىسىغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىرەتتى. تونەك، ئايەم بولغان كۈنلەردە ئۆز مەھەللىسىدىكى قولۇم - قوشنا، يېتىم - يېسىر باللارنى يىغىپ، ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ، «دومبەرەك» ئوينايتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا بۇ مەھەللىدىكى ئۆسمۈر باللارنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. بەزى باي باللىرى ئۆزىدىن كىچىك باللارنى بوزەك ئەتكەندە قىلچە قورقماي ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، «كىچىك مۇشتۇمزور» لارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. قىزغىن، كۆلكىلىك گەپ - سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سەلەي چاقچاقنىڭ باللىق چاغلىرىدا يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئالايلى، «گىلەمگە ياماقلىق» دېگەن لەتىپىدە سەلەي چاقچاقنىڭ زېرەك، ئەقىللىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنسا، «ئاۋۋال دادامنى» دېگەن يەنە بىر لەتىپىدە سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەقىللىق، گەپدانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان:

سەلەي چاقچاق كىچىك ۋاقتىدا قەشقەردىكى «ئوردا خېنىم» سەيلىسىدە يۈرۈپ، ئادەملەر قايىنمى ئىچىدە دادىسى بىلەن ئانىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۇيان يۈگۈرۈپ، بۇيان يۈگۈرۈپ: «خالايىق، دادام بىلەن ئانام يوقاپ كەتتى. ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار، سۆيۈنچەڭلەر نەخ!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ھەيران بولغان كىشىلەر سوراپتۇ:

– نېمىشقا ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار دەيسەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆيۈنچىگە لايىق پۇلۇڭ بارمۇ؟

كىچىك سەلەي چاقچاق خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

– ئاۋۋال دادام تېپىلسا، ئانامنى تېپىش ئاسان. دادامنىڭ

سۆيۈنچە پۇلىنى ئانامدىن ئېلىپ بېرىمەن.

بۇ بىر كىچىك ۋەقەدە ئۇسمورلۇك دەۋرىدىكى سەلەي چاقچاقنىڭ ئەقىللىق، ھازىر جاۋابلىقى سۈرەتلەنگەن. ئۇ باشقىلار نېمە دېسە «خوپ» دەيدىغان، «بىر نان تاپسا داپ چالىدىغان» بالىلارغا ئوخشىمايتتى. چىداملىق، قەتئىي ئىدىكى، ئىرادىسىز، بوشاڭ بالىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى «يامان كۆزلەردىن خالىي قىلىش» ئۈچۈن، ھەزرىتى موللامدىكى چوڭ مەدرىسەگە ئەكېلىپ بەردى. موللامدىن بالىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوقۇيدىغان ھەپتىيەك كىتاب ئۈچۈن يانچۇقىدىن ئۈچ تەڭگە چىقىرىپ، موللامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ھەمدە ھەر ھەپتىسى «پەيشەنبىلىك»[1] ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن خاتىرجەم ئۆيىگە قايتىشتى.

سەلەي چاقچان مەدرىسەدە پۈتۈن زېھنىنى ساۋاق ئېلىشقا قارىتىپ ئوبدان ئوقۇدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ، مەدرىسە سەينالىرىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. قىرائەتخانىدىكى كىتابلارنى پاكىز سۈرتۈپ رەتلىك تىزاتتى. ئۇستازىغا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يېڭىدىن ساۋات ئالاتتى. ھەممە بالىلاردىن بۇرۇن «مەن ئوقۇپ بېرەي» دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالاتتى. بويىغا ئاسقان تاختىسىغا ھۆسنخەت (ئىنشا) لەر مارجاندەك چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ بۇ يەردىكى مەدرىسەدە بىر مەزگىل ئوقۇپلا، بەزى ئەرەبچە، پارسچە يېزىلغان

[1] بۇرۇنقى دىنىي مەكتەپلەردە ھەر پەيشەنبە كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىغا سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ ئاساسەن پۇل - پوچەك، نان ۋە باشقا نەرسىلەر بولاتتى.

قول يازمىلارنى ئوقۇيالايدىغان، يادلىيالايدىغان سەۋىيەگە يەتتى. ئۇ ھەر كۈنى موللام بەرگەن ساۋاتلارنى بىرىلىپ ئاڭلاپ، ئۇستازىنىڭ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى سىلىشىغا مۇيەسسەر بولاتتى. ئۇستازىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ مەكتەپنىڭ بۇ تەربىيەسى ۋە ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىپ، پۇل، تۇخۇم، نان ياكى بىرەر كاللەك قۇرۇق ئوتۇن، بىرەر سېۋەت ئۆرۈك كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ «پەيشەنبىلىك» سۈپىتىدە بالىسىنى ئوقۇتقان موللا - ئۇستازلارغا تەقدىم قىلاتتى.

سەلەي چاقچاق ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىر تەرەپتىن مەدرىسەدە ئوقۇپ بىلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۈپالدىكى قىرىقبۇلاق، سۆسەر ئاغزى، بوستانتېرەك قاتارلىق سەيلىگاھلارغا بېرىپ، يېزا - قىشلاقلارنى ئايلىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھەر يىلى نورۇز مەزگىلىدە تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە توپىلىق يوللاردا يۈرۈپ، ھەزرىتى موللامغا چىقىپ، بۇ يەرنىڭ گۈزەل ھاۋاسىدىن ھوزۇرلىناتتى. «چەشمەزىلال» بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، دوستلىرى بىلەن بىللە نورۇزنامىلەرنى يېزىپ، ئۇنى تۇمار شەكلىدە قاتلاپ، بۇلاققا تاشلايتتى. ھەر جۈمە كۈنى ھەزرىتى موللام مازىرىدىكى بۇك - باراقسانلىق بۇ مەسچىتكە كىرىپ، قائىدە - يوسۇنلاردىن تەلىم ئالاتتى، بىلىم ئىگىلەيتتى. ھەزرىتى موللامغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەرقايسى تەبىقە، ھەرقايسى يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ قىزىق گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تىل - قابىلىيىتىنى ئاشۇراتتى. مەدداھ - ۋائىزلارنىڭ جەڭنامە، داستان، قىسسە، قەسىدىلەرنى قىزىقىپ ئاڭلاپ، كۆڭۈل دەپتىرىگە بىرمۇبىر خاتىرىلىۋالاتتى. ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى، كۈلكە - ئىدالىرىنى بالىلىق كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، خۇش ئاۋاز دادىسىنىڭ ئوچۇق - يورۇق مىجەز -

خاراكتېرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ خەلق قوشاقلىرىنى ئاڭلاشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئاڭلىغان قوشاقلىرىنى ئاخشىمى چىراغ يورۇقىدا ئانىسىغا يادلاپ بېرىپ، ئۇنى خوش قىلاتتى. ئۇ يالغا تۇتاش بولغان بۇلاقسۇ يېزىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ناۋايلىق قىلغانىدى. سەلەي چاقچاقان كىچىكىدىن باشلاپ، دادىسىغا ئەگىشىپ ياقا - يۇرتلارنى كۆرگەن، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھاياتنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرگە ئاساسەن توقۇلغان «نېنىم بار» ناملىق لەتىپىسى بۇ پىكرىمىزنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ:

سەلەي چاقچاقنىڭ قەشقەردە ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرى ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى بايغا ئىشلەپ، چۈش ۋاقتىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، باي تاشقىرىدىن كىرىپ، ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقان تاۋىقىغا قاراپ دەپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ناننى ئۆز يۇرتۇڭ ئۇيال كۆرۈنگۈدەك بېسىپسەن، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئىشقا قاراپ بولغىنى، ئىلىخو[1] كۆرۈنگۈدەك باسمىغىنىمغا شۈكۈر دېسىلە، باي ئاكا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

ئەمدى پېتىمنى چۈشۈرمەي دەپ ئويلىغان باي گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ:

— ئۇنداق بولسا راۋابىڭنى بىر چېلىپ بەرگىن، ئىلىخودا نېمەڭ بارتى؟

سەلەي چاقچاقان راۋاب بىلەن قوشاق باشلاپ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرۈپتۇ:

---

[1] بۇرۇنقى چاغلاردا غۇلجا «ئىلىخو» دەپ ئاتىلاتتى.

ئىلىخودا[1] ئىلىم بار،
قېرىندىشىم، ئىنىم بار.
قانچە باسسام تاۋاقچا،
يېتىدىغان نىنىم بار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى بىر ئالتۇن ئۆزۈك بولسا، ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان ناخشا - قوشاقلىرى ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئۈستىگە قويۇلغان بىر ياقۇت كۆز. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ پىشقان خەلق قوشاقچىسى بولۇپ تونۇلۇشىدا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇ.

1800 - يىللاردىن كېيىن، قەشقەردە بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇيالدىكى ئاۋام - خەلقنىڭ تىرىكچىلىكى جاپا - مۇشەققەتلىك ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلدى. سەلەي چاقچاق ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ كۆڭلى يورۇپ، كۆزى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ھالاۋۇدۇن ئاكا سەلەي چاقچاقنى داۋاملىق ئوقۇتۇش قارارىغا كەلدى. چۈنكى سەلەي چاقچاقنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان، قەددى - قامەتلىك يىگىت بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئۇلار ئاخىر سەلەي چاقچاق ئانىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى بىر تۇغقان ئاكىسى زىرىپ زەرگەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا بولغان،

[1] ئىلىخو ـ خەلق ئارىسىدا غۇلجا ـ ئىلىخو دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇتماقچى بولدى. كۆز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇلار يىغىم - تېرىم ئىشلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، نان - توقاچ يېقىپ، يوك - تاقلىرىنى تەييارلاپ، يارىيا ھارۋىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كەلدى.

زىرىپ زەرگەر ناھايىتى ياۋاش ئادەم بولۇپ، سەلەي چاقچاقنىغا ئامراق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. سەلەي چاقچاقان تاغىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەس - يادى يېزىدا قالغان بىچارە ئاتا - ئانىسىدا ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزىدىن باشقا ئۈچ ئوغۇلنى بېقىپ چوڭ قىلماق ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ باشقا ھەمساۋاقلىرى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق كەمبەغەلچىلىك ئۇنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇشىغا ناھايىتى كۆپ غەم - قايغۇلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شەھەرگە كېلىپ مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقىنىغا ئۇزاق يىل ئۆتمەستىنلا جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە تولا دەرد تارتقان دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. قورساق تويمايۋاتقان شارائىتتا، كېسەلنى داۋالىتىشقا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسى ئاخىر ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى قايتا ئويلاشمىسا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇل قالغان ئانىسىنى ۋە كىچىك ئۇكىلىرىنى ئۇپالدىن شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. نەتىجىدە، ئائىلىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش راسخوتىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تاغىسىغا يالۋۇرۇپ، دادىسىدىن قالغان قەرزلەرنى ئۆزى ئىشلەپ تۆگىتىدىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىپ، تۇغقانلىرىغا ئېغىرچىلىق چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئېغىر ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشنى ئېيتتى. ئاخشاملىرى

مەدرىسەدىن يانغاندا، ئانىسىغا ياردەملىشىپ ماتاك سېتىپ جېنىنى جان ئەتتى، ئۇ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ، مەيۈس كۆڭلىنى ئۆزىنىڭ خۇشچاقچاقلىرى بىلەن كۆتۈرۈپ، يامان كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. بىراق، بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغاچقا، ئۇ يەنىلا شەھەر ئىچىدە ئىشلەمچىلىك قىلدى، ئاتىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ناۋايلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەھەر ئىچىدىكى قايناق كوچىلارنىڭ بىرى — ئۆستەڭ بويى كوچىسى ئاغزىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، نان يېقىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاكىلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى. سەلەي چاقڤان بۇ مەزگىللەردە 17 ~ 18 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يالغۇز ناۋايلىق ھۈنىرىنىلا ئەمەس، بەلكى راۋاب بىلەن ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاق مىجەزى دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سانى بۇخارا① دەپ ئاتىلاتتى. قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ئىسلامىيەت مەركىزى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كېلىنگەن تاۋار - دۇردۇن، چىنە - قاچا، چاي قاتارلىق ماللار بۇ شەھەرنىڭ سودا - تىجارىتىنى ناھايىتى جانلاندۇرغانىدى. ئۇرۇمچى، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ سەرەڭگە، قاشتېشى، سوپۇن، گىلەم، ئەتلەس توقۇلما بۇيۇملارنى ئەرزان ئەكېلىپ، قىممەت باھادا سېتىپ، يانلىرىنى تومپايتىپ كېتىشەتتى. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت تېخىمۇ قايناق تۈس ئالغانىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا ياشاۋاتاتتى، سەلەي

① سانى بۇخارا — ئىككىنچى بۇخارا دېگەن مەنىدە.

چاقچاقنىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە نامى تېزلا تارقىلىپ كەتتى. ئۇ شەھەردىكى توي - تۆكۈنلەرگە ئېيتىلماي قالمايتتى. چايخانىلارغا بىرىپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ چاسا، يارباغ تەرەپلەرگە كۆپ ئۆتەتتى. قەيەردە ئويۇن - تاماشا بولسا، شۇ يەردە سەلەي چاقچاقنىنىڭ خۇش ئاۋازى ۋە جاراڭلىق راۋابى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاۋام پۇقرالار توي قىلسا ياكى شەھەر مۆتىۋەرلىرى مەشرەپ، باراۋەت ئۆتكۈزسە، سەلەي چاقچاقنىنى تەكلىپ قىلماي قالمايتتى. سەلەي چاقچاقنىمۇ قېرىنداشلارنىڭ توي - مەرىكىلىرىگە قاتنىشىپ، راۋابىنى جاراڭلىتىپ ناخشا ئېيتىپ، لەتىپە - يۇمۇرلارنى سۆزلەپ، قىزىقچىلىق قىلىپ كۆڭلىنى ئالاتتى. توي - تۆكۈنلەردە چۇشكەن «ئۆرۈمە پۇل» كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇنىڭ يانچۇق - ئېتەكلىرىگە توشۇپ قالاتتى. خەلقنىڭ رەھمىتىدىن كەلگەن بۇ پۇل خېلى ئۇزۇنغىچە ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتەتتى. شۇ يىللاردا يازلىق ئورما ئاياغلىشىپ دېھقانلارنىڭ قولى بوشىغاندا «ھەزرەت سەيلىسى» بولاتتى. بۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ سەيلە - تاۋاپ بولۇپ، قەشقەرنىڭ يىراق - يېقىنىدىكى يېزا - قىشلاقلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەر شەھەرنىڭ ھەربىر كوچا - قاسناقلىرىدىن گويا سەلدەك ئېقىپ كېلىپ، قوغاندىكى ھەزرەت كەنتىدە تائەت - ئىبادەت قىلاتتى. ھەتتا ئىلىخو، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن قاتارلىق جايلاردىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىپ، بىرەر ھەپتىلىك ئوزۇق - تۈلۈكىنى تەييارلاپ سەيلىگە ئۇلگۇرۇپ كېلەتتى. سەيلە - ساياھەتچىلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئالماشتۇراتتى. ئويۇن - تاماشا بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ، ھاردۇق چىقىراتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق پائالىيەت قەشقەردىن باشقا ھېچقانداق جايدا بۇنچە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلمەيتتى. ھەزرەت قەبرىستانلىقىدىكى

«شەربەت كۆل» (بۇ كۆل ھازىرمۇ بار) بويىدىكى بىر كىچىك ساماۋەرخانىدا سەلەي چاقچاق يۇرت - يۇرتتىن سەيلىگە كەلگەن كىشىلەرگە قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەتتى. بەزىدە باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ بېرىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى. يەنە بەزىدە جەڭنامە، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ شۇ مەزگىللەردە 25 ياشلاردا بولۇپ، قاپقارا قاشلىرى، شاپ بۇرۇتى بەكمۇ ياراشقانىدى. لەتىپە - چاقچاقلىرىنى، ناخشا - قوشاقلىرىنى بىرەر قېتىم ئاڭلاپ قالغان قىز - چوكانلار ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالاتتى. سەلەي چاقچاقنىمۇ قەلبىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بۇ ئوتنى پەقەت لەتىپە، ناخشا - قوشاقلىرى ئارقىلىقلا پەسلىتەتتى.

ئۆرگەلدى پەلەك،
چۆرگەلدى پەلەك.
يارنى كۆرسەم دەپ،
تىلەيمەن تىلەك.

ئۆرگەلدى پەلەك،
چۆرگەلدى پەلەك.
ئوينايلى بىللە،
چوكان سىېكىلەك.

چالىمەن راۋاب،
يۈرىكىم كاۋاپ.
دۈشمەن كېتەلمەس،
ئارقامدىن ماراپ.[1]

[1] «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى» توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

سەلەي چاقچاقنىڭ قوشاق - لەتىپىلىرىدە ئىنسانىي مۇھەببەت، پەلەكنىڭ خورلىشىغا پىسەنت قىلمايدىغان ئەركىن مۇھەببەت، ۋاپادار سۆيگۈ ئۈچۈن جاننى تەسەددۇق قىلالايدىغان شىجائەتلىك روھ چاقناپ تۇراتتى. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدە بايان قىلىنىغان بۇ ئۆچمەس ئىدىيەلەر، بولۇپمۇ قىز - ئاياللارغا كۆيۈنۈش، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئەركىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، ئۆز جورىسىغا مەڭگۈ سادىق بولۇش، قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاش، قىز - ئاياللىق غۇرۇرىغا داغ چۈشۈرمەسلىك، پەرزەنتلەرنى ۋىجدانلىق، يارامىلىق تەربىيەلەش، «پەرزەنت تەربىيەلەش - پەرز، ئاتا - ئانىدىن خەۋەر ئېلىش قەرز» دېگەنگە ئوخشاش ئىلغار پىكىر ۋە ئىدىيەلەر، شۇنىڭدەك قىز - ئاياللارنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدىغان، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان كونا ئىدىيە، ناچار ئىستىللارنى قامچىلايدىغان ئىدىيەلەر ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئۈچۈنمۇ تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە. ئۇ شەھەر كوچىلىرىدا راۋاب چېلىپ ماڭسا، توپ - توپ ياش يىگىتلەر خۇددى بورانغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۈرۈلدەپ ماڭاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر چايخانىلارغا ئۇنىڭ راۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا كېلەتتى. چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن سالام بېرەتتى. سەلەي چاقچاقنىمۇ كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلار، گۆلەختە يېتىپ - قوپۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، غېرىب - مىسكىنلەر ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان «ھىماتچى» بولۇپ قالغانىدى. گەرچە شەھەردىكى پۇلى، ئىمتىيازى بار بەزى بايۋەچچىلەر بۇ ئىشلاردىن نارازى بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە غۇدۇراپ قويۇشسىمۇ، سەلەي چاقچاقنىغا ئۇچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىقىشقا پېتىنالمايتتى. ئۆزلىرىنىڭ گەپتە يېڭىلىپ قېلىپ، مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. كىچىكىدىن

باشلاپلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتىپ كېلىۋاتقان جەبىر - جاپا، ئازاب - كۈلپەتلىرىنى، ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆسكەن سەيدى چاقچاقان باي - كەمبەغەللىكنىڭ نېمىلىكىنى، شاھ - گادايلىقنى، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇپ، ناھايىتى چوڭ ئادالەتسىزلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئاڭ - سېزىم جەھەتتە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئويغىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. شەھەر مۇھىتى، ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەر زىددىيىتى، دوتەي ۋە يامۇلدىكى ناھەقچىلىك، سوپى- ئىشانلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى ئۇنىڭ ئەقلىي چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆزىنى ئاچتى، ئۇنى ھەر جاي، ھەر ۋاقىتتا كەمبەغەللەرگە يان باسىدىغان، كەمبەغەللەر ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان، باي - غوجىلارنى قامچىلاپ تۇرىدىغان ئىسيانكار قىلىپ چېنىقتۇردى. ئۇ پالدىكى ۋاقىتىدا ئۇ دادىسىدىن ناۋايلىقتىن باشقا تۆمۈرچىلىك، باپكارلىق (خام توقۇش)، ياغاچچىلىققا ئوخشاش كۆپ خىل ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۈنەرلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن شۇغۇللانمىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلارنى «داد» دېگۈزىدىغان «زىخ بىلەن مىخ»قا ئوخشاش رولغا ئىگە بۇ سۆيۈملۈك «قىزىقچىلىق» نى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، بۇ ئىش ئۈچۈن بارىنى ئاتىۋەتكەنىدى.

1830 - يىللاردا تۇرپاندىن زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ بۇ قەدىمكى يۇرتتا ھاكىمبەگ يۇرگۈزۈشكە باشلىغاندا، سەيدى چاقچاقانىڭ يېشى 40 قا ئۇلاشقان بولۇپ، ھەممە جەھەتتە ئۆزىنى خېلى توختاتقان، تەمكىن، ياخشى - يامانىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان كىشىگە ئايلانغانىدى.

زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ قەشقەردە سەيدى چاقچاقان دېگەن

قىزىقچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقىپ قالىدۇ ھەمدە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنى مەھكىمىگە ئالغۇزىدۇ. سەلەي چاققان ھەم تىرىكچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى بېقىش، ھەم يۇقىرى تەبىقىدىكى كاتتىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە، ئوردىغا كىرىدۇ ھەمدە زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ئوردىسىنىڭ قىزىقچىسى ۋە باش ئاشپىزى بولۇپ ئىشلەيدۇ. سەلەي چاققان ئوردا مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن مەزگىللەردە نۇرغۇن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئوردا ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. سەلەي چاققاننىڭ مىجەزى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا تەرەپتىن كۆپ قېتىم ئىنئامغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئالغان مۇكاپات - ئىنئاملىرىنى ئۆزىگە بىر قىسمىنى قالدۇرغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنى ھېيتگاھ ئەتراپىدا نان تىلەپ يۈرگەن سائىللارغا بېرىۋېتىدۇ. بۇلاقبېشىدىن سۇ توشۇيدىغان ئەپكەشچىلەر، ھارۋىكەشلەر، خالۋاپ، سەرراپلار، يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، رەھمىتىنى ئالىدۇ.

سەلەي چاققان ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن 4 ~ 5 يىل ئىچىدە، ئوردىدىكى ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوردىدىكى ناھەقچىلىك، خان - ئامباللارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، ھەشەمخورلۇقى، پىتنە - پاساتچىلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. ئاۋام - پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەرگىز ئوخشىمايدىغان بۇ يەردىكى ئوردا - يامۇل تۇرمۇشى مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ئوچۇق - يورۇق ئىش تۇتىدىغان، مىجەز - خاراكتېرى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن سەلەي چاققان ئۈچۈن باشقىچە بىر غەيرىي تۇرمۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى كەمبەغەل - يوقسۇللار بىلەن ئالاقىلىشەلمەيدىغان، ئاۋام - پۇقرالار دەرد ئېيتىپ كېلىپ كىرىشنى ئويلىسىمۇ، يامۇل دەرۋازىسىنىڭ

بوسۇغىسىغا يېقىن يولىيالمايدىغان، پۇقرالاردىن يىراق تۇرغان بىر كىشىدەك ئويلاپ، ئۆزىنى يەككە - يېگانە، يېتىمچىلىك ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قىلدەك قادىلىپ تۇرىدىغان»، ئىككى يۈزلىمچى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ قىزىقچىلىقلىرىغا تويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىتنە - پاسات توقۇيدۇ، لەتىپە ئاڭلىسا پۇت - قوللىرى سىرقىراپ، بېشى قايمىدىغان بۇ ئەبگار ئەمەلدارلار بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ، سەلەي چاقچاقنى كۆزدىن نېرى قىلىشنى ئويلاپ، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەرنىمۇ پىلانلايدۇ. سەلەي چاقچاق مۇشۇنداق زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئوردىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بېشىغا ئاق كىرىپ، يېشى 50 لەرگە ئۇلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا، ھەتتا پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانىدى. ئۇ «مۇساپىر بولمىغۇچە ئادەم بولماس» دېگەن ئەقىدە بويىچە، يۇرت ئايلىنىش، سەپەر قىلىشنى ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ، ئۇزاق ئۆتمەي مۇشۇ مەقسەت يولىدا ئىزدىنىپ، ئانىسى ۋە بالىچاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاتۇش، يەكەن، كۇچا، تۇرپان، ھەتتا ئىلىغىچە قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، جاھان كېزىپ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئۇ بارغان - تۇرغان يۇرتلاردىكى خەلقنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، يېڭىلىققا تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى ۋە گۈلخاندەك يالقۇنجاپ تۇرغان ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ لەتىپە - قوشاقلىرىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشىدۇ. سەلەي چاقچاق ئۆزى بارغان جايلاردا نۇرغۇن دوست تۇتۇپ، يۇرت سەرخىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ھال - مۇڭ بولدى. كىچىك - كىچىلەپ ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا

قەدەم تەشرىپ قىلدى.

سەلەي چاقچاقان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، كۆچ ـ مادارىدىن قالدى. بۇ يىللاردا يەنە ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ ياقا يۇرتلاردا يۈرگەن مەزگىللەردە ئائىلىسىدىكىلەر شەھەردىن يەنە قايتا ئۇيالغا كۆچۈپ چىققانىدى. سەلەي چاقچاقان ئايالى ۋە بالىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىمۇ شەھەردىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆچ ئېغىز ئۆينى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئۇيالغا قايتىپ كەلدى. بىرقانچە ئون يىل ئەتراپىدا ئۆز يۇرتىدىكى قەدىناس دوست ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتتى. خۇشاللىق ھەم قايغۇدا بىللە بولۇپ، 60 ياشلارغا يېقىنلاشقاندا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئۈچىنچى باب

# سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ـ يىلتىزى چوڭقۇر، تارىخى ئۇزۇن، شەكلى ھەر خىل، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىپادىلەش ۋاستىسى گۈزەل، سىيۇژېت ـ دېتاللىرى قىزىقارلىق ، تىلى يەڭگىل، چۈشىنىشلىك، كىشىگە كۈلكە ئاتا قىلىشتەك ھەجۋىي خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر لەتىپىلىرىدىكى بۇ خۇسۇسىيەت باشقا مىللەت لەتىپىلىرىدىنمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىگە ھوزۇر بېرىپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدىن ئورۇن ئالغان. جۈملىدىن سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئوموملاشقان. ئاممىۋى ئاساسى ئەڭ كۈچلۈك تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سىرى ئېچىلمىغان تىلسىم، قېزىلمىغان ئالتۇن كانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى گويا كۆك ئاسماندا جىلۋە قىلىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر لەتىپىلەر خەزىنىسىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ـ ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسىي غولى، ئاساسىي تۈۋرۈكى، ئاساسىي ئومۇرتقىسى، ئاساسلىق يادروسى بولغان بولسا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئادەم بەدىنىدىكى باشقا مۇھىم ئەزالارغا ئوخشاش لەتىپە ـ يۇمۇر ژانىرىنىڭ يادروسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى غوللۇق ئەزا ھېسابلىنىدۇ. بۇ لەتىپىلەر

تەربىيەۋى - ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىجاد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بىرەر مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى جەڭگىۋار قورالىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ يەكۈنى بولۇپ قالغان.

مەلۇمكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئەت بىلەن بولغان ئېلىشىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا لەتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى نۇرغۇن ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، يۈكسەك غايىلىرىنى، مىللىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇ پارلاق نەمۇنىلەر ئۆز نۆۋىتىدە يازما ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىشتا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتىمىزغا پارلاق سەمەرىلەرنى ئېلىپ كەلگەن يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يېڭى - يېڭى مەزمۇن ۋە جانلىق شەكىللەر بىلەن تولۇقلىدى. سەلەي چاققاندىن ئىبارەت بۇ ھېكمەت ئىگىسىنى ۋە ئۇ ياراتقان مول لەتىپىلەرنى شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتتىن ھەرگىز ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ يىلتىزى ئەنە شۇ دەۋردە ياشىغان ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تومۇرىدا، مۇنبەت تۇپرىقىدا. بۇ لەتىپىلەر شۇ تۇپراقتىن ئۆزىگە ئوزۇق، خەلق بەرگەن سۇ ۋە ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، قايتا - قايتا يوغۇرۇلۇپ ۋە تاۋلىنىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ مول مېۋە بەردى. ئۇزاق تارىخ ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان بۇ لەتىپىلەر خەلقنىڭ ئۇزۇكسىز بېيىتىشى، تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىسىدا بىر بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ،

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز رولىنى يوقاتماي، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغانىكەن، ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇنى تار دائىرىدە «كۈلدۈرۈش ئۈچۈنلا توقۇلغان لەتىپە» دەپلا قارىماسلىق لازىم. ئەگەر مۇشۇنداق قارىلىپ قالىدىكەن، ئۇ ناھايىتى بىر تەرەپلىمە، بىمەنە قاراش بولۇپ قالىدۇ. «باشقىلارنى كۈلدۈرۈش» — سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ بىزگە دەرھال كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تەرىپى. سەلەي چاققاننىڭ ھەربىر لەتىپىسىدە بىر ھېكمەت، بىر ھەقىقەت چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆز - يەكۈنلىرى ھەقىقەتنىڭ ئەينىكى دېيىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب ئەنە شۇ يەردە. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە خەلق دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىپ، ئاۋام خەلققە نىسبەتەن مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ، دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزدى، ئۇلارغا ئارقا تىرەك بولدى. بۇ، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىكى بىز دەرھال كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ ئاساسلىق تەرەپ. بۇ، تېگىمدىن ئېيتقاندا، لەتىپىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى پىكىر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان «ئۇلۇغ ھەقىقەت» دېمەكتۇر. يۈكسەك ئورۇندا تۇرغان سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىكى بۇ خىل تەربىيەۋى قىممەت، ئۆچمەس ھەقىقەتنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە يانداش ھالەتتە، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇپ قىممەت يارىتىۋاتقانلىقتىن ئىبارەت ئەمەلىي پاكىتقا

نەزەر سالماي ئۆتەلمەيمىز.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىن قىزىقچى، دانىشمەنلەرنىڭ تاۋلىنىپ چىقىشى ۋە ياكى كۆپ بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، تىلى، تارىخى، سەنئىتى، فولكلورىنىڭ ناھايىتى يۇكسەلگەنلىكىنىڭ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىز باسارلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنىڭ زور ئالامىتى. شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدىن – مىراسخورلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، فولكلور ساھەسىدە پىر - ئۇستازلارنىڭ بۇنچە كۆپ بولۇشى، ۋەتەنپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراستى، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە كۈلكە - چاقچاقنى خۇشتار، ئوچۇق - يورۇق، يۇمۇرىستىك مىجەز - خاراكتېرىنى شۇنچە نامايان قىلىپ بېرىدۇ. پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، سەپتىن چۇشۇپ قالماي كېلىۋاتقان ئاشۇ ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ ئىجاد قىلغان لەتىپىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ گۈزەل، ئۆتكۈر لەتىپىلەر ئادەمنى ئۇچىيىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك كۈلدۈرۈپ، بەدىئىي زوق بېرىپ، ئەپەندى ئوبرازىنى تېخىمۇ چاقنىتىدۇ. كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ بېيىتىپ، زامانىۋى لەتىپىلەر پەللىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنمەس باغلىغۇچى رىشتە – يىپ بار. ئۇ بولسىمۇ ئەجداد ۋە ئەۋلاد مۇناسىۋىتىدۇر. سەلەي چاقچاقنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئونلىغان، يۈزلىگەن قىزىقچىلار - نەسرىدىن ئەپەندىدىن ھەرگىز نام، ئورۇن تالاشمايدۇ. تۆر تالاشمايدۇ، مەنپەئەت تالاشمايدۇ. بەلكى دۇنيا ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان، نۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭلىق ماركىسىغا ئايلانغان ئەپەندىنىڭ «يىگىت قولدىشى» سۈپىتىدە ئۇنى قولتۇقلاپ ۋە قوغداپ، ئۇچۇر - ئېلېكترون دەۋرىنىڭ رىقابەت سەھنىسىگە، مىللىي غۇرۇرنىڭ ساغلام كامالەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىليونلىغان خەلقنىڭ تىل

سەنئىتى. لەتىپىمۇ خەلقنىڭ تىل سەنئىتىدۇر. لەتىپىلەرنىڭ قىممىتى ۋە تىلى گىرەلەشكەن زەنجىرسىمان مەھسۇلاتلارغا ئوخشايدۇ. لەتىپىلەرنىڭ لەتىپىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرىنچى مۇھىم ئامىل ـ يۈكسەك دەرىجىدىكى ساغلام ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە يۇمۇرىستىك تىلدۇر.

شەھەرلىك باي بىر چوڭ گىلەم توقۇتۇپتۇ. سەلەي چاقچاقنىمۇ شۇنداق گىلەمدىن بىرنى ئالماقچى ئىكەن.

ـ باي ئاكا، بىر گىلەم ئالغۇم بار ئىدى. بىرەرسى بارمىدۇ؟
ـ دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

ـ ياخشى گەپ، ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ، بىزدىلا بار، ـ دەپتۇ باي ئۆزى توقۇتقان گىلەمنى كۆرسىتىپ.

ـ بولىدىكەن، ـ دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

ـ ھەي سەلەي ئاخۇن، بۇنچىۋالا چوڭ گىلەمنى نەگە سالارسىز؟ ـ دەپتۇ باي مەسخىرە قىلىپ.

ـ كۆلۈڭگە سېلىپ قوياي دېگەنىدىم، ـ دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

ـ بۇنچىۋالا چوڭ گىلەم كۆلۈڭگە پاتسا، ئۆيىڭىز قانچىلىك باردۇر؟ ـ دەپتۇ باي.

ـ قانچىلىك بولاتتى؟ ـ دەپتۇ سەلەي چاقچاق بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ، ـ ئۆيۈمنىڭ پەگاسىدا ۋارقىرىسا تۆرگە ئاڭلانمايدۇ.

«گىلەم سودىسى» ناملىق بۇ لەتىپىدىكى سەنئەتلىك تىلنىڭ نەقەدەر جەزبىدارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دېمەيلا قويايلى. قولى قىسقا، ئاق كۆڭۈل، كەمبەغەل پۇقرالارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ ھاكاۋۇر باينى سەلەي چاقچاق تىل شەمشىرى ئارقىلىق شۇنداق بابلىغانكى، باي ئاخىرىدا دېگەن گېپىگە

يۇزمىنىڭ پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ لەتىپىدە سەلەي چاقچاقنىڭ تىلىنىڭ ھەقىقەتەن «شەمشەر تىل»،«خەنجەر تىل» ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا تۇرىدۇ. ، سەلەي چاقچاقنىڭ «ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن» ناملىق لەتىپىسى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

تازا تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەلەي چاقچاق ئىشىكىگە مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. يېرىم يولدا شەھەرقازىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ ئىشەكتىن چۈشۈپ قازىغا سالام قىپتۇ. لېكىن، ئىشەك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ زادىلا جىم تۇرماپتۇ.

— ھە، سەلەي ئاخۇن، ئىشىكىڭىز نېمانچە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىدۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— تەقسىر، ئىشەكتە گۇناھ يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۈگۈن بەك دىمىق بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ، ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ يەلپۈۋاتىدۇ.

بۇ نېمىدېگەن جانلىق، نېمىدېگەن كومېدىيەلىك قىزىق لەتىپە. خۇددى ئەجدادلار كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۆتكۈر سۆز — ئاتقان ئوقيادۇر». بۇ لەتىپىدە سەلەي چاقچاق قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ زادى جىم تۇرمىغان ئىشەكنىڭ ھەرىكىتىنى بىر روھانىي، مۇتەئەسسىپ قازىغا دەللەپ، تىل ئوقى ئارقىلىق «ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ يەلپۈۋاتىدۇ» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئاچ كۆز قازىنى ناھايىتى ياخشى بابلاپ ئەدىپىنى بەرگەن. دېمەك، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئۇيغۇر لەتىپىلىرى جانلىق ۋە كومېدىيەلىك، يۇمۇرىستىك ھەجۋىي تىل ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۆزىگە خاس مەپتۇن قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل تىل ئالاھىدىلىكى سەلەي چاقچاق

لەتىپىلىرىدە قويۇق تۈس ئالغان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى لەتىپىلىرى ياكى ھازىرقى ۋاقىتتا باشقىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەربىر لەتىپىسى تىل ئۆتكىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى ناھايىتى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## تۆتىنچى باب

# سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى توغرىسىدا

سەلەي چاقچاقنىڭ نامرات - يوقسۇل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى، ھاياتىدا ئۇرغۇن ئاچچىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىدەك سەرگۈزەشت - قىسمەتلىرى ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى زالىم - ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرىدىغان، ئەمگەكچى خەلققە مۇھەببەت باغلايدىغان، يېتىم - يېسىر، يوقسۇل ۋە مىسكىنلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان توغرا دۇنيا قاراش تىكلىشىگە تۈرتكە بولغان.

يۇقىرىقى بابلاردا بىز سەلەي چاقچاق ياشىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي توختالغانىدۇق. ئۇ دەۋر ھەقىقەتەن قەشقەردە زوھۇردىن ھېكىمبەگ، بەدۆلەت (ياقۇپبەگ، قوش بېگى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقى بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىم - بەگلەر، خان - تۆرە، سوپى - ئىشان، باي - غوجاملارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئالۋان - ياساق، زۇلۇم - ستەملىرى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئۇلارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا خارلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىللىي كەمسىتىش، مىللىي قىرغىنچىلىق، مىللىي زىتلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانىدى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ئەينى يىللاردا سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسى تۈپەيلىدىن ياشاش، تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىدىن

مەھرۇم بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. «ئادەمنى ئادەم يەيدىغان» ئاشۇ مۇدھىش جەمئىيەتنىڭ قانلىق زىددىيەتلىرىگە دۇچ كەلگەن سەلەي چاقىقان ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەيدىنپەي پەرق ئېتىپ، ھامان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاددىي پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ غۇسسىسىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەمكىن، سۇنۇق قەلبىنى كۆتۈرۈشكە، مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتكە شىپا بولىدىغان قىممەتلىك دورا بولۇشقا تىرىشقان. ئۇ، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ، ئامبال ـ دارىنلارنىڭ بىگۇناھ قېرىنداشلىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن بوزەك قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، چەكسىز قەھرى ـ غەزەپكە كېلىپ، تىل قورالى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقان. قىسقىسى، ئۇ «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا»، «يول بىلگەن ئامبالدىن قورقماس» دېگەن ئىسيانكار روھىنى قىبلىنامە قىلىپ ياشىغان. شۇڭا ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە ھەق ـ ناھەق قارىشى ناھايىتى ئوچۇق. بۇ لەتىپىلەر ئۇنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىنىڭ كەسكىن، ئېنىق ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىزى بارلىقىنى، ئۇ كۆتۈرگەن بايراق ھەرگىز ئۇنىڭ شەخس رەڭلىك بايرىقى بولماستىن، بەلكى ئەجدادلار قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ، كۆتۈرۈپ ماڭغان ھەق ـ ئادالەتنىڭ يېڭىلمەس بايرىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالدى بىلەن ئۆزى تۇغۇلغان زېمىننى، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن دىيارنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز: «ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا، گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا» دېگەنىدى. بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك سەلەي چاقىقان ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ،

نەگە بارسۇن، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل يىمىرىلمەس روھىي كۈچ سۈپىتىدە بىللە بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت، مەنىۋى جەڭگىۋارلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى سۆيگەن يۇرتى، ئۆز مەھەللىسى، ئۆز قېرىندىشى، ئۆز ماكانى قاتارلىقلارنى ئۆزگە ئەل، ئۆزگە مىللەت، ئۆزگە كىشىلەرگە ھەرگىز تەڭ قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىممەت قارىشى ھەرگىز تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالغان ئەمەس. شۇنى كەسكىن ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قىسىم لەتىپىلىرى دەۋر ئۇنىڭ يەلكىسىگە يۈكلىگەن تارىخىي ئامانەتتۇر. بۇ لەتىپىلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ روھىي ئالىمىدە بىر خىل ئىشەنچ ۋە ئۈمىد، بىر خىل باھاسىز قىممەت قارىشى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ «قارىغاي لىڭگىلچاققا يارىغاي ياكى يارىمىغاي» دېگەن لەتىپىسىدىن: ئەينى يىللاردا ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭغا «ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش»، «ساياھەت» نامى بىلەن كېلىپ، مەدەنىيەت تالان - تاراجلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىسمەن ئەجنەبىيلەر قامچىلانغان. بۇ لەتىپە كۆرۈنۈشتە دىيالوگ ئارقىلىق دۆلىتى، مىللىتى، كىيىم - كېچىكى، رەڭگىروي، دىنىي ئېتىقادى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويغان بىر ھاكاۋۇر ئەجنەبىينىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك دەككىسىنى بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك مىللىي غۇرۇرىنى نامايان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك مېلودىيەسىنى ياڭراتقان. دېمەك، بۇ لەتىپە ماھىيەت جەھەتتىن سەلەي چاققاندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ ئالىيجاناب، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى چاقناتقان.

سەلەي چاقچاقنىڭ مۇشۇ خىل خاراكتېرىدىكى لەتىپىلىرى خېلى بار، بۇ لەتىپىلەر قەشقەر خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشتىكى جۇرئىتىگە، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ يات ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنمايدىغان، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىشەنچ قىلالايدىغان پىسخىك مىجەزىنى ئېچىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى لەپىلدەتكەن.

ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر لەتىپىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. «خان ھۇزۇرىدا» ناملىق بۇ لەتىپە سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئارىسىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ بىرى.

خان بىر سورۇندا:

— مانا مېنىڭ زامانىمدا، قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلايدىغان بولدى، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— راست ئېيتىدىلا تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ھەزرەتلىرىنىڭ زامانىدا تورغاي ئۇۋلاشقا پەقەت قوينىڭ دۇمبىسىلا قالدى.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ بىر مەيدان سۆز جېڭى. ئاتاقلىق ئالىم كايىف: «تىل — چاقماق تاش، سۆز — ئۇچقۇن، ھەي، سۆزلەۋاتقان ئىنسان. ئېھتىيات قىلمىساڭ، ئوت يالقۇنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دېگەنىدى. بۇ خىل جەڭگىۋار لەتىپىلەر ئالىمنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر سۆز ئۇستىسى سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدىكى تىلنىڭ چاقماق تاشقا ئوخشايدىغان بۈيۈك قۇدرىتىنى، قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېمەك قىممەتنىڭ ئۆزى نەرخ، قىممەتنىڭ ئۆزى باھا.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە بىر خىل سىمۋول ۋە كۈچلۈك ئوخشىتىش بار. ئۇ بولسىمۇ زالىم ئەمەلدار، ئاچ كۆز سودىگەر، جازانىخور، پاششاپ، يالغان تېۋىپ، باجگىرلارنى ئېشەككە، چوشقىغا، مېكىيانغا، ئالۋاستىغا، يالماۋۇزلارغا، دوزاخنىڭ ئوتىغا ئوخشىتىپ دۇمبالاش. بۇ خىل سىمۋول ۋە ئوخشىتىش لەتىپىدىكى ئوبرازلارنىڭ چىنلىقى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ ھەم سەلەي چاققاننىڭ خەلققە قانچىلىك يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ تارىخي كۆرۈنۈشلەر ھازىرقى ۋاقىتتا ئاغزىدا «خەلقنىڭ چاكىرى»، ئەمەلىيەتتە «خەلقنىڭ شىلىلىسىگە مىنىۋالغان يۇرت زومىگەرلىرى» بولۇپ قالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىنساپسىزلارغا سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان، ئەلۋەتتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدا خەلقپەرۋەرلىك بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن. خەلقچىللىق خاراكتېرىدىكى لەتىپىلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگەن يۇقىرى باھالىق لەتىپىلەردۇر. ئاتاقلىق يازغۇچى ۋالتىر H. كوتىنگھام: «قىممەتتىن ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنچتىن قىزغىنلىق تۇغۇلىدۇ. قىزغىنلىق ـ دۇنيانى باش ئەگدۈرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. سەلەي چاققاندىن ئىبارەت بۇ دانىشمەننىڭ ھەربىر لەتىپىسىدىكى قىممەت ئۇنىڭ زامان ۋە تەرەققىيات، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىدىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ خىل پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئارزۇ ۋە كۈچلۈك ئىشەنچ كىشىلەردە ئۇنىڭغا بولغان بىر خىل چەكسىز قىزغىنلىقنى، سۆيۈنۈشنى، ئەقىدىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ خىل سەممىي، ئوتتەك قىزغىنلىق ھەرقانداق زالىم، ئاچ كۆز، نادان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى تونۇۋېلىپ، ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ، ھوقۇقتا باراۋەر يېڭى دۇنيا يارىتىشقا يېتەكلىگەن.

خەلقچىلىق بىلەن سۇغىرىلغان لەتىپىلەردىكى بۇنداق تەڭداشسىز شىجائەت ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قىلىنغان سەپەرۋەرنامىدۇر.

سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرى چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان چىرىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەر، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان سىنىپىي زىددىيەت، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇئامىلىسىدىكى ئەڭ ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە بولغان دائىرە، مەزمۇننى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەندىن قورقىدۇ»، «ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ»، «ئېشەك بەگ»، «ھىدىنى پۇرىغان بولسا كېرەك»، «ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا»، «ئىتنى دۇمبالاش»قا ئوخشاش كونا ـ يېڭى لەتىپىلىرى ئاچچىق ھەجۋىي، چوڭقۇر مەسخىرە، ئۆتكۈر كۈلكە ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەبىقە ـ قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنۇپ كەلگەن بۇ ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەرگە، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئوخشىمايدىغان پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىگە لىللا باھا بېرىدۇ. شۇڭا، ئەمگەكچى خەلق بۇ لەتىپىلەرگە ئامراق، ھەرقانداق كىشى تەكرار ئاڭلاپ ھوزۇر ئېلىشنى ئويلايدۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى گۇماشتىلىرىنى پاش قىلىپ، چىرايلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، تەنقىد مۇنبىرىگە سۆرەپ چىقىپ، ھەجۋىي قامچا ئارقىلىق ساۋىداپ تەربىيەلەيدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ، ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى،

ئوتلۇق غايىلىرى، گۈزەل ھېسسىياتلىرى سەلەي چاقچاقلەتىپىلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە بۇرۇنقى پادىشاھ - ۋەزىرلەر، زالىم ئەمەلدارلار، باي - ئاقسۆڭەكلەر، مۇتەئەسسىپ سوپى - ئىشان، خان - تۆرىلەرنىڭ چىرىكلىكى، ئادالەتسىزلىكى، ياۋۇزلۇقى، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتى خەلقئالەم ئالدىدا چۇۋۇپ تاشلانغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ تىرىكتاپ، پارازىتلارغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئېڭى مەدھىيەلەنگەن. شۇڭا، بۇ لەتىپىلەر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا، مەھەللىدىن - مەھەللىگە، يۇرتتىن - يۇرتقا، مىللەتتىن - مىللەتكە تارقىلىپ، كۈنسېرى بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان شەكىلسىز ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئەجدادلىرىمىز: «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكۈرەر، يامغۇر بىلەن يەر» دېگەنىدى. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدە يەنە ئەمگەكنى، ئەمگەكچىلەرنى قەدىرلەش، ھالال ۋە ھارامنى ئايرىش، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھايات قارىشى ئاجايىپ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمگەكنى ياخشى كۆرۈش، ئۆز بەختىنى ئەمگەكتىن تېپىش، ھورۇن - قاشاڭ بولماسلىق، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاش ھەم خالىسانە ئەمگەك قىلىش، ھەم ئەمگەك ئارقىلىق قىممەت يارىتىش ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيەلەش خاراكتېرىدىكى لەتىپىلىرىنىڭ جېنىدۇر. بۇ لەتىپىلەردە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىدىن، قەيەردە تۇغۇلۇپ قەيەردە ياشىشىدىن، يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلاردا ئىشلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمگەك قىلىپ، چوقۇم تەڭرى بەخش ئەتكەن جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ۋە ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت نۇرلۇق ئىدىيە

جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

«سىلىگە قالسۇن» دېگەن لەتىپىدە پەقەت ئىككىلا روھ بار، بىرى، تەندۇرۇس ئادەملەر چوقۇم ئەمگەك قىلىپ ھالال ياشاش كېرەك، بولمىسا تەگرىمۇ نارازى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، تاماخور بولماسلىق، ئۆزىنى خارلىماسلىق كېرەك. بۇنداق ئۇلۇغۋار روھ ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ھايات كەچۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، شۇ ئارقىلىق مىللەتنى، يۇرتنى، ئۆزىنى روناق تاپقۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

«مېنىڭ پۇلۇم ھالال» دېگەن لەتىپىدە: «ھەرقانداق ئادەم ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىشى، ھەرگىز ھارامغا ئۆزىنى ئۇرماسلىق لازىم» دېگەن بىر ئۇلۇغۋار قاراش بار. ئەمگەك ــ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى، ئادەمنىڭ ئېرىشكەن بەخت ــ سائادىتى ۋە راھەتلىك، باي، ئازادە تۇرمۇشىنىڭ كېلىش مەنبەسى. كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىمۇ، شان ــ شەرىپىمۇ، يۈز ــ ئابرۇيىمۇ ئەمگەكتىن كېلىدۇ. قايسى مىللەتتە، قايسى جەمئىيەتتە، قايسى مۇھىت، شارائىتتا، كىشىلەر ئەمگەككە ئامراق بولسا، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيسە، شۇ دەۋر، شۇ مىللەت، شۇ ئادەم روناق تاپىدۇ.

سەلەي چاققانىنىڭ ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەرنى قەدىرلەش، ئەمگەك ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بىر روھ جىلۋىلىنىپ تۇرغان لەتىپىلىرىدە «دېھقان ئۇلۇغ» دەيدىغان بىر ياڭراق سادا ھەمىشە قۇلىقىمىزنىڭ تۈۋىدە جاراڭلايدۇ. بۇنداق بولۇشى ــ ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دېھقانلار ئارىسىدا ياشاپ، دېھقان بولۇشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەم تەسلىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكىدە. شۇڭا، ئۇ مەيلى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ياكى ياقۇپبەگ ھۇزۇرىدا ئىشلىگەن كۈنلەردە بولسۇن، ياكى باي ــ پومېشچىك، خوجا ــ

تۆرىلەرنىڭ ئۆيىدە مەدىكار بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا بولسۇن، ياكى ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇپ، دوم يېتىپ، دوم قوپۇپ، ئاشخانا، ناۋايخانىلاردا ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، دېھقانلارنى بىرەر كۈنمۇ، بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىنى يوق. ئۇ: «دېھقان دۇنيادىكى بارلىق نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلىغۇچى ئۇلۇغ ئادەملەر» دەپ قارايدۇ. ئۇ نۇرغۇن لەتىپىلىرىدە دېھقاننى ئۇلۇغلايدۇ. دېھقاننى پەس كۆرىدىغان، زاڭلىق قىلىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى بەگ-تۆرىلەرنى پەم بىلەن بابلاپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەتكارى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدە يۇقىرىقى مۇھىم نۇقتىلاردىن باشقا، يەنە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان لەتىپىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىل لەتىپىلەر ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرۇشنى بايراق قىلغان لەتىپىلەردىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ لەتىپىلەر خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كاتېگورىيەسىگە ياتىدۇ. خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ لەتىپىلەر كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن نۇقسان، ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىشنى، ساۋاشنى مەركەز قىلغان. بۇ خىل لەتىپىلەر مەزمۇنىدىن ئالغاندا، خەلق ئارىسىدىكى ناھەقچىلىك، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، كۆپ نىكاھلىق بولۇش، كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، ساختىپەزلىك، نادانلىق، پارىخورلۇق، خۇراپاتلىق قاتارلىق يارىماس قىلمىشلارنى سۆكۈپ ۋە مەسخىرە قىلىپ، كىشىلەرنى بۇنداق ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە دەۋەت قىلىدۇ، مەنىۋىيەت جەھەتتىن تەربىيەلەيدۇ. پەند-نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان بۇ لەتىپىلەر يوللۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە تەنبىھ، مەسلىھەت بېرىپ،

كىشىلەرنى مېڭە ئىشلىتىپ ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇشقا، نادانلىق، ئەخمەقلىق، قارامىلىقتىن قۇتۇلۇشقا، ئىلمىي ئىش كۆرۈشكە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىشقا، زىناخورلۇق قىلماسلىققا، يۈلىنىۋالماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەرقانداق ئورۇندا، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، «يەتتە ئويلاپ بىر كېسىش» كە، ئېھتىياتچان، كەمتەر، سالماق بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇنداق ئەڭ كىچىك، ئەڭ نازۇك، ئەڭ سەزگۈر تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ، ياخشىلارغا ياخشىچە، يامانلارغا يامانچە، چوڭلارغا چوڭچە، كىچىكلەرگە كىچىكچە ھازىر جاۋاب بولۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل لەتىپىلەر ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام، پەزىلەت جەھەتتىن ئېسىل بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس، قىزىقچىلىقنى گەۋدە قىلغان خېلى بىر قىسىم لەتىپىلەر بار. بۇ خىل لەتىپىلەر خۇشچاقچاق، مېھماندوست ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماس كېلىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەيدىغان ئۈمىدۋارلىق روھىي ئالىمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ خىل خاراكتېردىكى لەتىپىلەر ئاڭلىغان كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئېچىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقتىكى ئىش ـ ئەمگەكتىن، خىزمەتتىن، شىركەتتىن، سودا ـ تىجارەتتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندىكى روھىي ھارغىنلىقى ۋە زېرىكىش تۇيغۇسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ۋۇجۇدىنى شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلدۈرىدۇ. بۇ خىل لەتىپىلەرگە ئىجتىمائىي، سىنىپىي مەزمۇن يۈكلەنمىگەن، جەمئىيەتتىكى چوڭ زىددىيەت، چوڭ ھادىسىلەر بىلەن باغلانمىغان، پەقەت

كەيپىياتنى تەڭشەش، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان. بۇ خىل لەتىپىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىردەم بولسىمۇ كۆڭۈل ئېچىشنى، قىزىقچىلىقنى ئاساسىي مېلودىيە قىلغان سەنئەت، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرى ئىچىدىكى كۆڭۈل ئېچىشنى مەزمۇن قىلغان لەتىپىلەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمى سەلەي چاقچاقنىڭ نىكاھ، توي، چىراي، ئاتا - بالا، ئائىلە، مېھماندارچىلىق، قولۇم - قوشنا، قۇدىلار مۇناسىۋىتىگە چېتىلغان. چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بۇ لەتىپىلەردە سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزى، خوتۇنى، ئوغلى، قىزى ياكى سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسى، ئانىسى، بوۋىسى، مومىسى، تاغا، ھاممىلىرى ۋە ياكى سەلەي چاقچاقنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى، لايىقلىرى بار، نۇرغۇن مۇھەببەتلەشكەن ئوبيېكتلىرى بار. لەتىپە ۋەقەلىكىگە دېتال بولغان بۇ مۇرەككەپ ئادەملەر مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان. بۇ لەتىپىلەر ھەرگىز مۇناسىۋەتسىز، زۆرۈرىيىتى يوق ئادەملەرنى لەتىپىگە سۆرەپ كىرمەيدۇ. لەتىپە ۋەقەلىكى ھامان سەلەي چاقچاقنى مەركەز قىلىپ داۋاملىشىدۇ. سەلەي چاقچاق لەتىپىنىڭ مېغىزى، سەلەي چاقچاق بولمىسا سىيۇژېت، مەزمۇن، كۈلمىناتسىيە نۇقتىسى ۋە يەكۈن قانداقتۇر ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىدۇ. لەتىپىلەردە سەلەي چاقچاق خوتۇنى بىلەن مۇڭدىشىدۇ ياكى قىز - ئوغۇل، كۈيئوغۇل، كېلىنلىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ، سوئال قويىدۇ، جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار سەلەي چاقچاقنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىدۇ، گەپ - سۆزدە ماسلىشىدۇ، ئۆزئارا پاس چىقىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىرەر مەسىلە، بىرەر زىددىيەت، بىرەر نۇقتىنى شەرھلەپ، كىشىلەر ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان ياكى ئادەمنىڭ دەماللىققا يادىغا كەلمەيدىغان بىرەر ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن؛ ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەر قەدىرلەنگەن؛ ناچار ئىللەتلەر قامچىلانغان، سەلەي چاققاننىڭ قىزىقچىلىق بىلەن تويۇنغان لەتىپىلىرىگە ياندىش ھالدا، يەنە پەلسەپىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ئىلىم - مەرىپەت، ئادىمىي تەربىيەسى خاراكتېرىنى ئالغان لەتىپىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىلىم - پەن روھىنى تەرغىب قىلىپ، نادانلىقنى قامچىلاش ــ ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە قويۇق تۈس ئالغان. سەلەي چاققاننىڭ خېلى زور تۈركۈم لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشى، جەمئىيەتنى يېڭىلاش، ئاقارتىش، ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرىدىن ئالغان سانسىز ئەمەلىي تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئىلمىي، تۈسى قويۇق بولغان، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تويۇنغان بۇ ھېكمەتلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيىتىگە، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل لەتىپىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئون ئىككى مۇقام، كارىز، مەشرەپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى ياراتقان، شىنجاڭدىن ئىبارەت گۆھەر زېمىنىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرغان ۋە بۇ ئاساسنى قۇرۇشقا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل لەتىپىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان دۇنيانى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئىلىم - پەننىڭ يۈنىلىشىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل

ئىلغارلىق بۈگۈنكى زاماندىكى بەزى مىللەتلەردە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇۋاتقان نادانلىق، زامانىۋى خۇراپاتلىق قاتارلىقلارغا نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر. سەلەي چاققاننىڭ لەتىپىلىرى يالغۇز سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىيەت نۇقتىلىرىدىن چىقىپلا قالماستىن، بەلكى تېبابەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئېكولوگىيە، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ھاۋا رايى، توي - نىكاھ، تىل - يېزىق، كالېندار قاتارلىق ساھەلەرگىچە چېتىلغان. ئىچكىرىلەپ قارىساق، ھەممە ساھە، ھەممە كەسىپتىن ئەكس ئېتىلگەن لەتىپىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

«كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەن لەتىپىدە، ھەرقانداق بىر كىشى ساغلام تەن، ياخشى روھىي كەيپىياتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىگە دىققەت قىلىش لازىملىقى، قالايمىقان نەرسە يەپ، ساغلام ئەزالارنى بۇزماسلىق تەكىتلەنگەن، ئاشۇنداق قىلغاندىلا كېسەلدىن خالىي بولغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر تېببىي قائىدە سۆزلەنگەن. ئەجدادلارنىڭ «كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى يىغ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت يورۇتۇپ بېرىلگەن.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئىچىدىكى «تەلەي»، «ھارام بىلەن ھالال»، «دۇئا»، «يەر شارى»،«دوزاخ نەدە؟»، «ئىشان»، «غاز شورپىسى» قاتارلىق لەتىپىلەر شۈبھىسىزكى، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشكە دائىر ئىلغار مەزمۇنلار بىلەن تويۇنغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئىچىدە «بىر پاي كەشكە 40 خوتۇن»، «دەڭنى چاقىمەن»، «ئەينەك» دېگەنگە ئوخشاش بەزى لەتىپىلەر ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ خىل لەتىپىلەر سەلەي چاققان ئوبرازىغا قىلچىمۇ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەقىللىق ۋە دانالىقلار

ئەمەس، بەلكى نادانلىق، ساددا، گوللۇقمۇ كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگىتىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ، كىشىلەرنى پەم - پاراسەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ «جوزىغىلا راسلاپ بېرىك»، «بۆشۈكتىكىلەرمۇ كېلىپ بولسۇن»، «قوزۇق» قاتارلىق لەتىپىلىرى ئەنە شۇنداق ئوخشىمىغان مۇددىئا، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ نادانلىقنى ئەقىللىق، زېرەكلىككە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى سەزگۈر، چېچەن، پەملىك بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

سەلەي چاقچاقنىڭ يېڭى لەتىپىلىرى كونا لەتىپىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا پەيدا بولۇۋاتىدۇ. سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىدىكى بۇ يېڭى بۇرۇلۇش ۋە يېڭى زامانىۋى مەزمۇنلار كەڭ خەلقىمىزنىڭ مۇقىملىق، تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ئىچىدە ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، كىشىلەرنى تىنچ، مۇقىملىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا، مۇقىملىقنى، ئىناقلىقنى ئەلا بىلىپ، دۆلەتنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا دالالەت قىلىدۇ. بۇ، بۈگۈنكى كۈندىكى سەلەي چاقچاقنىڭ نامىغا توقۇلغان زامانىۋى لەتىپىلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئالاھىدىلىكى. بۇ يېڭى، زامانىۋى لەتىپىلەر تېماتىك مەزمۇن، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس زامان، ماكان، مۇھىت شارائىتىغا ئىگە بولغاچقا، يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇرۇنقى لەتىپىلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولغان سەلەي چاقچان ئوبرازى مانا شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا كونا ئەسىرنى ئۇزىتىپ، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويدى. سەلەي چاقچان مۇشۇ ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېكمەت چىرىغى. ئۇ ئاجىز، دەردمەن پۇقرالارغا كۆيۈنۈش، ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلىپ

كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، نامرات خەلقنى ئۆزىنىڭ مېھرىبان، ئىللىق چىرايى بىلەن خۇش قىلىش، بارلىق ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق جامائەتنى قانات ئاستىغا ئېلىپ زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ، ئىناق دۇنيا، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتەك بۈيۈك مۇددىئانى ئۆزىگە مىزان قىلىپ، تاپان يالاپ جان باقىدىغان رەزىل كىشىلەرنى قامچىلاپ، خەلقىمىزنى مەڭگۈ بەختكە، گۈزەل غايىگە يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

## بەشىنچى باب

# سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراقچا ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى، تۇزۇلۇشىنىڭ ئىخچام، ئىبىتمىشقا ۋە ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان بولۇشى، بولۇپمۇ كۈلكىلىك بولۇشى، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا زېمىن ھازىرلىغان. ئۇ ھەم كەڭ ئاۋام - خەلقنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىنىڭ تىغ ئۇچى ئۆتكۈر بولۇپ، گوياكى ياخشى بىلىگەن پىچاقنىڭ بىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ لەتىپىلەر سانجىلغان ھامان بۇرما مىختەك يېرىپ كىرەلەيدۇ. كىشىلەر ئاڭلىغان ھامان لەتىپىنىڭ قىزىقارلىقلىقىدىن كۈلكىدىن توختىمايدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە سىرتقى كۆرۈنۈش تەسۋىرى، زورۇرىيىتى بولمىغان بايان، چۈشەندۈرۈش، ئورۇنسىز قىستۇرۇلغان سۆز - ئىبارىلەر يوق. بۇنداق ئەيىب - نۇقسانلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئۆزى دەل ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ھەقىقىي لەتىپە بولالىشىدىكى تۈپ ئامىللارنىڭ بىرى. ئەجدادلار «گەپنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى»، «گەپنى قىسقا قىل، كۆسەينى ئۇزۇن»، «گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تۈۋىدە ‹خەپ! بار›» دېگەنىدى. سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرى باشتىن - ئاخىر ئەنە شۇ ھېكمەتلەرنىڭ روھىنى ئۆزىگە خېمىرتۇرۇچ قىلغان. بۇ خىل ھەجۋىي ۋە كۈلكە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا تېگىشلىك رول ئويناۋاتقان ساتىرا ۋە يۇمۇر تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا

نىسبەتەن ئاكتىپ رول ئوينىغان. لەتىپىلەر مۇنبىرىنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىنى زامانىمىزغا لايىقلاشقان يۇمۇرلار ژانىرىغا ئايلاندۇرۇپ، قىسقا، مىغىزلىق ھالىتى بىلەن خەلق قەلبىگە ئۆزۈكسىز سىڭىپ كىرىپ، شاخنىڭ ئۇچىدا قىزىرىپ تۇرغان ئالمىدەك شېرىن مېۋە بەرگۈزگەن. مۇشۇلارغا زوق بىلەن نەزەر سالغاندا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ يۇمۇرلار بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، ئاكا - سىڭىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇلار ھەقىقەتەن قانداش بىر تۇغقانلاردۇر، ئەلۋەتتە.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

### 1. قىسقا ۋە پۇختا

قىسقا ۋە پۇختا بولۇش ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئۆلچەم. قىسقا بولغىنىدا مەقسەت - مۇددىئا ئوچۇق بولىدۇ، ۋاقىت تېجىلىدۇ، مەزمۇنلۇق، تەملىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزى لەتىپىلىرى بىرقانچە قۇر ياكى ئون نەچچە خەت كېلىدۇ. لېكىن، شۇنداق قىسقا بولۇشىغا قارىماي ئىدىيەۋى مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر، پېرسوناژلار خاراكتېرى روشەن، ھەجۋىنىڭ تىغ ئۇچى ئۆتكۈر بولۇپ، خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

بىر كىشى سەلەي چاقچاقتىن:

— ئاخشام ئاغزىمدىن بىر چاشقان كىرىپ كېتىپ چۈشەپ قاپتىكەنمەن. بۈگۈن ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتىمەن. قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۈك يەڭ، ئۇ چاشقاننى يەۋەتسە، كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

بۇنىڭغا ئوخشاش قىسقا ھەم پۇختا توقۇلغان لەتىپىلەر سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرىنىڭ 1/3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 2. قۇرۇلمىسى مۇكەممەل

سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرىدە پاش قىلىنىدىغان ياكى ئىنكار قىلىنىدىغان ئوبيېكتلار ناھايىتى ئاددىي ھېكايە ھالىتىدە تۈزۈلىدۇ. ۋەقەلىكنى ئاددىيغىنا تاپشۇرغاندىن كېيىن، دەرھال بىرەر گەپ پاس چىقىرىلىدۇ ـ دە، ئاساسىي ئىدىيە ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل لەتىپىلەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەقىقىي مۇددىئانى گەۋدىلەندۈرگەن.

سەلەي چاقىقان شەھەر ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن:

– يۇرت چوڭلىرى ھاكىمنى بەك ماختىشىدۇ. ئېيتىڭا ئۇنىڭ مۇنچە ماختىغۇدەك ئەقلى قانچىلىك؟ – دەپ سوراپتۇ.

– كۆرمىدىڭىزمۇ؟ – دەپتۇ سەلەي چاقىقان جاۋابەن، – ئۇنىڭ ئەقلى كۆپ بولغاچقا، بېشىغا پاتماي قورسىقىغا چۈشۈۋاپتۇ.

## 3. سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرىدە پېرسوناژلار ئاز تەسۋىرلىنىدۇ

سەلەي چاقىقاننىڭ بەزى لەتىپىلىرىدە بىرلا پېرسوناژ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى ـ ئۈچلا پېرسوناژ بار. بۇ پېرسوناژلار لەتىپىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق خۇيى بار قىلىپ تەسۋىرلەنمەيدۇ ياكى ئاق، ياكى قارا رەڭلىك ئادەم دېيىلمەيدۇ. بەلكى لەتىپىدىكى مەركىزىي ئىدىيەنى ئىپادىلەشنى چەك قىلىپ،

ئىنتايىن ئاز بىرنەچچە ئېغىز گەپ بېرىلىدۇ. گەپ پاس چىقىرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنىدۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ «قېتىق بارمۇ؟»، «قۇش باققۇچى»، «لەت قىلغىلى ماڭدىم»، «لايىق ئىزدىدىم» قاتارلىق بىر تۈركۈم لەتىپىلىرىدە ئەنە شۇنداق تېجەشلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار بار. بۇ پېرسوناژلار پەقەت لەتىپىدىكى مەركىزىي ئىدىيەنى ئېچىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن ياخشى ئەۋرىشكىلەردۇر. مانا بۇ، ئاز بىلەن سازنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

## 4. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدە «دەرھال كېسىۋېتىش ئۇسۇلى» قوللىنىلغان

بۇ دېگەنلىك، بەزى لەتىپىلەردە باشتىن ـ ئاخىر ۋەقەنى بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلماي، بەلكى پاس چىقىرىلغان گەپتىكى ئىدىيە ئىپادىلەنگەندىن كېيىنلا، پىكىرنى ئەڭ يۇقىرى چوققىغا چىقىرىپلا ئۈزۈپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ رېئال تۇرمۇشىمىزدا گوياكى ئىتتىك پىچاق بىلەن گۆش كەسكەنگە ئوخشاش شارتتىدە كېسىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

بىر يىلى قۇربان ھېيتتا ئۇيالنىڭ بېگى باشقا يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن مېھمان بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، سەلەي چاقچاق ئۇيال خەلقىنىڭ دەرد ـ ھالىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىجازەت ئالمايلا مېھمانخانىغا كىرىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان بەگ:

ـــ ھەي سەلەي ئاخۇن، بەگنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە كاللاڭ بىلەن كىر، بولمىسا كاللىڭنىڭ نېمە كېرىكى؟ ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

— تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك قىلىپ، — نېمە كېرىكى بولاتتى؟ تۇماق كىيگىلى، مانا ئىككىمىزنىڭ بېشىدا تۇماق بار ئەمەسمۇ؟

«كالىلىنىڭ رولى» ناملىق لەتىپىدە يۇقىرىدا كۆرستىلگەن «شارتىدە كېسىش ئۇسۇلى» قوللىنىلغان ياكى مۇنداقچە چۈشەندۈرگەندە، «كالىلىنىڭ كېرىكى يوق» دېسە ھەقىقەتەن بولمايدۇ. كالىلىنىڭ ئەلۋەتتە ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئويلاشقا كېرىكى بار، نۇرغۇن كېرەكلىك يەرلىرى بار. ئەقىللىيسى ئادەمنىڭ دوپپا، تۇماق كىيىشكىمۇ كېرىكى بار. شۇڭا، سەلەي چاققان «گەپكە گەپ كەلسە ئاتاڭنى ئايما» دېگەندەك بەگكە قارىتا گىرامماتىكا، مەنتىقە جەھەتتىن ھەقلىق جاۋاب قايتۇرۇپ ئۇنى لەت قىلىپ، ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ يەردىكى كېسىش ئۇسۇلى شۇنداق ئۇنۇم بەرگەنكى، «ياق» دەي دېسە تېخى بولمايدۇ؛ «شۇنداق» دەي دېسە تېخى بولمايدۇ. پەقەت قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقى كۆپچىلىككە ئايان.

**5. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە پېرسوناژ بىلەن مۇھىت بىللە قۇراشتۇرۇلغان**

بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر لەتىپىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر بايغا يىللىقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر قۇسۇر چىقىرىپ، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشنى ئويلىغان باي بىر كۈنى سەلەي چاققانغا:

— مەن بىر تاغار سامانىنى ئۆگزىدىن يەرگە تۆكۈمەن، سەن بىر تالىنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاققان تاكى سامان تۆكۈلۈپ بولغۇچە بەخىرامان قاراپ تۇرۇپتۇ -

دە، ئاخىردا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان بىر تال سامانىنى تۇتۇۋېلىپ:
— باي ئاكا، مانا بىر تال سامانىنى تۇتۇۋالدىم، — دەپتۇ.

بۇ لەتىپىدە مەككار، بېخىل باي ۋە سەلەي چاقچاقنىڭ ئىبارەت ئىككى پېرسوناژ بار. لەتىپىدىكى مۇھىت — سەلەي چاقچاق چاكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان باينىڭ ئۆيى. ھەرىكەت — ئۆگزىدىن سامان تۆكۈش. شەرت — بىر تالنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىش. نەتىجە — ھەممە سامان تۆكۈلۈپ بولۇش، بىر تال سامانىنىلا تۇتۇۋېلىش. دېمەك، بۇ لەتىپىدىكى ئادەم ۋە مۇھىت ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يەردە مۇھىتتىن پايدىلىنىشتا دەرىجىدىن تاشقىرى دىت، پەم يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بۇ پەم لەتىپىنىڭ ھارارىتىنى يۇقىرىلىتىپ، ھەقىقىي كۆڭۈل ئېچىش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن. سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدە پېرسوناژ بىلەن مۇھىت ئاشۇنداق زىچ باغلانغان، يېقىن گىرەلەشكەن لەتىپىلەر ئاز ئەمەس.

### 6. سىيلىشتۇرما ھالەت كۆچلۈك

سىيلىشتۇرما سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدە نىسبەتەن كۆپرەك. يەنى ئادەم، ۋاقىت، جاي - ئورۇن، مىجەز - خۇلق، رەڭگىروي، تەم - سەزگۈ قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ يادىغا سېلىش ئارقىلىق داۋاملىق ئۇتۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە بۇ خىل ھالەت باشتىن - ئاخىر ساقلانغان. سېلىشتۇرما تۈسى ئىنتايىن قويۇق.

سەلەي چاقچاق يەكەندە ساماۋەرخانىغا كىرىپتۇ. بىر توپ كىشىلەر دېھقان توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانىكەن. شەھەرلىك بىر

بايۋەچچە سەلەي چاقچاقنىنى مەسخىرە قىلىپ:

ــ سەلەي ئاخۇنكا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى راست. ئەمما، دېھقانلارنىڭ ئات - ئېشەكلىرى ئۆلۈپ قالسا، ئۇلارمۇ دوزاخ ياكى جەننەتكە كىرەمدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاقان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئەلۋەتتە كىرىدۇ. ئەگەر كىرمىسە بايۋەچچىلەر مەيدە ئولتۇرۇپ، ئاشلىق تېرىپ جاپا چەككەن دېھقانلار جەننەتتە پىيادە قالامدۇ؟ ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«ئەلۋەتتە كىرىدۇ» ناملىق بۇ لەتىپىدە سېلىشتۇرما ھالەت ناھايىتى قويۇق. بىرى، دېھقان بىلەن بايۋەچچە - بەگزادىلەر سېلىشتۇرۇلغان. يەنە بىرى، بەگزادە - بايۋەچچىلەرنىڭ ئات - ئېشەكلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئات - ئېشەكلىرى سېلىشتۇرۇلغان. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش لەتىپىدىكى «يەنىلا دېھقان ئۇلۇغ» دېگەن ئىدىيەنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

سەلەي چاقچاقنىنىڭ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە لەتىپىلىرىدە سېلىشتۇرما ھالەت لەتىپىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. بەزى لەتىپىلەردە سەلەي چاقچاقنىنىڭ نەسرىدىن ئەپەندى، موللا زەيدىن قاتارلىق ئۆزىگە ئوخشايدىغان لەتىپىچىلەرنىڭ، پىر - ئۇستازلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، گەپ ئېتىشقانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ لەتىپىلەردە گەرچە بۇ ئاتاقلىق كۈلكە چولپانلىرى سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا نامايان قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھەرگىز دۈشمەن، ناتوغرا رىقابەتچى، ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان كىشىلەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى سىرداشلار، تەقدىرداشلار، ھەمنەپەس، دوست - بۇرادەرلەر، قولداش -

قۇرداشلار، ئۇستاز - شاگىرتلار سۆھبىتىدە يۈز كۆرۈشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تەقدىرداشلىقى بايان قىلىنغان. ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان.

## 7. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ تىلى پاك ۋە ساپ

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك چوكىملىرىدە سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس ھەسسىسى بار. لەتىپىسىز ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ۋە مىللىي گەۋدىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلى گۈزەل، يېقىملىق، ئاممىباب، تەسىرلىك ۋە چۈشىنىشلىك تىل بولۇپ، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى دۇنيادىكى بارلىق مۇرەككەپ ئۇقۇم، ئىنچىكە، نازۇك تەسۋىر، سۈرەتلەش، ئوخشىتىش، مۇبالىغىلەرنى دۇنيادىكى باشقا چوڭ مىللەت تىللىرى ۋە باي تىللارغا ئوخشاشلا تولۇق، ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئىپادە قىلالايدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىكى فېئوداللىق كۈچلەرنىڭ ئەيجەش بولۇپ كەتكەن تىلىدىن سۆز قىستۇرۇش باشقا مىللەت سۆز - ئاتالغۇلىرىنى سۆرەپ ئىشلىتىش، قەرز ئېلىش، تىل فۇنكسىيەسىنىڭ قائىدىلەشكەن، ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان سۆز - ئاتالغۇلىرىنى پارچىلاپ، كەسلەپ، بۇزۇپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىللەت مەۋجۇت ئەمەس. سەلەي چاقچاق بۇ جەھەتتە سۆز - قاپىيەگە ئەڭ باي، دانىشمەن، تالانت ئىگىسى. ئۇنىڭ ھەربىر لەتىپىسىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن، لەتىپە تىلىدا يات مىللەتنىڭ سۆز - ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇر گىرامماتىكىسىغا چۈشمەيدىغان، ئارىلىشىپ كىرىۋالغان ئەيجەش سۆز - تېرمىن - ئاتالغۇلار، زۆرۈرىيىتى بولمىغان تەرجىمە - ئىزاھاتلارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ تىلىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئادەمنى ئۆزگىچە مەپتۇن قىلىدىغان جەلپكارلىق ئۇيغۇر لەتىپە - چاقچاقلىرىنىڭ

بۇگۈنكى دۇنيادا ئىسىل لەتىپىلەر قاتاردا كۆكرەك كېرىپ، مەغرۇر قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئۇل ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر قۇربان باراتنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى ئەسكە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

«ئىنسان تاشقى دۇنيادىن ئالغان تەسىراتلىرى ۋە ئىنكاسلىرىنى يەنە تاشقى دۇنياغا قايتۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئىپادە قىلىشقا موھتاج. ئىنسانلار ناھايىتى قەدىم زامانلاردىلا تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھاسىل قىلغان ئىنكاسلىرىنى ــ ئىدىيە، ئېتىقاد، خىيال، پەلسەپىۋى پىكىرلەر، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مۇھەببەت ۋە ئۆچمەنلىك، شەپقەت ۋە قىساس، مەمنۇنىيەت ۋە نارازىلىق، تەنتەنە ۋە ئىسيان، ياقتۇرۇش ۋە قارشىلىق، خىتاب، چاقىرىق، چۇقان... قاتارلىقلارنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا ھاسىل بولغان ھېس - تۇيغۇ ھادىسىلىرى بىلەن؛ ئۆز خاراكتېرىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان كەيپىيات ھادىسىلىرىنى، خۇشال بولۇش بىلەن قايغۇرۇش - ئىلھاملىنىش، روھلىنىش بىلەن مەيۈسلىنىش ۋە غەمكىنلىك، ئۈمىدسىزلىنىش بىلەن ئۈكۈنۈش، شان - شەرەپ تۇيغۇسى بىلەن پۇشايمان، قۇۋناقلىق تۇيغۇسى بىلەن غېرىبسىنىش، ھاياجان بىلەن يىغا... قاتارلىقلارنى تاشقى دۇنياغا قايتۇرۇشنىڭ، ئۇلارنى ئىپادە قىلىشنىڭ شېئىردىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل شەكلىنى ئىجاد قىلغان.»[1] سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىپ كەلگەن. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ تىل

---

[1] «تارىم» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 3 - سان، 116 - بەت.

ئالاھىدىلىكىنى نۇقتىلىق شەرھلەش، قايتا ـ قايتا تەكىتلەشنىڭ ئۆزى بۈگۈنكى دەۋردە جامائەتنى مۇشۇ ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىنەزىرى بىلەن يېتەكلەپ، ياشلارنى ئىلغار ئەنئەنىگە دادىل ۋارىسلىق قىلىشقا، مىللەتنىڭ تىل خەزىنىسىنى، تىل بايلىقىنى ۋە تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداشقا چاقىرىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

دۇنيادىكى تىللار ئىچىدە، ئەۋرىشىم تىل ھېسابلانغان ئۇيغۇر تىلى ھەرگىز ئۇششاق تىل ئەمەس، بەلكى «تاتلىق تىل، چۇچۇك تىل». مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ سەلەي چاقىقانغىچە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تىلنى ئىشلىتىپ، مۇشۇ تىلدا ئىجاد قىلىپ جاھانغا تونۇلغان. ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق جاھان مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرىدىكى مونولوگ، دىيالوگ، سۆز قۇراشتۇرۇش، مۇبالىغە، كىنايە، سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل دىت ـ پەم ياكى ئالتۇن زەنجىرنى ئالتۇن زەنجىرگە ئۇلىغانغا ئوخشاش بىر خىل ھۈنەر ـ سەنئەت پارقىراپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆز ـ ئاتالغۇلارنى جايىدا ئىشلەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ھەيران ـ ھەس بولىدۇ، ئۇنىڭ تىل ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

«ئامبالنىڭ خوتۇنى» ناملىق لەتىپە ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى باغچىسىدىكى ناھايىتى ئېسىل لەتىپىلەرنىڭ بىرى. قالغان تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قۇراشتۇرۇش، تاللاش، سۆز ئۇرغۇسى، قاپىيەلەشتۇرۇش، دىيالوگ، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش قاتارلىق تەرىپىلا سەلەي چاقىقاننىڭ نەقەدەر پىشقان تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.لەتىپىدە «پۇتى كۆيگەن

توخۇدەك»، «سولىشىپ قالغان خوخىدەك»، «جىگدىلىكتىكى شوخىدەك»، «ئۇكلىۋەتكەن چوقىدەك»، «كاردىن چىققان سوقىدەك»، «يېڭى جۇۋازنىڭ ئوقىدەك»، «كۆرۈنسەن خۇددى دوقىدەك»، «كۇرۇك توخۇنىڭ پوقىدەك» دېگەن بىر قاتار ئوخشىتىشلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەرھال ئېسىگە كېلىپ بەرمەيدۇ. بىرى، ئېسىگە كەلسىمۇ ئۆز لايىقىدا قۇراشتۇرغىلى بولمايدۇ. يەنە بىرى، دەلمۇ دەل، جايىدا جاۋاب بېرىشكە تەپەككۇر ئاجىزلىق قىلىدۇ. لېكىن، سەلەي چاقچاقان ئۇمىدۋارلىق روھ بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەمشەردەك ئۆتكۈر دىيالوگ تىلى ئارقىلىق مانجۇ ئامبالنىڭ خوتۇنىنى مات قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە قېچىپ كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۆزىچۇ؟ ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھالەتتە مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ، ئۆز يولىغا راۋان بولغان. بۇ يەردە مانجۇ ئامبالنى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى دۇچ كەلگەن بۇ قاقشاتقۇچ ئاقىۋەتنى بىرەر چوڭ ئەسەر بىلەن يازغاندىمۇ مۇشۇ بىرەر پارچە لەتىپىچىلىك جان بېرىش ناتايىن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ پىشقان سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل - ئىسپاتىدۇر. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرى لەتىپە تىلى جەھەتتىكى ساپ ۋە پاكلىقى، سۆز قۇراشتۇرۇش جەھەتتىكى پەم - دىتى ۋە پاساھەتلىكى بىلەن لەتىپە مۇنبىرىدىكى «شاھلار تاجى» بولۇشقا مۇناسىپ.

سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىدە نەسرىي ۋە نەزمىي ئۆزئارا بىرىكتۇرۇلگەن لەتىپەلەرنى ئۇچرىتىمىز. يەنى بەزى لەتىپىلەر ئارىسىغا سىڭدۇرۇلگەن شېئىر - قوشاقلار سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇنداق شەكىلدە تۈزۈلگەن شېئىر - قوشاق خاراكتېرىنى ئالغان لەتىپىلەر بار. بۇنداق نەزمە ئارىلاشقان لەتىپىلەر ھەم

لەتىپىلىك خۇسۇسىيەتكە، ھەم نەزمىي، شېئىرىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

خان قاتتىق ئاغرىپ، ئۇزاق يېتىپ قاپتۇ. ئاخىر تېۋىپلىقتا داڭقى چىققان سەلەي چاقچاقنى چاقىرتىپتۇ. ئۇنىڭ جىمى شەرتلىرىگە كۆنۈپ:

— سىزنىڭ دورا - دەرمانلارنى راستلاپ كېلىشىڭىز ئۈچۈن، قانداق نەرسە ۋە گىياھلار كېرەك. تەپسىلىي ئېيتقايسەن، — دەپتۇ.

— شاھىمغا خۇش ئاڭلانسۇن ئۈچۈن، بەزمە بىلەن ئېيتايمۇ ياكى نەزم بىلەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق.

خان ۋەزىرلىرىگە قاراپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئەمىر قىپتۇ:

— جانابى ئالىيلىرىنىڭ قۇلىقىغا تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋاز خۇشياقمايدۇ، چىرايلىق نەزم بىلەن ئېيتقىن!

سەلەي چاقچاق مۇنى سەتىرلەرنى ئوقۇپتۇ:

تالقىنى مەرۋەت،
زەمزىمى شەربەت.
داچىنى قوۋزاق،
خاكىينى دوۋزاق.
ئىسكەنجىۋىل شىپا،
تەرەنجىۋىل ئىپار.
شۇلارنى ئىچسە بېگى،
يوقىلىپ تۇرلى ۋايىم،
ئەسقاتماستىن بۇ دۇنيا،
جايى بولۇر ئۇ دۇنيا.

ئۇنىڭ نەزمىسىمان ئىجاد قىلىنغان لەتىپىلىرى خېلى

سانى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ نەزم ۋە بايان ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىجاد قىلىنغان بىر تۈركۇم لەتىپىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، سەلەي چاقچاق يالغۇز مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق قوشاقچى، راۋابچى، پىشقان سازەندە. مەلۇمكى، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىقىپ تونۇلغان فارابى، نەۋايى، موللا بىلال، مەشرەپ، ئامانىساخان، قىدىرخان، ناقىس، تاشۋاي، تۇردى ئاخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم، جامى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالىم، شائىر، ئەدىب، مۇزىكاشۇناس، كۈيشۇناس، بۈيۈك سازەندىلەردىندۇر. سەلەي چاقچاقمۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ خۇش ئاۋاز، چەبدەس قولىغا ۋارىسلىق قىلغان ئەلسۆيەر سازەندىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ياشاپ ئۆتكەن ئاۋۇت راۋاب، ئەمەت ئۆمەر ، شاھ مەمەت، ئاقپاشا قاتارلىق مۇزىكا پېشۋالىرىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىشى، ھەرقانداق سۆز - قىزىقچىلىقلارنى راۋابنى تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق ئورۇنلىشى، ھەتتا خان - پادىشاھ، لويى - ئامبال، ھاكىم - بەگلەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىمۇ ئۆزىنىڭ دىلكەش دوستى، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ھەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چالغۇسى - راۋابنى قولدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پىشقان راۋاب ئۇستازى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى سادىر پالۋان 15 يېشىدىلا بالىمان، نەي، راۋاب قاتارلىق سازلارنى ئۆگىنىپ، خەلقىنىڭ دەردىنى بايان قىلغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، ئوتلۇق قوشاقچى نوزۇگۇممۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئوتلۇق

ھېسسىياتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەنىدى:

سادىر پالۋان زۇلۇمكارلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بالىمان، نەي چېلىپ ئىپادىلىسە، نوزۇگۇم ئۆزىنىڭ چىرايلىق لاتاپىتى ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئىپادىلىگەن. يېقىنقى زاماندىكى «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى» دەپ نام ئالغان ئايۇپ سامساق، مۇھەممەد ناپىرلارمۇ ئۇيغۇر توي - مەشرەپلىرىدە ساز چالالايدىغانلىقى، بېيىتقا ئۇستىلىقى، خۇشچاقچاقلىقى بىلەن نام چىقارغان.

## 8. مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن

ئەدەبىياتتا ئالدى بىلەن مەزمۇن مۇھىم. مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياخشى شەكىل بولۇشى كېرەك. سەلەي چاققانىنىڭ نەزمىسىمان لەتىپىلىرىدە مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن بايانىدىن باشقا، يەنە مۇزىكا، ناخشىغا مۇراجىئەت قىلىنغان. بۇ ناخشا - مۇزىكا لەتىپىدە مەركىزىي ئىدىيەسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مىسالغا ئېلىنغان لەتىپىلەردە بۇ خىل ئالاھىدىلىك خېلى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى ئۈلگىسى. باشقا ئۇيغۇر لەتىپىچىلىرىنىڭ لەتىپىلىرىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆپ ئۇچرىمايدۇ. پەقەت سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىلا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

## 9. لەتىپىنى جانلاندۇرۇپ، تەم - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغان

جانلاندۇرۇش يالغۇز ئەسەردىكى بايان بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بەك ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. جانلاندۇرۇشتا ئوخشىتىش، كىنايە، سۈپەتلەش، مۇبالىغە قىلىش، دوراش، تەقلىد قىلىش قاتارلىق ئامىللارمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر

قوللىنىلغاندىن باشقا، مۇھىمى بايان ۋە شېئىر - قوشاق ياخشى بىرىكتۈرۈلگەنلىكتىن، بىر - بىرىگە پاركەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خۇددى تۈزى ياخشى تېتىغان قورۇماغا ئوخشاش، تېتىتقۇ رولىنى ئويناپ، لەتىپىنى جانلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئېگىشىپ قاپتۇ» ناملىق لەتىپىسىدە ئىشان - سوپىلارنىڭ «ھالاللىق، ئاراملىق، سېخىيلىق، ئىمان» دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى: بىراق، ئاتا - بوۋىلار سۆزلىرىگە ھەرگىز ئەمەل قىلمايدىغانلىقتىن ئىبارەت بىر ئىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا سەلەي چاققانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئارقىلىق يەكۈن بېرىلگەن. مەزكۇر لەتىپىنىڭ ئاخىرىدىكى شېئىر ئارقىلىق بېرىلگەن يەكۈن لەتىپىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

## 10. لەتىپىنىڭ ئىقتىدارى - كۈچىنى باھالىغان

لەتىپىلەر ئاساسەن نەسرىي يول بىلەن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ قىسقا بولۇشى، چاققان بولۇشى بۇ ژانىرنىڭ يەڭگىل بولۇشىنى بەلگىلىگەن. قىزىقچى، لەتىپىچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پىكىرنى بايان يولى بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ھەم شۇ ئەنئەنىنى ساقلاپ كەلگەن. بىراق، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە بۇ رامكا بۇزۇپ تاشلىنىپ، بايان بىلەن يەكۈن، نەسرىي بىلەن نەزمىي، بايان بىلەن مۇزىكا - شېئىر بىرلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئىپادىلەشنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقى شەكسىزدۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى رولى بار. بىرى، لەتىپىنى تولۇق ئېيتىش، چالا ئېيتماسلىق. يەنە بىرى، لەتىپە ئېيتقۇچى كىشىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاش. ئەل

ئارىسىدا كۆرمىڭ قېتىم ئېيتىلغان بۇ لەتىپىلەر لەتىپە تىلىنى تاۋلاپلا قالماستىن، بەلكى لەتىپە ئېيتىمۋاتقان لەتىپىچىنىڭ قابىلىيەت ـ ئىقتىدارىنىمۇ تاۋلاپ پىشۇرىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىدىن تارتىپ سەلەي چاققانغىچە ئۆتكەن بارلىق ئۇيغۇر لەتىپىچىلىرى ئەنە شۇ تىلنى ۋە ئادەمنى تاۋلاش باسقۇچىدىن ئۆتكەن. بۇ خۇددى ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن: «ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ، جاپا ئەرنى» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر لەتىپە ئېيتقۇچىنىڭ زادى قانچىلىك قابىلىيەت ـ ئىقتىدارى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. سەلەي چاققان ھەم تىلنى تاۋلىغان، ھەم دىلنى تاۋلىغان ئەزىمەتتۇر. شۇڭا ئۇ ھەممە تەرەپتىن تەڭ يېتىلگەن، ھەممە كىشى چىن يۈرىكىدىن قايىل بولۇپ جامائەتنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا ئېرىشكەن پەخىرلىك ئىنسان بولۇپ قالغان.

# ئالتىنچى باب

## سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنىڭ دىراماتىك خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى مەدداھ ـ ۋائىزلىق، مۇزىكا، ناخشا، دىراماتىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۆلمەس تىياتىر قامۇسىدۇر. بىزدىكى لەتىپىچىلەر ئەنە شۇ تەۋەررۇك مىزاننى زاماندىن ـ زامان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقاتقان، ئورۇنلىغان، ئىش قوشۇپ بېيىتقان، تەرەققىي قىلدۇرغان نامى ئۆلمەس فولكلور سەنئەتكارلىرىدۇر. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابى: «نەغمىنىڭ تىلسىز مۆڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىلەر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۆمۈر بويى راۋاب چېلىپ لەتىپە ئېيتقان سەلەي چاقچاق فارابىغا ئوخشاش تىلسىز نەغمە ئارقىلىق خەلق قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇرغان بۈيۈك دانىشمەندۇر. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىدىكى دىراماتىك ئامىللارنى بىلىش ۋە چۈشىنىش، بۇ لەتىپىلەردىكى تىياتىردا ئىپادىلىنىدىغان تۇرلۇك سەنئەت ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاش ۋە تەتقىق قىلىش ـ ئۇيغۇر لەتىپە ـ يۇمۇر تارىخىدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى تىگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەم ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، تىركىشىدىغان، رىقابەتلىشىدىغان جەڭگىۋار قاناتقا، ھەم ئەمگەكچى خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ

كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ قاناتقا ئىگە. بۇ ئىككى قانات ئۇنىڭ سەنئەت قىممىتىنى ئالتۇن كەبى جۇلالاتقان. بۇ نۇقتىنى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ئەقىلنىڭ قەدىر - قىممىتى ئەدەپ ھەم ئەخلاق بىلەن، بايلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى مەردلىك ھەم ھىممەت بىلەن، كۈچ - مادارنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققانىيەت يولىدىكى باتۇرلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ھېس قىلالايمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر لەتىپە - چاقچاقلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىدىن خەۋەر تېپىش ۋە ئۇنىڭ تۇرلۇك سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە شەرھلەپ، كەڭ جامائەتكە قانۇنىيەتلىك يەكۈنلەرنى تەقدىم قىلىش ھەربىر سەنئەتكار، ئەدىبنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. مۇشۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنى ئويلىغىنىمىزدا سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىدىكى دىراماتىك سەنئەت ئالاھىدىلىكلەرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

لەتىپە ــ ئاغزاكى ئېيتىلىدىغان ئەنئەنىۋى تۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى ئۆزگىچە ئارقا تىرەك قىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى، ۋەقەلىكى، ئاغزاكى ئېيتىلىش شەكلى ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئۆلمەس ژانىر، ئۇدۇملۇق ژانىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت تۈرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى بۇ لەتىپىلەر بايان تىلىنى، بايان قىلىشتىكى مۇناسىپ ئاھاڭنى، بايان قىلىنىۋاتقاندىكى ئېغىز ئىشارىتى، كۆز، قول - پۇت ھەرىكىتى ۋە دوراش، تەقلىد قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەلەي چاقچاق ھەربىر لەتىپىنى ئېيتقاندا ھەم قولىدىكى راۋابىنى جاراڭلىتىپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان سازچى - مۇزىكانت، ھەم ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىۋاتقان مەدداھ -

ۋائىز، ھەم يۈز ـ كۆز، ئىبغىزلىرى ئارقىلىق لەتىپە مەنىسىنى ئىپادىلەۋاتقان قابىل ئارتىسقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ لەتىپە ئېيتىۋاتقاندىكى چىراي ھېسسىياتىمۇ پۈتۈنلەي لەتىپىنىڭ مەزمۇنى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇ، يالغۇز تىل ئارقىلىق بىرەر مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن چەكلىنىپلا قالماستىن، بەلكى لەتىپىدىكى ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ روھىي ـ قىياپىتىنى تەسۋىرلىگۈچى، تىل، بايان، دىيالوگلىرىنى ئېنىق، راۋان ئىپادىلىگۈچى، سۆز، ئاھاڭ ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد قىلغۇچى ياكى دوراپ كۆرسىتىپ بەرگۈچى بولۇشتەك ئۇنىۋېرسال قابىلىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇشۇ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇشۇنداق ئاممىباب سەنئەت شەكلىنى نامايان قىلىپ، لەتىپىدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق يارىتىپ بەرگەن. بۇ لەتىپە ئېيتقۇچى بىلەن لەتىپە ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇكەممەل روھىي باغلىنىشنى ۋە دىراماتىك نەق مەيداننى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلغان. نەتىجىدە، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى ناھايىتى زور ئىلمىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگەن. نەق مەيداندا ئاڭلىغۇچىلار سەلەي چاققاننىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىۋاتقان لەتىپىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ قاتتىق ياكى يۇمشاق ئاۋازلىرىنى، خۇشال كۈلۈشۈۋاتقان ياكى مۆكۈلىنىپ يىغلاۋاتقان ئاۋازلىرى، خان، ۋەزىر، دارىن ـ ئامبال، بەگ، پاششاپ، بايلار بىلەن قىلىشقان كەسكىن سۆزلىرىنى، تالاش ـ تارتىش مۇنازىرىلىرىنى، كەمبەغەل، يېتىم ـ يۇقسۇل، قوشنىلار بىلەن قىلىشقان ئۆزئارا دىيالوگلىرىنى، ئەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازلىرىنى، سەلەي چاققان ئېشەكنىڭ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ھاڭراشلىرىنى كۆرگەندەك، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئاڭلىغۇچى لەتىپىدىكى يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىرىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى، كەمبەغەل ـ

ئەمگەكچىلەرنىڭ زالىملارنى مازاق قىلىپ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان كۈلكە، شادلىقلىرىنى كۆرگەندەك، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسىغا شېرىكلەشكەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چەكسىز بەدىئىي زوقىقا ئېرىشىمىز. بۇ لەتىپە ئاڭلاش ۋە لەتىپىدىكى پېرسوناژنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تۇيغۇ شەكلى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدە «مەندىن قورقىدۇ» ناملىق بىر مەشھۇر لەتىپە بار. بۇ لەتىپىدىكى ئاساسلىق سەلبىي پېرسوناژ ئامبالنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ماس ھالدا يارىتىلغان. ئۇنىڭدا جامائەتكە تونۇشلۇق بولغان ئانا تىما، سۈژىت، جانلىق ئىما - ئىشارەت، ئوخشاش بولمىغان بىگىزدەك سوئال - جاۋابلار ۋە ئۆتكۈر دىيالوگلار، ئىككى پېرسوناژنىڭ جىددىي ۋە مەسخىرىلىك چىراي ئىپادىسى، ئېغىزغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدىكى قول، پۇت، كۆز، بەدەننىڭ تىنىمسىز ھەرىكىتى، ئېگىز - پەس، يۇقىرى - تۆۋەن، بىچارە ۋە كەسكىن چىقىۋاتقان ئاۋازلار كىشىگە لەتىپىدىكى پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل يارىتىۋاتقانلىقىنى، ھەر قېتىم ئېيتىلغاندا قانچىلىك دەرىجىدە قايتا ئىجاد قىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرماي قالمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى لەتىپە ئېيتىۋاتقان سەلەي چاقچاقنىڭ بىر دىراماتىك تۇسكە ئىگە پىششىق سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى، لەتىپىلەرنى كەڭ جامائەتكە تەقدىم قىلغاندا يۇكسەك دەرىجىدە بەدىئىيلەشتۈرۈشكە، ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلىنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن جامائەتكە، جامائەتنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى چۈشۈنۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ لەتىپىدە مۇنداق قوش قاتلاملىق مەنىنىڭ بارلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىت ھەقىقەتەن سەلەي چاقچاقتىن قورقىدۇ. شۇڭا سەلەي چاقچاق خۇددى كومېدىيە ئورۇنلىغاندەك،

بىر قولى بىلەن كارىۋات ئاستىغا قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغان ئىتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر قاتلام مەنىسى شۇكى، ئامبال ھەقىقەتەن سەلەي چاقچاقتىن قورقىدۇ. بولۇپمۇ سەلەي چاقچاقنىڭ يۇرت خەلقى ئارىسىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتىدىن، سەلەي چاقچاقنىڭ بارلىق ئەزگۈچىلەرنى مەسخىرە قىلىپ قامچىلايدىغان، ئەمگەكچىلەرگە مەدەت بېرىدىغان باتۇر، قورقماس، ئىسيانكار روھىدىن قورقىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامبال ياسىداق ئۆيىدىن تالاغا چىقالماي، كۈنسېرى قورقۇنچ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم دىيالوگلۇق لەتىپىلەر خۇددى سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان ئېيتىشىش، لەپەر، راۋابلىق قوشاقچا ئوخشاش تىپىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىياتىر - سەنئەت قۇدرىتىنى نامايان قىلغان. بۇ لەتىپىلەرنى مۇزىكا، ئاھاڭ، ھەرىكەت ئىشلەپ، ئېيتىشىش، لەپەر قىلىۋەتسىمۇ، ۋەقەلىك ئۇسسۇل قىلىۋەتسىمۇ تامامەن ماس كېلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم شېئىرىي تۈس ئالغان ناخشا - مۇزىكىلىق لەتىپىلەر كىشىلەرنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. بۇ لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇنى، تىلى، ئورۇنلاش سەنئىتى، لەتىپە ئېيتقۇچىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىۋاتقان ئاھاڭ، مېلودىيە قاتارلىقلارمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ لەتىپىلىك ناخشىلار سەلەي چاقچاقنىڭ قولىدىكى جاراڭلىق راۋابى ئارقىلىق جامائەتنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كىرىدۇ، قەلبىگە ئورنىشىدۇ. بۇ ناخشىلار ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامىنى ئۆزىگە مەنبەئە قىلغان بولۇپ، قەشقەرنىڭ قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. سەلەي

چاقچاقــان بــۇ لەتىپــىلىك ناخشــىلارنى شــۇنداق كىلىشــتۇرۇپ ئېيتتىدۇكى، كىشىلەرنىڭ قەلبى سىمابتەك ئېرىيدۇ.

ئۇنــىڭ شــېئىرىي لەتىپــىلىرىدە ئــادەمنى كۈلــدۈرۈپ ئۇچىيىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك لىرىك ھېسسىيات، ناھايىتى كۈچلۈك بولغــان يۇمۇرىســتىك ئــالاھىدىلىك نامايــان بولــدۇ. ســەلەي چاقچــاقنىڭ لەتىپــىلىك ناخشــىلىرىدىكى خــاس روھ خــۇددى قەشقەر تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈزۈلگەن سۈزۈك سۈلىرىغا ئوخشاش كىشــىلەرنىڭ مــەنىۋى تەشــنالىقىنى قــاندۇرۇپ، مەڭگــۈ يوقالمايدىغان خاسىيەتلىك بۇلاققا ئايلانغان.

سەلەي چاقچاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر لەتىپىچىلىرى ئــۆزلىرىنىڭ چاقنــاپ تۇرغــان ئــەقىل ـ پاراســىتىنى لەتىپــە ئېيــتىش، ئورۇنــلاش پــائالىيەتلىرى بــەلەن مەھكــەم بــاغلاپ كەلدى. مول ئىقتىدار ـ ماھارىتىنى بارلىق خەلق لەتىپىلىرى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتتى. ئۇلار بۇ تۈگىمەس لەتىپىلەرنى مــەزمۇن جەھەتتــە ئۆزۈكســىز بېيىــتىپ، تــەرەققىي قىلــدۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرگــەندىن باشقا ئۇنــىڭ سۈژىت قۇرۇلمىلــىرىنى تەڭشەپ ۋە كېڭەيتىپ، ئورۇنلاش ماھارەتلىرىنى قەدەممۇقەدەم تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۇنى ئاغزاكى لەتىپىلەردىن تارىخ بەتلىرىگە يۆتۈلۈپ، خاراكتېرلەنگەن شانلىق يازما بايلىققا ئايلاندۇردى.

بايان، ناخشا ـ مۇزىكا، مەدداھ ـ ۋائىزلىق بىر گەۋدىلەشكەن، كۈچلۈك دىرامــاتىك ئۇنۇمگــە ئىگــە، مۇستــەقىل ئــالاھىدىلىكى كۈچلۈك مىللىي، يەرلىك پۇرىقى بولغان، گۈزەل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنبىرىگە، يەرلىك پۇرىقى بولغان، گۈزەل ئەدەبىيات ـ ســەنئەت مۇنبىرىگــە، كىــنو ـ تېلېۋىزىيــە بوســتانلىقىغا ئــايلاندۇردى. بــۇ بوســتانلىقتا ئۇيغــۇر خــەلقىنىڭ شــانلىق مەدەنىيــەت تــارىخى قــايتىدىن كۆكلــەپ نــۇر چــاچتى. بۇ گــۈزەل ســەنئەت شــەكلى خــەلق ئارىســىدا ئومۇملىشــىپ، تېلېۋىــزور، ئېكرانلاردا قايتا جەۋلان قىلدى. بۇ لەتىپە ـ چاقچاق، يۇمــۇرلار مىڭلىغــان، كۈرمىڭلىغــان يــاش ئــەۋلادلارغا ئېســىل دۇردانىلــەر

سۈپىتىدە ھاياتبەخش ئىلھام ئاتا قىلدى. دېمەك، لەتىپە، چاقچاق، كۈلدۈرەدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى ھاياتىنىڭ تارىخىي سەمەرىسى بولۇپ قالماقتا.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىكى دوراش ۋە تەقلىدچىلىك ئۇنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيىتىنى خېلى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدىكى دراماتىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش، كومېدىيەلىك باغلىنىش، دراماتىك تۈگۈن، پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگى ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى كومېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان. بىز بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ دراماتىك سەنئەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا، سەنئەتنىڭ ھەممە تۈر - ژانىرلىرىغا پىششىق، «بىرگە قابىل، كۆپكە قادىر» بۇ دانىشمەننىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. خىگنىزۇ ئەدىب لولونىڭ قولى ئارقىلىق تاللاپ تۈزۈلگەن، 2003 - يىلى بېيجىڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان «مىزان ۋە ئۆلچەم» ناملىق كىتابتا ئەدىب مالامى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «تارىخنى بىلمەيدىغان ئادەم مۇكەممەل ئادەم ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىر پەن. فىزىكىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەممۇ مۇكەممەل ئادەم ئەمەس، چۈنكى، ئۇمۇ بىر پەن. بىرەر ئادەم، بىرەر ئالىم ئەگەر ھومېر ھەققىدە كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمىسە، ھېيۇگونى ئوقۇشنى بىلمىسە، ئۇ قوبۇل قىلغان تەربىيەنى مۇكەممەل تەربىيە دېگىلى بولمايدۇ.»[1] بۇ سۆزنى ئۇلۇغ دانىشمەن سەلەي چاققاننىڭ رېئاللىقىغا تەتبىقلىغىنىمىزدا مۇنداق ئىككى مۇھىم نۇقتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز. بىرى، ئۇلۇغ دانىشمەن سەلەي چاققان تارىختا ئاددىي ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئومۇمىي تېما دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ

[1] ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 - يىلى 1 - سان.

يالغوز لەتىپە ـ چاقچاقلارنى ئىجاد قىلغان، ئېيتىدىغان ئادەم، لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى زاماندىكى كۆچلۈك ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بىر مەلۇماتلىق ئادەم. تارىخ، ھايات چەكلىسىمىدىن ئۇ، بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ فىلولوگىيە، ئەدەبىيات پەنلىرىدە سەنئەت ئىنستىتۇت، سەنئەت مەكتەپلەرنىڭ تىياتىر، مۇزىكا ئورۇنلاش كەسىپلىرىدە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىختىن تىياتىر، ئەلنەغمە سەنئىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەر تاپقان. ئۆزىنى ئەمەلىيەت مەكتىپىدە تاۋلاپ، پىشۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۇرگەن مەلۇماتلىق ئادەم. بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى بولۇپ يېتىلىشىنىڭ ئۇل تېشى بولغان. ئىككىنچى بىرسى، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى مىللىي سەنئەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ياكى كەسپىي جەھەتتە چوقۇم يېتىدىغان مۇددىئاسى قىلغان بۈگۈنكى زاماندىكى ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئىجتىمائىي پەن ھەم تەبئىي پەندىن، تارىختىن ھەم بۈگۈنكى زامان كومپيۇتېر ئالاقە ـ ئۇچۇر پەنلىرىدىن ئاز ـ تولا بولسىمۇ خەۋەر تېپىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق ئاغزاكى سەنئەت مىراسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالالمايمىز. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا لەتىپىلەرنىڭ تۇرلۈك ئۇنىۋېرسال دىراماتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاڭلىغۇچى جامائەتكە ئۆز پېتى، ئۆز ئەينى بويىچە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان، نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاقچاق، موللا زەيدىنگە ئوخشاش پىشقان، ئاز ئۇچرايدىغان، گەپدان، تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ئەجرىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلالايمىز، ئەلۋەتتە!

## يەتتىنچى باب

# سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ھەققىدە بايان

قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇن ئالىم، مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، شائىر، ئەدىب خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بىزگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىباھا نەمۇنىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياشىغان نەسىرىدىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا» ناملىق كىتابى، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخ رەشىدي» ناملىق كىتابى، موللا مۇسا سايرامى «تارىخي ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدىيە» ناملىق ئەسەرلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى مۇسۇلمان ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ نۇرغۇن ئۆچمەس كىتاب ـ قامۇسلىرىدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆپلىگەن ئەپسانە، ھېكايە ـ رىۋايەت، ماقال ـ تەمسىللەر نەمۇنە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئەڭ كۈچلۈك بۆلگەن باغۇەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ فولكلور تەۋە ئەسەرلەرنى بايقاش، توپلاش، رەتلەشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى.

شىنجاڭ تارىخىدىكى «تىرىك لۇغەت» دەپ ئاتىلىدىغان تارىخچى ۋە ۋەقەشۇناس شېرىپ خۇشتارنىڭ ئېيتىشىچە، 1949

- يىلى 7 - ئايلاردا ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدا شەھەرگە يېقىن بىر باغقا سەيلىگە تەكلىپ قىلىنغاندا مېھمانلار ئارىسىدا شېرىپ خۇشتاردىن باشقا يەنە داۋۇت تۇرەخمەتوف، ئابدۇرەشىت ئىمىنوف، نەمەت خەلپەت، ياسىن خۇدابەردى، ساپاخان پولات قاتارلىق ئەدىبلەر بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىيات ھەققىدە قىزغىن پاراڭ قىلىشقان. سۆھبەت ئارىسىدا ئۇلار يەنە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، ماقال - تەمسىللەر، ئۇيغۇر خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى، تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان، شۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە پاراڭ بولغان. بۇ پاراڭلارغا زوقلانغان ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر تۈگىمەس خەزىنە. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە چوڭقۇر ھېكمەت بار. چۈنكى، لەتىپە - چاقچاقلار بىر جەڭگىۋار قورال. ئۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا مەدەت بېرىپ، خەلقىمىزنى تونۇتىدۇ. قەشقەردە سەلەي چاقچاق دېگەن بىر دانىشمەن، تۇرپاندا موللا زەيدىن دېگەن بىر دانىشمەن ئۆتكەنىكەن. بىز بۇنىڭدىن كېيىن نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى سەلەي چاقچاق، موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىمۇ توپلاپ رەتلىشىمىز، پاسسىپ مەزمۇنلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، پايدىلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، جامائەتكە تەقدىم قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا خەلقىمىزنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، مەنىۋى دۇنياسى بېيىپ، تىنچلىق - دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشكە تېخىمۇ زور ھەسسە قوشالايدۇ. بۇ سىلەرگە ئوخشاش ئەدىب - يازغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتىكى ئىنقىلابىمىزنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپىسىدۇر» دېگەنىكەن. ئۇ يەنە كۆپ قېتىملىق يىغىن، سۆھبەتلەردە: «بىز فولكلورنى

ئىمپورت قىلىشقىلا قاراپ تۇرماي، ئۇنى ئېكسپورت قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇيغۇرلار فولكلورغا باي. ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالاھىدە ئادەم تەيىنلەش كېرەك. ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىسادنى بىز بېرىمىز. يېقىنقى كۈنلەردە ئۆلكىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ فولكلورنى يىغىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر ھەيئەت قۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ تاپىلىغانىكەن.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسەن كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، ئەينى يىللاردا ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى بەت، ئىستونلارنى ئاجرىتىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىز نازىرى، مۇھەممەت رەھىم، نىمشېھىت، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئەرشىدىن تاتلىق، ھاكىم جاپپار قاتارلىقلار توپلىغان بىر قىسىم چۆچەك، قوشاق، بېيىت، ماقال - تەمسىل قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، قۇتقۇزۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغانىكەن. مانا بۇلار ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئەدەبىي مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشكە دەسلەپكى ئاساسنى سېلىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ، جۈملىدىن سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك. مىللىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى شۇ بىر مىللەت كىشىلىرىلا ئەمەس، باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئادەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاقتۇر. بۇ، رەڭگارەڭ دۇنياغا قىزىقۇچىلارنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىدۇر. بۇ ھال ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دۇنياۋى يازغۇچى چىڭگىز ئايتماتوف: «بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ۋە تارىخىنى يوقاتسا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتسا، ئىتائەتمەن قۇلغا ۋە ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دانىشمەنلىك

بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يوقاتماي، ئەينەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ؛ ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، فولكلور ساھەسىدە، بولۇپمۇ سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، خىزمىتىدە بەزى ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق توپلاش ۋە ئەينەن خاتىرىلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ جاپالىق ئىلمىي خىزمەت ھەممىمىزگە بىر سىناق بولدى. ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق توپلاش دېگىنىمىزدە، سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزى ياشىغان قەشقەر رايونى ۋە باشقا جايلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلىرىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق خەلقلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپە - قوشاقلىرىنى مەيلى كونىسى ياكى يېڭىسى بولسۇن ياكى مەيلى بۇرۇن ئىجاد قىلغىنى، ياكى ھازىر، يېڭى دەۋردە ئىجاد قىلغىنى بولسۇن، مەيلى ھەجىم جەھەتتە ئۇزۇن - قىسقا بولسۇن ۋە ياكى شەكىل جەھەتتە نەزمىي، نەسرىي شەكىلدە بولسۇن، مەيلى لەتىپىلەرنىڭ بىرقانچە شەكلى ياكى بىر شەكىلدىكى بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش، توپلاشنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ياكى پارچە، ئىجابىي ياكى سەلبىي بولۇشىدىن، ئىدىيەۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاۋۋال ئەينەن خاتىرىلەپ تولۇق يىغىش، ئاندىن كېيىن شۇ ئاساستا تەلەپ - ئۆلچەم، شەرتلەر بويىچە رەتلەپ چىقىشنى كۆرسىتەتتى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان بىز رىئايە قىلغان بۇ قائىدە - قانۇنىيەتلەر سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى بولدى. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى

ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەد كۆتۈرۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى يەكۈنلىرىنى سەلەي چاقچاق ئوبرازىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ بارغانلىقى ئۈچۈن، سەلەي چاقچاقنىڭ نامى خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلاندى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. مانا مۇشۇنداق گۈللىنىش دەۋرىدە سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى توپلاپ رەتلەشتە باشلامچى بولغان شائىر، ژۇرنالىست داۋۇت تۇرەخمەتوف ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئىككى قېتىم قەشقەرگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارغاندى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا توپلىغان بىر قىسىم لەتىپىلەرنى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇپالدىكى سەنئەتكار ئەمەت مۇھەممەت ۋە باشقىلار قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ بۇلاقسۇدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان يىپ ئۇچىغا ئاساسەن توپلىغان بەزى لەتىپىلەرنى رەتلەپ ئاۋام خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەسىردىن ئەپەندىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سەلەي چاقچاندىن ئىبارەت بۇ پاراسەت ئىگىسىنىڭ لەتىپىلىرىنى قېزىش، توپلاشقا قىزىقىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. 1961 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدە رەتلەنگەن بىر قىسىم لەتىپىلەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى شاپىگرافتا بېسىپ چىقىرىلغان «مەدەنىيەت خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەھۋال تاكى 1962 - يىلى يازغا قەدەر داۋاملاشتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا «سىنىپىي كۈرەش» نىڭ كىرىچى قاتتىق تارتىلىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائى - سىياسىي ھەرىكەتلەر ئۇزۇلمەي ئېلىپ بېرىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە

«زەھەرلىك چۆپ»، «خۇش پۇراق گۈل»، «قىزىل»، «سىرىق» دېگەندەك چەكلىمە كەڭ بازار تاپقىنى ئۈچۈن، سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىنى توپلاپ، رەتلەيدىغانلار ۋە بۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئىشنى ۋاقىتلىق توختىتىشقا ۋە ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، بولۇپمۇ 1966 - يىلى باشلانغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىمۇ «زەھەرلىك چۆپ» قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىنى يىغىش - توپلاپ، رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار، لەتىپە، يۇمۇرلارنى ئېيتىپ بېرىدىغان مويسىپىت، ئاقساقاللار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى «تۆت كونىنى تىرىلدۈرگۈچىلەر»، «جىن شەيتاننىڭ قۇيرۇقى» دەپ تۆھمەت قىلىنىپ، كۈرەش قىلىندى، سۈرگۈن قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىلىنغان مىسلىسىز زور بۇزغۇنچىلىق ئىدى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى. بۇ يېڭى باھار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىگىمۇ ئازادلىق ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئىش شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇ يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇر لەتىپىچىلىكىگە دائىر كىتابلارنى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدى. پايتەختتە نەشر قىلىنىدىغان، خەنزۇ يېزىقىدا چىقىرىلغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تۇنجى بولۇپ ئۆز سەھىپىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلى سەلەي چاقچاقنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى، سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپىلىرىدىن

ئۆرنەكلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، «چېگرادىكى قورغان»، (خەنزۇچە)، «تارىم» (70 - يىللاردا «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» دەپمۇ ئاتالغان)، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئازادلىق ئارمىيە ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «مىراس»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر مائارىپى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللار ھەرقايسى جايلاردا توپلانغان بىرەر يۈز پارچە لەتىپىنى ئېلان قىلغانىدى. «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش ھەققىدە مەخسۇس ئېلان بېرىپ كەڭ ئاممىنى قوزغاتتى. ئەينى ۋاقىتتا 10 ۋىلايەت، 85 ناھىيەگىچە تارقىتىلغان بۇ ژۇرنال ماقالە قوبۇل قىلىپ، سەلەي چاققانغا دائىر مەلۇماتلارنى ئۈزلۈكسىز يىغىپ، ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانلىرىدا لەتىپىلەرنى ئېلان قىلىپ، زور تەسىر قوزغىدى. ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئاشۇ مەزگىللەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىن بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ھەممە يەردە «سەلەي چاققان قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981 - يىلى، 50 مىڭ تىراژ بىلەن «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» نىڭ 1 - كىتابىنى نەشر قىلىپ، تېنىپ قالغان بۇ بولاقنىڭ كۆزىنى ئاچتى. چياۋ جارۇي (مانجۇ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىدا ئىشلىگەن)، چېن گۇيلەن (خەنزۇ، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان)، ليۇمىن (خەنزۇ، كوناشەھەر دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلىگەن) ، ۋاڭ يىجۇ (خەنزۇ، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمانى)، چۈلىڭ، (خەنزۇ) «قەشقەر گېزىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن)، سەي ساۋ، خەنزۇ («قەشقەر گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى)، لۇي جىڭتاۋ (خەنزۇ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە

مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ كادىرى) قاتارلىق كىشىلەر تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، قەلەم تەۋرىتىپ مەزكۇر كىتاب ئاپتورى بىلەن بىللە سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىنى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش دانىشمەن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تەڭ ھۇزۇرلاندى، تەڭ كۈلدى. بۇ جەرياندا يەنە 1994 - يىلى «سەلەي چاقچان لەتىپىلىرى» نىڭ 2 - كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 3 - كىتابى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى بۇنداق گۈللىنىش ئاسانغا كەلمىگەنىدى. سەلەي چاقچاندىن ئىبارەت بۇ جەلپكار تېما يازغۇچى، شائىر، رەسسام، ھەيكەلتىراش، مۇزىكانت، ئوبزورچىلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى بىر مۇھىم تارىخىي تېمىسىغا ئايلاندى. بىرمۇنچە ئەدىبلىرىمىز بۇ دانىشمەننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇ ياشىغان يۇرتقا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، جەمەتىنى ئىزدەپ تېپىپ، ماتېرىيال توپلاپ، ئۇنى يېزىپ ۋە مەدھىيەلەپ، ئىجادىيەت سەۋىيەسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى.

فولكلور – ئىنسانلار جەمئىيىتى موھتاج بولغان بارلىق ماددىي بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ جەۋھىرى ۋە يىغىندىسى. سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، يېرىم ئەسىردىن بۇيان سەلەي چاقچاننىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئادەتتىكى تونۇشتۇرۇش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تارىخىي چوڭقۇرلۇققا

ۋە مەزمۇن، بەدىئىيلىك، تىل سەنئىتى نۇقتىلىرىنى ئاساس قىلىپ ھەر تەرەپلىمىلىككە يۈزلەندى. تەتقىقاتىنىڭ تۇر ۋە كۆلىمى بويىچە يېڭى ئىلگىرىلەش مەيدانىغا كەلدى. سەلەي چاقڤانىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە قارىتا يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالە، ئوبزورلار يېزىلىپ، ئىلىم تەتقىقات ساھەسىدىكى بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلۇش باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ. بۇ بىر ئۇلۇغ خىزمەتكە ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، يەنە خەنزۇ، مانجۇ، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلىرىمۇ قاتناشتى. بۇ خىزمەت ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، قوغداش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىنى جاھانغا يۈزلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە. تۆۋەندە خالىس، سەممىيەت بىلەن ئۇن - تىنسىز ئىجادىي مېھنەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنى تىلغا ئالىمىز

## داۋۇت تۇرەخمەتوف



ئۇ 1918 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيەسىگە قاراشلىق لوسىگۇڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تاماملاپ چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس بەرگەن. 1947 - يىلدىن كېيىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ۋە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە

خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»دا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ھەم بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى «ئىتتىپاق»، «كۈرەش» ژۇرناللىرىدا، 1953 - يىلىدىن 1961 - يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1961 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن.

داۋۇت تۇرەخمەتوف 1955 - يىلىدىن 1956 - يىلى قەشقەرگە تىل ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، ئۇيالدا بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىنى خاتىرىلىۋالغان ھەمدە مۇشۇ ئاساستا 1984 - يىلى ئالمۇتادىكى «جازۇشى» نەشرىياتىدا «سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتاب نەشر قىلدۇرغان، بۇ كىتابقا 50 پارچىغا يېقىن لەتىپە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

## ئەرشىدىن تاتلىق



ئۇ 1927 - يىلى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ موللىلار كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيەسىگە قاتناشقان، كېيىن «تارىم»، «مىراس» ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 - يىلى 8 - دېكابىر ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ئۇ كۆپ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەتكە بېرىپ ئەل ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىر قىسىم داستان، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاقلارنى توپلىغان. سەلەي چاقچاقنىڭ بىر قىسىم

لەتىپىلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلغان ھەمدە ئۆزى مەسئۇل بولۇپ تۇرغان «مىراس» ژۇرنىلىدا بىر قىسىم لەتىپە، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

## ئابدۇكېرەم راخمان



ئۇ 1940 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ھەمدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. تاكى 1993 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچى، فاكۇلتېت مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

1978 - يىلى ئۇ مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا (كورلا، لوپنۇر، خوتەن، قەشقەر تەرەپلەردە) سەلەي چاققان ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن ھەمدە توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىققان تۇنجى يىرىك ئەسەر «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدا «موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن ئايرىم ماۋزۇ بىلەن ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە يەتتە پارچە لەتىپىسىنى تونۇشتۇرغان، تۈزگەن دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزگەن. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابىنىڭ «خەلق ھېكايىچىلىرى توغرىسىدا» دېگەن قىسمىدا سەلەي چاققان

لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرغان.

1993 - يىلى تۈركىيەنىڭ ئاق شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك لەتىپىچىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان. بۇ ماقالىدە موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ماقالە تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان «تۈرك فولكلورى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. 2000 - يىلى دۆلەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى» ناملىق كىتابتا سەلەي چاققان بىر تېما قىلىنىپ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ يازغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بىر قىسىم ئەسەر، ماقالە، تونۇشتۇرۇشلاردا سەلەي چاققانىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

## ئۇچقۇنجان ئۆمەر



1945 - يىلى فېۋرالدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ مەنگەن كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. دەسلەپتە، «قەشقەر گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇھەررىر بولغان. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن سابىق «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، مەسئۇل مۇھەررىرى، تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر ئەدەبىيات ساھەسىگە 1957 - يىلى كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىي تەرجىمە، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى، ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى جەھەتلەردىكى نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇ يېرىم ئەسىردىن بۇيان، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەرجىمە قىلىش، قېرىنداش ئەل ۋە مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىدا جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرگەن. ئۇ توپلاپ رەتلىگەن سەلەي چاققان لەتىپىلىرى «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «فولكلور ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، «قەشقەر مائارىپى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «مىراس»، «قەشقەر گېزىتى»، «چېگرادىكى قورغان»، «ئازادلىق ئارمىيە ئەدەبىيات - سەنئىتى» قاتارلىق 20 گە يېقىن گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈچ قېتىم توپلاپ رەتلىگەن «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتاب نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. سەلەي چاققاننىڭ تاللانغان بىر قىسىم لەتىپىلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، دۇنخۇاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە ئىچكىرىدىكى باشقا نەشرىياتلار تەرىپىدىن ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ تەرجىمە قىلىپ تەييارلىشى بىلەن ھەرخىل ئەدەبىي توپلام، قامۇسلارغا كىرگۈزۈلۈپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئۇ سەلەي چاققان تەتقىقاتىنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان، ماقالە، نۇتۇقلىرىدا، تەزكىرە - قامۇسلاردا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆچمەس ئابىدە تىكلەشكە ئەجىر سىڭدۈرگەن. «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 -

يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلىندى. 1989 - يىلى بۇ ئەسەر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ماقالە» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1995 - يىلى ئۇ توپلاپ رەتلىگەن بىر قىسىم لەتىپىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان پائالىيەتتە «ئالتۇن خوراز» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىللە «سەلەي چاقچاق» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى يېزىپ، سەلەي چاقچاق ئوبرازىنى سەھنە - ئېكرانغا ئېلىپ چىقىش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. كوناشەھەر ناھىيەسى 1998 - يىللىرى ئىشلىگەن «مەھمۇد يۇرتىدا ئالتۇن كۆز» ناملىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمىدە سەلەي چاقچاق ئوبرازىنى تېلېۋىزىيەدە كۆرسىتىشتە تۆھپە قوشقان.

## مۇھەممەت زۇنۇن



1937 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1958 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان.

ئۇ ئابدۇكېرەم راخمان بىلەن بىرلىكتە 1978 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا (كورلا، لوپنور، خوتەن، قەشقەر تەرەپلەردە) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەكشۈرۈش جەريانىدا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى ھەققىدىمۇ ئىزدەنگەن. ئۇ ئابدۇكېرەم راخمان بىلەن بىللە ئىشلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ

ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدا، موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاقچاننىڭ ھاياتىنى ئالاھىدە ماۋزۇ بىلەن تونۇشتۇرۇپ يەتتە پارچە لەتىپىسىنى ئۆلگە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلىرىدا، ماقالىلىرىدە، تۈزگەن دەرسلىكلەردە سەلەي چاقچاننىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۈكسەك باھالاپ، تەرجىمىھال، لەتىپىلىرىنى قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەۋىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا سەلەي چاقچان رەسىملىرىنى ژۇرنال مۇقاۋىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

## ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن



1942 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، دەسلەپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ، 1980 - يىللاردا سەلەي چاقچاننىڭ بىر قىسىم لەتىپىلىرىنى توپلاپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ۋە سەلەي چاقچان ھەققىدە بەزى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1981 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇچقۇنجان ئۆمەر بىلەن ئۇنىڭ نامىدا توپلانغان لەتىپىلەرنى «سەلەي چاقچان لەتىپىلىرى» (1 - كىتاب) نامىدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان.

## ئابلا ئەخمىدى



ئۇ 1935 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلىگەن. ئۇ ئۇزۇن يىللار ماتېرىيال يىغىش، توپلاش، زىيارەت قىلىش، ئىزدىنىش ئاساسىدا «سەلەي چاقچاقان» ناملىق يىرىك رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن. «سەلەي چاقچاقنىڭ ئەجدادى ۋە ئەۋلادلىرىغا دائىر دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## تۇرسۇن قۇربان



1942 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىگە قىزىققان ۋە بەزى لەتىپىلىرىنى توپلىغان. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا سەلەي چاقچاننى تونۇشتۇرۇپ دەرس ئۆتكەن ۋە بەزى ماقالىلەرنى يازغان. «سەلەي چاقچان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## ماخمۇتجان ئىسلام



ئۇ 1947 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يايلاق يېزىسىدا تۇغۇلغان. «تارىم» ژۇرنىلىدا باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 80 - يىللاردىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەلەي چاققانغا دائىر بەزى لەتىپىلەرنى توپلىدى. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 80 - يىللاردا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» (4 قىسىم) ناملىق كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان. ئۇ يازغان بەزى ئوبزور، ئىلمىي ماقالىلىرىدە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ، 2006 - يىلى 20 - يانۋار ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## ئىسمائىل ئىبراھىم



ئۇ 1927 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئۇپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1956 - يىلدىن باشلاپ ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا ۋە سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇ سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ناھىيە بويىچە خەلق قوشاقچىلىرى، ئەلنەغمىچى -

قىزىقچىلارنى تەشكىللەپ، خەلق مەشرەپلىرى، خەلق داستانلىرى، شېئىر - قوشاق، جەڭنامە، چۆچەك - رىۋايەت، لەتىپىلەرنى يىغىپ توپلاپ، «كوناشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ، جامائەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ ئېلان قىلغان، توپلىغان بۇ مىراسلار ئىچىدە، مەھمۇد كاشغەرىيگە دائىر رىۋايەتلەر، سەلەي چاققانغا دائىر لەتىپىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ 2007 - يىلى ۋاپات بولغان.

## مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم



مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم 1924 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوقۇتقۇچى، تېببىي خادىم، بوغالتىر، سودا خادىمى بولغان. ئۇنىڭ 60 - يىللاردا يازغان «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇما»، «شىرە سائىتى»، «دەريا بويىدا»، «تۇگمەن» قاتارلىق دىراما - كومېدىيەلىرى، 80 - يىللاردا نەشر قىلىنغان «گۇلخۇمار» ناملىق تارىخىي پوۋېستى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر ماقالىلىرىدىن «تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى»، «ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا»، «ئىمارىدىن كاشغەرىي»، «ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرى» (ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستىلەر)، «ئۇيغۇرلاردا نىكاھ»، «ئۇيغۇرلاردا ئىنفورماتسىيە»، «يۈسۈپ ھاجىم كاشغەرىي ۋە ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» قاتارلىق ئىلمىي، تارىخىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ فولكلور ساھەسىدە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش جەھەتتە 60 - يىللاردىن باشلاپلا كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

قىزىقچىلارنى توپلاپ، بەزمە - مەشرەپلەرنى ئۆتكۈزگەن؛ لەتىپە - يۇمۇر، چۆچەكلەرنى توپلاپ، مەدەنىيەت يۇرتى نامىدىن شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان. 1962 - يىلى ئۇيالدىكى خىزمەت تەكشۈرۈشتە يۇسۇپ قادىر قاتارلىق ۋائىزلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن بىللە، يەنە 156 پارچە چۆچەك - رىۋايەت، لەتىپە - قوشاقنى توپلىغان. سەلەي چاقچاقنىڭ، نورۇز ئاخۇن كاتىپنىڭ ئۇيالدىكى ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلارنى رەتلەپ، كەڭ جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## مۇھەممەدجان ئابلىز بۆرەيار



ئۇ 1958 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشر قىلغان «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش



ئۇ 1962 - يىلى پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «مىراس» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 33 پارچە لەتىپە ۋە «مىراس» ژۇرنىلىدا (1991 - يىللىق 1 - سان) بىر

پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە سەلەي چاقىقاننىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ دەرس ئۆتۈپلا قالماستىن، يەنە ئالموتادا نەشر قىلىنغان «سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتاب ۋە بىر قىسىم سەلەي چاقىقان قوشاقلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.

### مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت



ئۇ 1964 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، قەدىمكى قول يازمىلار، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشر قىلغان «سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 300 پارچىدىن ئارتۇق لەتىپىنى ئەستايىدىل تەھرىرلەپ، جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

### مۇھەممەت ھېيت



ئۇ 1946 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 80 - يىللاردا ئۇ سەلەي چاقىقاننىڭ «قەشقەر گېزىتى» گە بېسىلغان بىر قىسىم قىستۇرما سۈرەتلىرىنى ئۆزى ئىشلىگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان «سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرى»

ناملىق كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگەن ھەمدە بىر قانچە پارچە قىستۇرما سۈرەتنى سىزغان. شۇ ئارقىلىق سەلەي چاققاننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە كۈچ قوشقان.

## دەريا ھەسەن



ئۇ 1951 - يىلى تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان. «شىنجاڭ سودا گېزىتى» نىڭ تەھرىرى ۋە مۇخبىرى بولغان. 1986 - يىلىدىن باشلاپ سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاشقا، رەتلەشكە كىرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا (قازاقىستان)غا زىيارەتكە چىققاندا، سەلەي چاققانغا دائىر مەلۇماتلارنى توپلىغان. بۇ جەرياندا يىغىپ خاتىرىگە ئالغان 80 پارچىدىن ئارتۇق لەتىپىنى ئېلان قىلغان. كېيىن بۇ لەتىپىلەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» (3 - كىتاب) ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. يەنە بەزى لەتىپىلەرنى ئۆزى تەھرىرلىك قىلغان «شىنجاڭ سودا گېزىتى»دە ئېلان قىلغان.

## تۇرام ئىسلام



ئۇ 1946 - يىلى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1979 - يىلىدىن باشلاپ ئۇپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق قاتارلىق يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ خەلق ئارىسىدىن بىر قىسىم چۆچەك، رىۋايەتلەرنى، لەتىپىلەرنى توپلىغان ھەمدە «كونەشەھەر ئەدەبىياتى»

ژۇرنىلىدا، «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە ناھىيە ئىچىدە تونۇلغان قەمبەر راۋاب، ئەمەت مەممەت، مۇھەممەت ئەلنەغمە، مامۇت تىلىۋالدى، سەيدۇللا ھاجىم، ئابدۇراخمان خوجا قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىغا دائىر يېڭى مەلۇمات - ئۇچۇرلارنى يىغقان.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەر قېتىم نەشر قىلىنغان «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلەپ ئىشلەش جەھەتتە كۆچ قوشقان جورى قادىر، غەيرەت خالىق، ئەكبەر سالىھ قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكىنى ئالاھىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېرىم ئەسىردىن بۇيان سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كەلگەن، ھەرقايسى نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال، مەتبۇئات ئورۇنلىرى خېلى كۆپ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى دېگىلى بولمايدۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ ياشاپ ئۆتكىنىگە 200 يىلدىن ئاشتى. بۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىت. ئىككى ئەسىردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەرنىڭ بىرمۇنچىلىرى يوقىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان، كۆپچىلىك تېخى بىلمەيدىغان، ئاڭلاپ باقمىغان يەنە نۇرغۇن لەتىپىلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەسلىمە يادىمىزغا كېلىدۇ: بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ 1979 - يىلى غۇلجىغا كەلگەندە، ھېسامشۇناس مەخمۇت مۇھەممەتنىڭ فولكلور ساھەسىدىكى

مىھمىنىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنىم مەخمۇت ئاكىلىسام خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربانىنىڭ چاقچاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەۋېتىپسىز. بۇ ناھايىتى ياخشى باشلىنىش بوپتۇ. ھېسامنى بەدىئىي تىپ قىلىپ كۆتۈرۈش كېرەك. ھېسام چاقچاقلىرىغا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ چاقچاقلىرى قوشۇلۇپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ نەرى يامان؟ دادىل توپلاپ رەتلەڭ، يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ھەرقايسىسىنى جاي ـ جايىغا قويۇپ رەتلىسەك بولىدىغۇ؟... بۇلار خەلقنىڭ بايلىقى ئەمەسمۇ؟» بۇ نېمىدېگەن قاراتمىلىقى، دەلىللىككە ئىگە سەمىمىي پىكىر ـ ھە؟ بۇ سۆز سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ ئەلۋەتتە.

بۈگۈنكى دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتى يەنە بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشىگە باغلىق. نۆۋەتتىكى تارىخىي پۇرسەتتە، بىز بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، سەلەي چاقچاقىدىن ئىبارەت ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر مىللىي قەھرىمانىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## سەككىزىنچى باب

# چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى سەلەي چاقىقان

سەلەي چاقىقان نەسىردىن ئەپەندىدىن قالسىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مەشھۇر لەتىپىچى، قىزىقچى، سۆز ئۇستىسى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەقىقىي ۋەقە، ھەقىقىي ئىشلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغاچقا، 200 يىلدىن بۇيان رېئالىستىك روھى، ئەمەلىي تەسىر كۈچى چوڭ بولدى. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ باغرىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەل - رايونلىرىدا كاتتا شۆھرەت تاپتى. لەتىپىنىڭ سانى ۋە قىزىقچىلىق جەھەتتە نەسىردىن ئەپەندى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېيىلسە، لەتىپىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى، ئىجتىمائىي پۇرىقى، يەرلىك تىل، شېۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتە سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئۇنىڭغا ياندىشىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ 20 ~ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى، ئاكادېمىيەلىرى، مەدەنىيەت مەركەزلىرى، دۆلەتلىك ۋە پادىشاھلىق مۇزېيلار، شىنجاڭغا كېلىپ «ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە» ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل - ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئېتنوگرافىيەسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى، ماددىي بۇيۇملارنى قازغان، تاپقان ۋە تەتقىق قىلغان. رىم، لوندون، پارىژ، بېرلىن، قاھىرە، ئەنقەرە، ۋېيېننا، ستوكھولم، توكيو، تاشكەنت، ئالمائاتا، قازان قاتارلىق جايلاردىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە پەنلەر

ئاكادېمىيەلىرى «تارىم مەدەنىيىتى» ، «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» تەكشۈرۈشىگە بىرىكتۈرۈپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاق، چۆچەك، داستان، رىۋايەت ـ ئەپسانە، ماقال ـ تەمسىللەرنى يىغىۋېلىپ چەت ئەللەردە نەشر قىلغان. بۇ جەھەتتە چاررۇسىيەلىكلەرنىڭ قىلغان ئىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك. ئۇلاردىن پانتوسوف، مالوف، بارتولىد، رادلوف، ئولدىنبورگ، كاتانسوف، سىمىيون تىيانشانىسكى، قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چاررۇسىيەنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى، بەزىلىرى دىپلوماتىك خادىم، بەزىلىرى ئېكسپېدىتسىيە ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزاسى ۋە بەزىلىرى تىل، تارىخ، ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكى ئالىملاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىن ناھايىتى مول فولكلور نەمۇنىلىرىنى توپلىغان. ئۇلار دۇڭخۇاڭ، تۇرپان، قۇمۇلدىن تاكى چەرچەن، لوپنور، چاقىلىقىچە، چۆچەك، گۇچۇڭ، جىمسادىن غۇلجا، كۇنەس، كۇچالارغىچە تۇتاش كەتكەن ئۇيغۇر رايونلىرىنى، ھەتتا تارىم ئويمانلىقلىرىنى ئارىلاپ، نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى چەت ئەللەردە ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بىز ئۇققان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ن. ف. كاتانوف توپلىغان ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇ قولغا چۈشۈرگەن بىر قول يازمىلا 1118 بەت ئىكەن. بۇ قول يازمىدا 24 چۆچەك، 12 رىۋايەت، 1408 قوشاق ۋە بېيىت، 1000 پارچىدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز بار ئىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلار بۇ زېمىنىمىزدىن نەقەدەر كۆپ ماتېرىياللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى گۆھەر بولۇپ، ئىنتايىن زور ئىلمىي قىممەتكە

ئىگە ئىدى. بۇ ماتېرىياللاردىن نۇرغۇن چۆچەك، رىۋايەت، بېيىت - قوشاقلاردىن باشقا يەنە خەلق ئارىسىغا تارالغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، سەلەي چاقچاق ۋە موللا زەيدىن لەتىپىلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. 16 -، 17 - ئەسىرلەردە قەدىمىي شەھەر قەشقەر، يەكەن، لوپنور، شايار، خوتەن، يېڭىسار، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان داستانلار، قىزىقارلىق چۆچەك - ھېكايىلەر، لەتىپىلەر، ھېكمەتلەر رەسمىي يېزىققا ئېلىنىپ قول يازما شەكلىدە تارقىتىلغانلىقى مەلۇم. مانا بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپلا بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قېزىش، توپلاش، رەتلەش ھەممىدىن مۇھىم. توپلاش ئاساسىدا رەتلەش، تەتقىق قىلىش بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم. چۈنكى، ھەرقانداق ئەسەر ياخشى تەتقىق قىلىنغاندىلا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى بەلگىلىگىلى ھەم پايدىلانغىلى بولىدۇ. چەت ئەل ئالىملىرى «ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش، قوشماسلىق، ئېلىۋەتمەسلىك»تىن ئىبارەت تەتقىقات ئەخلاقىغا ياخشى رىئايە قىلغان. سەلەي چاقچاقنىڭ زوھورىدىن ھېكمىبەگكە ھۇزۇرىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا ئېيتىلىپ تارقالغان ۋە بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، ئەينى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بىر قىسىم لەتىپىلەر نەق ئەنە شۇ پىكرىمىزنى ۋە ئەنە شۇ روھىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چەت ئەللەردە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر فولكلورىنى ئاساسىي قىلىپ، 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق توپلام، تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى، تېكىستلەر توپلىمى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرلەر

ئىچىدە نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەلەي چاقچاق، موللا زەيدىنلەر بار ئىكەن. بۇ ئەسەرلەر ئىنگلىز، رۇس، نېمىس، تۈرك، ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، تۈركمەن، تاتار قاتارلىق تىللاردا نەشر قىلىنغانىكەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەسلىي تېكىست (مەتن) قوشۇمچە قىلىنىپ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىلغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، چەت ئەل ئالىملىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشقا تېخىمۇ قىزغىن قاتناشتى. ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى گۇننار ياررىڭنىڭ ئەمگىكى كەڭ جامائەتكە مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، 1956 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئەدھەم رەھىموۋىچ تېنىشىف باشچىلىقىدىكى بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئەينى يىللاردا يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا رەئىس بولغان ئاتاقلىق رەھبەر، جامائەت ئەربابى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئالىم، يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى بۇ تەكشۈرۈشكە ئۇيغۇر ئالىم - ئەدىبلەردىن ئىمىن تۇرسۇن، مىر سۇلتان ئوسمانوف، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ شەرقىي، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قېزىش، توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ئاتاقلىق ئۆزبېك تەتقىقاتچى قادىر ئەكبەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار مۇشۇ قېتىملىق ئۆگىنىش، توپلاش پائالىيىتىدە چۆچەك، رىۋايەت، لەتىپە، ماقال - تەمسىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 500 پارچىگە يېقىن ئەسەرنى توپلاپ رەتلەپ چىققان، ئۇلار تەكشۈرۈش ئېلىپ

بارغان لوپ، چىرا، كېرىيە، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، ناھايىتى زور مەدەت بەرگەچكە ئۇلارنىڭ خىزمىتى زور نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئەدھەم رەھىموۋىچ ئۆزى توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئۈستىدە 20 يىلغا يېقىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1984 - يىلىغا كەلگەندىلا «ئۇيغۇر تېكىستلىرى» ناملىق كىتابىنى موسكۋادىكى نائۇكا نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فولكلور ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، ئېتنوگرافىيەسىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن، ياش دوكتورىمىز ئەسئەت سۇلايماننىڭ ياۋروپادا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمۇ بۇ پىكرىمىزنى شەرتسىز ئىسپاتلايدۇ.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، سەلەي چاقچاقنىڭ نامى ھەممە يەرگە تارالدى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى بىر قىسىم دۆلەت، رايونلاردىكى تەتقىقاتچى، ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئەزەر بەيجان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى بەزى گېزىت - ژۇرناللار، كۇتۇپخانا، ئىلىم يۇرتلىرىدا سەلەي چاقچاقنىڭ تەرجىمىھال، سۈرەتلىرى ئېلان قىلىندى. نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى، ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى، بەزى ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ۋە نامىنى تىلغا ئېلىشى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇلار ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى داۋۇت تۇرەخمەتوف بولدى. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، داۋۇت تۇرەخمەتوف شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىللەردە، 1955 - يىلى، 1956 - يىللىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن

قەشقەرگە بارغاندا، سەلەي چاقچاقنىڭ لەتىپە ۋە قوشاقلىرىنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ زىيارەت قىلغان. ئۆزى توپلىغان بۇ بىر قىسىم لەتىپىلەرنى ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىۋاتقان «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغاندىن باشقا، كېيىنكى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن سەلەي چاقچاقنىغا دائىر مەلۇمات، ئۇچۇرلارنى رەتلەپ، ئالمائاتىدىكى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ۋە مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا سىلاۋىيان يېزىقىدا «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى» ناملىق كىچىك بىروشورانى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابقا يەنە 270 كۇپلېتتىن ئارتۇق ناخشا، بېيىت - قوشاق كىرگۈزگەن. ئۇ توپلىغان سەلەي چاقچاق قوشاقلىرىدىن بىر قىسمى كېيىنكى مەزگىللەردە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدا قايتا ئېلان قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

سەلەي چاقچاقنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە مۇبارەك نامى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق يازغۇچى، شائىرلىرى، ئالىملىرى، مۇزىكانت، ئارتىس، ھەيكەلتىراش، دىراماتورگ، رېژىسسورلىرىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسىغا ئايلىنىپ، قازاقىستاننىڭ تىياتىر سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە سالغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا قازاقىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى تۇرسۇن قاھار بىلەن ئىسلامجان قاسىموفلار يازغان «سەلەي چاقچاق» ناملىق مۇزىكىلىق كومېدىيە ئالمائاتا تىياتىرخانىلىرىدا ئوينالدى. بۇ كومېدىيەنى «ھۆرمەت بەلگىسى» ئوردېنلىق رېسپۇبلىكىلىق دۆلەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومېدىيە تىياتىر ئۆمىكى ئويناپ چىقتى. بۇ تىياتىرنى كۆرگەن

ئۇيغۇر، قازاق ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي مىللەت تاماشىبىنلىرى ئىنتايىن خۇشاللانغان ھالدا: «سەلەي چاققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر قىزىقچىسى، خەلق قىزىقچىسى، خەلق مەنپەئەتى ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان مىللىي قەھرىمان ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز» دېيىشكەن. «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1986 - يىلى 3 - ئىيۇندىكى سانلىرىدا «سەلەي چاققان» كومېدىيەسى ھەققىدە سۈرەتلىك خەۋەر بېرىلگەن. سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان. سەلەي چاققان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى 1990 - يىلى 3 - ئۆكتەبىر سانىدا «زاماندىشىمىز سەلەي چاققان» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، سۈرەتلىرىنى بېسىپ تارقىتىپ تەنتەنە قىلغان.

سەلەي چاققاننىڭ نامى ياپونىيە خەلقىگىمۇ تونۇشلۇق. ياپونىيەدەك ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى، مائاشى ئۈستۈن، مال باھاسى يۇقىرى، ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك، يۇقىرى پەن - تېخنىكا، نازۇك يۇمشاق پەنلەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان قىزىقچى - دانىشمەنىنىڭ نام چىقىرىشى ھەرگىز ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيەدىن شىنجاڭغا سەيلە - ساياھەت، مەبلەغ سېلىش، ھال سوراش (يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىن)، تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ياپونىيەلىكلەر «نەسىردىن ئەپەندى»نى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى «قەشقەرگە بارمىساڭ، شىنجاڭنى كۆرگەن ھېسابلانمايسەن» دېگەن ھېكمەت بويىچە، سەلەي چاققاننىڭ يۇرتى ئۇيپالغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ، مول تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ياپونىيەگە ئوقۇشقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا،

ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت، سودا ـ تىجارەت، ئويۇن قويۇشقا چىققان ئۇيغۇرلارغا سەلەي چاقچان باشتىن ـ ئاخىر، «ھەمراھ» بولدى. ھەر خىل پائالىيەتلەردە سەلەي چاقچان لەتىپىلىرى سۆزلەنگەندە، ياپونىيەلىك دوستلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلار بىردەك: «بىز ياپونىيەلىكلەر نەسىردىن ئەپەندىنى بىلەتتۇق. ئەمدى بولسا سەلەي چاقچاندىن ئىبارەت يەنە بىر يېڭى دوست تېپىۋالدۇق. سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىنى ياپونىيەدە كارتون فىلمى قىلىپ ئىشلىسەك بەك بازار تاپىدۇ» دەپ ماختاشماقتا. ياپونىيەنىڭ پايتەختى توكيو شەھىرىدە قۇرۇلغان ياپونىيە ـ جۇڭگو شىنجاڭ تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، شارائىت تۇغدۇرۇپ قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەلەي چاقچاننى تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە بەزى پايدىلىق ئىشلارنى ئىشلىدى. دابەندىكى ئۇيغۇرشۇناس ئىگامى سۇرەيا ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر رەپىقىسى مەخپىرەتلەرمۇ بەزى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر يىگىت زەپەرنىڭ پىلانلاپ، ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن سەلەي چاقچان لەتىپىلىرىدىن پارچىلار گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ياپونىيەلىكلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

سەلەي چاقچان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىمۇ زور ئىناۋەتكە ئىگە. سەلەي چاقچان لەتىپىلىرى تۈركىيەدىكى ئالىم، تەتقىقاتچىلار، ئەدىبلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ئادانا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىيە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يىغىلىش، كېڭەش، مۇزاكىرىلىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان، كىشىلەر ئاڭلاشنى خالايدىغان ئەدەبىي تېمىغا ئايلاندى. 1993 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ ئاق شەھىرىدە

خەلقئارالىق فولكلور يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، بۇ يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرەم رەھمان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك لەتىپىچىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، سەلەي چاققان، موللا زەيدىنىنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشتى. «تۈرك فولكلورى» ناملىق ژۇرنال 1993 - يىللىق 4 - سانىدا مەزكۇر ماقالىنى ئېلان قىلىپ، قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مىللىي قەھرىمانلىرىغا زور ئېھتىرام بىلدۈردى. ئابدۇكېرەم رەھمان ۋە شائىر، ژۇرنالىست ئابلىمىت سادىقلارنىڭ تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى بەزى ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە سەلەي چاققاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇپ قەلبىنى سۆيۈندۈردى.

سەلەي چاققان ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئۇكرائىنا جۇمھۇرىيىتىدىمۇ ناھايىتى يۇكسەك ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ئۇكرائىنا ئالىملىرى ئارىسىدا بىر مەزگىل «سەلەي چاققان قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلۈپ، يىپەك يولىدىكى قەدىمىي شەھەرلەردىن بىرى بولغان قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يۇمۇرىستىك خاراكتېرى كۈچلۈك بۇ دانىشمەن بىلەن تونۇشۇش، سىردىشىش، تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. 1987 - يىلى ئۇكرائىنا ئالىمى، تەتقىقاتچى ئالېكساندىر تىپكون تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا قىزىقچىلىرى» ناملىق توپلامغا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىن بىرقانچە پارچىسى كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېۋەر ئوغلى، دانىشمەن سۆز ئۇستىكارلىرىنىڭ جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىگە چىقالىغانلىقىنىڭ باشلىنىش قەدىمى بولدى. ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن زور شان - شەرەپ،

ئىپتىخارلىق ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ!

ئۇلۇغ رۇس شائىرى پوشكىن: «قانۇننىڭ قىلىچى يېتەلمىگەن جايغا ھەجۋىينىڭ (ساتىرا) قامچىسى يېتەلەيدۇ» دەپ ئېيتقانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كۈچلۈك ھەجۋىي تۈس ئالغان سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ چىقىپ، دۆلەت ئەھۋالى، قىممەت قارىشى، سىياسىي قارىشى ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىغا قوشماقتا.

شىنجاڭ سەلەي چاقچاقنىڭ ئانا يۇرتى، سەلەي چاقچاقتىن ئىبارەت قەھرىماننىڭ تەۋەلىكى بىزدە، يىلتىزى بىزدە، ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى بىزدە. ئىككى دەۋر ئارىلىقىدىكى ئەسىر ئالمىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆتمۈش ۋە كېلەچىكى ھەققىدە بىر يۈرۈش ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان ياش شائىر، پەلسەپىچى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئۆزىنىڭ «ئەزىمەتلەرنى نەدىن تاپىمىز؟» ناملىق پوبلىستىك ماقالىسىدە: «تارىختا مۇتلەق تەلەيلىك مىللەت بولغان ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ جاسارىتى، غالىپلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ھەم ئۆزىدىكى ئۇلۇغلۇق سەۋەبلىك گاھىدا تارىخنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك ھاقارەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلۇغلۇق دەل ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ئىچىدە بىر مەھەل ئارام ئېلىپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۆزىنى قايتىدىن لايىھەلەيدۇ - دە، يېپيېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇ خىل ئۇلۇغلۇقىنى جاپالىق يىللاردا يىتتۈرۈپ قويغان مىللەت تەزكىرىلەرنىڭ بىرقانچە قۇرىغىلا ئىگە بولالايدۇ، خالاس. كېلەچەك ھەرگىزمۇ

ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس[1]» دېگەن ئىدى.

تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئىزچىل كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ چۈشمەكتە. مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش جەمئىيەتنىڭ ئالىي مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالماقتا. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ھازىرقى تۈرلۈك ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش، جۈملىدىن سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى قېزىپ، توپلاپ، رەتلەپ، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا تەرجىمە قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش - بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئالىي مەسئۇلىيىتىمىز، بۇرچىمىزدۇر.

---

[1] «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 82 - بەت.

## توققۇزىنچى باب

# سەلەي چاققان پورترېتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى توغرىسىدا

بۈگۈنكى كۈندە سەلەي چاققان نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازىغا ياندىشتۇرۇلىدىغان تىپقا ئايلاندى. ئۇ، جى گوڭ (خەنزۇ)، جۇھا (ئەرەب)، ئەبۇنۇۋاس (پارس)، ئاگدىڭبا (زاڭزۇ)، چاگدىر (موڭغۇل)، گۇڭپو (جۇاڭزۇ)، جىن شيەندا (چاۋشيەنزۇ)، ئالدار كۆسا (قازاق) قاتارلىق جاھان قىزىقچىلىرى قاتارىدا تارىخىي، بەدىئىي تىپ سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىنىپ، خەلقىمىزگە قايتا تونۇلۇپ، جاھان مەدەنىيىتىنىڭ چولپانلىرىغا ئايلاندى.

سەلەي چاققان قانداق رەڭدىكى بىر ئادەم بولغىيتتى؟ دېگەن سوئال بىر ـ ئىككى ئەسىردىن بۇيان چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ ئۆتكەنىدى. بىراق، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى، رەڭگى ـ رۇخسارى، ياش قۇرامى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. ھەقىقەتەن، ئۇ زامانلاردا سۈرەت ئېلىش تېخنىكىسى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ رەسىملىرى قالدۇرۇلمىغانىدى. پېشقەدەملەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدىلا شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ توي ـ مەرىكە، بەزمە ـ مەشرەپ سورۇنلاردا سەلەي چاققاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. بۇ سورۇنلاردا ئېيتىلغان لەتىپىلەر ياڭراق كۈلكە قوزغاپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىۋەتكەن. كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى،

تارىخچى شېرىپ خۇشتار ئاكىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن سەلەي چاقىقاندىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۇنى خەلققە تونۇتۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدەنگەن. ئەخمەتجان قاسىمى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىرقانچە لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنى ناھايىتى ماختىغان ھەمدە سەلەي چاقىقاننى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇتۇشنى ئېيتقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا سەلەي چاقىقاننىڭ خەلق ئىچىدىن چىققان زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكار، خەلقنى ياقلىغان، خەلقنىڭ زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن قىزىقچى ــ قەيسەر جەڭچى ئىكەنلىكى تونۇشتۇرۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭ فىرونتىنىڭ جەڭ ئاكوپلىرىدا جەڭچىلەر سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرىنى سۆزلەپ روھىنى كۆتۈرگەن. بۇ ئىش شۇ يىللاردىكى خەلقىمىزنىڭ سەلەي چاقىقان بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىشى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوقۇغان، خىزمەت قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭدىن باشلاپ سەلەي چاقىقاننى تونۇغان، ئۇپالدىكى پارتىزانلار ئىچىدە ئۇنىڭ كۈلكىلىك لەتىپىلىرى توختىمىغان.

1950 - يىللاردىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر قانات يايدى. نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان ئۇيغۇر خەلقى زۇلمەت كىشەنلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، يەر، سۇغا ئىگە بولۇپ، قەد كۆتۈردى. قەد

كۆتۈرگەن دېھقانلار «يەر بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ» دېگەندەك ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى يۇرتمۇ يۇرتلاردا قاينىتىۋەتكەنىدى. سەلەي چاقچان زادى قانداق ئوبراز؟ كىشىلەر رەسىمدىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەقەززا بولاتتى. دەل شۇ يىللاردا داۋۇت تۇرەخمەتوف سەلەي چاقچاننىڭ بىر قىسىم لەتىپىلىرىنى توپلاپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ پورترېتى بىلەن قوشۇپ بىللە ئېلان قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. رەسىمنى كىم سىزىدۇ؟ قانداق سىزىدۇ؟ بۇنى جامائەتكە قانداق يەتكۈزۈش كېرەك؟ نەتىجىدە، پۈتكۈل جەمئىيەتتە سەلەي چاقچانغا قارىتا ئىزدىنىش قايتا باشلانغاندەك بولدى. خەلق قەلبىنىڭ رايى، تارىخىي ھېسسىياتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن سەلەي چاقچان ھەققىدە نۇرغۇن گەپ - سۆزلەر بولۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي بوي - تۇرقى، ياش قۇرامى، رەڭگىرويى، چىراي - شەكلى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەسلىي ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ يوق ئىدى. تارىخىي چەكلىمىدىن بۇ ھەقتە ھېچ كىشى بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمايتتى. بۇ ــ خەلقنى تەربىيەلەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەر كۆڭلىدە كەم بولۇۋاتقان، نەشرىيات ساھەلىرىدىكى بىر بوشلۇق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، تارىخچىلىرى، ئۇيغۇر رەسسام، تەتقىقاتچىلىرى ئالدىغا سەلەي چاقچاننىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتىنى سىزىپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەزىپىنى پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىلا ئورۇنلىيالايتتى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقان داۋۇت تۇرەخمەتوف بۇ

ئىشنى قايتا ـ قايتا ئويلاپ چارە تاپتى. ئۇ، رەسسام غازى ئەھمەتنى ئىزدەپ، مەكتەپكە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تاپالماي سۆز قالدۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ياش رەسسام غازى ئەھمەت داۋۇت تۇرەخمەتوفنىڭ ئىشخانىسىغا ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ياش رەسسامنىڭ قەلبىدە «سەلەي چاققاننى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام ياكى بۇ كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىرەر پارچە فوتو سۈرىتى بولمىسا، مەن مۇنداق رەسىمنى قانداق سىزىپ چىقارمەن؟» دەيدىغان ئەندىشە بار ئىدى. ئۇلار سۆزلىشە ـ سۆزلىشە ئەڭ ئاخىر ئامال تاپتى. ئۇلار غازى ئەھمەتنىڭ تۇغۇلغان مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قۇتبۇللا خوجام دېگەن مازارنىڭ نامىدا ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىدە ئىمىن قارىلاق دېگەن بىر سۆزمەن، چەۋەنداز يىگىتبېشىنىڭ ئۆتكەنلىكى، خۇشچاقچاق، قىزىقچى ئۇ كىشىنىڭ چىرايى، بوي ـ تۇرقى سەلەي چاققاننىڭ ئوبرازىغا ماس كېلىدىغانلىقى، شۇ كىشىگە ئوخشىتىپ سىزىلسا بىرقەدەر ئوبيېكتىپ، رېئاللىققا يېقىن بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىشتى. غازى ئەھمەت بىلەن داۋۇت تۇرەخمەتوفنىڭ تەپسىلىي پىلانى تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، داۋۇت تۇرەخمەتوف مەكتەپ، فاكۇلتېت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم تەھرىرلەر بىلەن كېڭەشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئايلىق نەشر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدىكىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. غازى ئەھمەت نۇسخا

قىلىپ سىزماقچى بولغان ئىمىن قارىلاق دېگەن كىشى 45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئۆزى ئوتتۇرا بوي، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئۆڭى قارامتۇل، قاشلىرى قويۇق ھەم قارا، كۆزلىرىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. بېشىغا كۆپ ھاللاردا كۆچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا كۆرپە تۇماقنى بىرئاز قىڭغىر قىلىپ، يەنى چېكىسىنى باسۇرۇپ كىيەتتى. تۇماقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇماق ئىچىگە كىيگەن ئاق شاپاق دوپپىسى سەل - پەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا ئاق خەسىدىن كۆڭلەك، تامبال، ئۇستىگە قارا چەكمەن تون كىيەتتى. ھەتتا ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردىمۇ قارا چەكمەن تونىنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ تەق - تۇرقىدىن بىر نوچىلىق ۋە مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

1956 - يىلى يازدا بۇ گۇرۇپپا سەلەي چاقىقاننىڭ يۇرتى ئۇپال يېزىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئەجداد، ئەۋلادلىرىغا دائىر ئىشلار بىلەن تونۇشۇپ، سەلەي چاقىقاننىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە زۆرۈر بولغان ئارخىپ ماتېرىياللارنى يىغدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، نەۋرە - چەۋرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىرسىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن تونۇشۇپ تەتقىق قىلىپ ئۆگەندى. بۇ رەسساملارغا غازى ئەھمەت باش ئىدى.

غازى ئەھمەت 1933 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىدىكى بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ قوشكۆل باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل قوغانغا قاراشلىق سوگىتاغ كەنتىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى قۇرئاننى

ئوبدان ئىگىلەپ، بىر پىشقان ئۆلىما بولۇپ چىقىدۇ، دېگەن مۇددىئا بىلەن بۇ مەكتەپكە بەرگەنىدى. ھالبۇكى، ياش غازى ئەھمەت دادىسىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، قۇرئاندىكى ھۆسنخەت نۇسخىلىرىغا مەھلىيا بولۇپ، گۈزەل سەنئەتنى، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىش قىلدى. كېيىن ئۇ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇش پۈرسىتىگە ئىگە بولدى ھەمدە ئۆتكەنكى ئىزدىنىشلەر ئاساسىدا بىر رەسسام بولۇشقا بەل باغلىدى. غازى ئەھمەت ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئارقىسىدا، 1954 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ رەسىم كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن رەسىمچىلىك كەسپىنىڭ ئومۇمىي بىلىملىرى، ئاساسىي ماھارەت، قانۇنىيەتلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا، ئۆز سىنىپى بويىچە ئەلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە بەزى ئىجادىيەتلەرنى ئىشلەپ، قىسقا ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، ياش ئۇيغۇر رەسساملىرى ئىچىدە تونجى بولۇپ ئىجادىيەت سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ئەينى يىللىرى غازى ئەھمەتتە ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىق ۋە ئالىم، دانىشمەن، ھېكمەت ئىگىلىرىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت تولۇپ تاشقانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «ئۇيغۇر لەتىپە - يۇمۇرچىلىقىنىڭ ئاتىسى بولغان سەلەي چاققانىنىڭ سۈرىتىنى زادى قانداق سىزسام ياخشى چىقار؟» دېگەن بىر ئويلا بار ئىدى. ئۇ ئۇيپالدىكى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپلا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قولىغا پەلكۈچ ئېلىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىمىن

قاربلاقنى ئەنداز قىلىش ئاساسىدا. سەلەي چاقفاننىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، كۆڭۈل دەپتىرىگە بىر - بىرلەپ يازدى. يەنە سەلەي چاقفاننىڭ باشقا لەتىپىلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى. ئاڭلىغانسېرى كۆڭلى يورۇپ كەتتى، سۆزلەپ بەرگۈچىلەرنىڭ لەتىپە ئېيتىش ماھارىتىگە زەن سېلىپ، ئۇنى كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ بىر بېتىگە پۈتتى. ئۇ، سەلەي چاقفان لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئۆز يۇرتىدىن چىققان ئىمىن قاربلاق دېگەن ئاشۇ سۆزمەن، چاقچاقچى ئادەمنى نۇسخا - خېمىرتۇرۇچ قىلىپ، سەلەي چاقفاننىڭ باتۇر، قورقماس، خۇشچاقچاق، يېقىملىق، چاقفان، مەغرۇر لاتاپىتىنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن مىڭ قېتىملاپ ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ ئوبرازىنى زاماندىن - زامانغا يادلانغۇدەك، زامانلار ئۆتسىمۇ كىشىلەر تونۇۋالغۇدەك دەرىجىدە سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭ سىزغان ئوبرازى ئىمىن قاربلاقفا ئوخشاپراق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاق يۈزلۈك ئىدى. بىر قولى بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، بىر قېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆتكۈر ۋە چېچەنلىكلىكى يەنە بىر تەرەپتىن ھەييارلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ ئامبال - دارىنلارنى، باي - مۇشتۇمزورلارنى، ھارام تاماق، تاماخور سوپى - ئىشانلارنى، چىرىك ئەمەلدارلارنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر قىياپەت ئىپادىلەنگەنىدى. بۇ سەلەي چاقفاننىڭ ئۆلچەملىك ئوبرازى ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، رەسسام غازى ئەھمەت سەلەي چاقفاننىڭ نۇرلۇق ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق نۇسخا ئۇنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقمىغان. كۆپ خىل نۇسخىلار ئىچىدىن ئەڭ ئاخىر ئۆزى ھەقىقىي ياراتقان بىرىنى قارا سىياھ

بىلەن رەسىمي سىزىپ چىقىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەملىك سۈرىتى قىلغان. بۇ سۈرەت ياش رەسسامنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەت ھاياتىدىكى تۇنجى قەدەم ئىدى. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئۇ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا قارىخانا (كونا ئىسلام دىنى مەكتىپى) دە ئوقۇيدىغان مەزگىللەردە ئۇ يەردىكى تالىپلار دائىم دېگۈدەك نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرىنى ئېيتىشاتتى. سەلەي چاقچاقان نامى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان. مانا بۇنىڭغا 70 يىلدىن ئېشىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە مەن بىر ئاتاقلىق رەسسامغا ئايلاندىم. سەلەي چاقچاقاننىڭ پورترېتىنى يارىتىش تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ پورترېتىنى يارىتىش بويىچە ئىشلىگەن ئەمگەكلىرىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى بولۇپ قالدى.» مەشھۇر شەخسلەردىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىسساخان قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەملىك رەسىملىرىمۇ غازى ئەھمەتنىڭ يۈرەك قېنى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق سىزىلىپ چىققانىدى.

سەلەي چاقچاقاننىڭ رەسىمى ئەڭ دەسلەپ «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 1958 - يىللىق 8 - سانىدا «مەشرەپ» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغانىدى. كېيىنچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا زور داغدۇغا قوزغىدى. ئۇ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇگىمەس رەھمىتىگە ئېرىشتى. ئەينى يىللاردا غازى ئەھمەت سىزغان بۇ رەسىمنى كۆرگەن ئۇيپالدىكى نۇرغۇن مويسىپىت، ياشانغان كىشىلەر، سەلەي چاقچاقاننىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى، ھەتتا تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قارى ھاجىم، ئابدۇراخمان مەخسۇم قاتارلىق ئاقساقاللارمۇ: «غازى ئەھمەت سىزغان بۇ

رەسسام بەئەينى سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپتۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. خەلقنىڭ يۈكسەك باھاسىدىن مەمنۇن بولغان غازى ئەھمەت يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىزدىنىپ، «مەندىن قورقىدۇ» دېگەن لەتىپىگە ماس كەلتۈرۈپ «مەن ھېچ نېمىدىن قورقمايمەن» دېگەن چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى قىستۇرما رەسىمنى سىزىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن لەتىپىلەرگە غازى ئەھمەت سىزغان ئەينى يىللاردىكى باش قىستۇرما رەسىم ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان قىستۇرما رەسىملەر سىزىلدى. داۋۇت تۆرەخمەتوف 1962 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندە، غازى ئەھمەت سىزغان بۇ رەسىمنىڭ ئەسلىي قول سىزما نۇسخىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە دۆلەت سىرتىدا ساقلىنىپ قالغان. 1969 - يىلىدىن بۇيان بۇ رەسىم داڭلىق فوتوگراف ئابلىز غوپۇرنىڭ فوتوسى ئارقىلىق «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى»)، «يېڭى ھايات» گېزىتى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللاردا قايتا - قايتا ئېلان قىلىنغان. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل تىلدا كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردا ئاشۇ سۈرەت ئۆلچەملىك سۈرەت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن لەتىپىلەرگە ياندىشتۇرۇپ ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا بەتلىرى، كۆرگەزمە، ئابىدە، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى، خەلق مەشرەپلىرى، كالېندارلارمۇ سەلەي چاقچاقنىڭ بۇ ئۆلچەملىك سۈرىتىنى ئىشلىتىپ، خەلقىمىزگە چەكسىز مىللىي غۇرۇر ئاتا قىلىپ كەلمەكتە.[1]

---

[1] بۇ بابتىكى مەلۇماتلار رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ شەخسەن تونۇشتۇرۇپ بېرىشى ۋە تەمىنلىشى ئارقىسىدا يېزىلغان.

# خاتىمە

«سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى» ناملىق بۇ كىتابىمنى يېزىشنى خېلى بۇرۇنلا پىلانلىغانىدىم. نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان يىغىلغان ماتېرىيال ـ مەلۇماتلارنى ساقلاش، رەتلەش، بىر ئىلمىي سىستېمىغا كىرگۈزۈپ قەلەم تەۋرىتىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈشمۇ ناھايىتى زور بەدەل تۆلەيدىغان ئىش بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم بۇ نەرسىلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئىگىسى بولغان قەدىردان خەلقىمگە سۇنۇشقا تۈرتكە بولدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقىم.

سەلەي چاققاننىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرىگە ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ. بۇ بىر مەڭگۈلۈك تېما. بۇ تېمىنى يېزىپ يورۇتۇشقا 1999 ـ يىلى باشلىغانىدىم. ئارىلىقتا كۆپ قېتىم قايتا ـ قايتا تۈزىتىپ ئىشلەپ تولۇقلاپ چىقتىم. دۇنيادىكى سەلەي چاققانغا دائىر بارلىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئېيتىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ، تۈرلۈك سەۋەب ۋە چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئۈنداق قىلالمىدىم. مەزكۇر كىتابىمنى يورۇقلۇققا چىقىرىش يولىدا مېنى قوللىغان، يىپ ئۇچى، ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن، مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

## ئىگىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ - دە!

سەلەي چاقچاقنىڭ بىر قوشنىسى بار ئىكەن، ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ ھويلا - ئارامىدىكى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى ئېلىۋالىدىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان قوشنىسىدىن سوراپتۇ:

— قوشنام، سىزنىڭ ئۆيدە بىر ئاق مۈشۈك بولىدىغان، كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— يىراقتىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتكەن.

— نېمىشقا؟

— باققىلى بىر يىل بولماي تۇرۇپ، ئوغرىلىقنى ئۆگىنىپ قاپتۇ، — دەپتۇ قوشنىسى نارازى بولغاندەك قىلىپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، شۇنداقمۇ ئوخشىمىدىغان؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مۈشۈكلىرى ھۈنەر ئۆگىنىشتە ئىگىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ - دە!

## ساقايتارمىكىن دەيمەن

سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغرىلىقتا نامى چىققان بىر قوشنىسى بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ، سەلەي چاقچاقاندىن:

— سەلەيكا، ئوغلىڭىزنى چوڭ بولغاندا قانداق ھۈنەرگە بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوختۇرلۇققا.

— دوختۇر بولماي ساقچى بولسا بولمامدۇ؟

— دوختۇر بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

— نېمىشقا؟
— ئەگەر قوللارنى داۋالاپ ساقايتارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق يولىغا راۋان بولغاچ.

## يامان چىقىپسىز

بىر باي سەلەي چاقچاقنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، بوغداي نېنىنى لېگەنىنىڭ ئاستىغا، قوناق نېنىنى ئۈستىگە تىزىپ ئېلىپ كەپتۇ. باينىڭ ھىيلىسىنى بىلگەن سەلەي چاقچاق دەرھال نانغا قاراپ:
— بىر يۈزىگىز قارا، بىر يۈزىگىز قىزىل ئوبدان پىشىپسىز، لېكىن - زە، ئالتە ئايلىق تۇرۇپ 12 ئايلىق بوغداي ئاكىگىزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپسىز، — دەپ لېگەندىكى بوغداي نېنىنى زاغرا ناننىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ چىنىگە سېلىشقا باشلاپتۇ.

## قار ياغمايدۇ، مۇز توڭلىمايدۇ

مەھەللىدىكى بىر باي سەلەي چاقچاقنىغا بەك ھەسەت قىلىدىكەن، پۇرسەت بولسىلا سەلەي چاقچاقنى گەپتە چۈشۈرۈشنى ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەلەي چاقچاقتىن قەستەن:
— ھەي، سەلەي ئاخۇن، ھېچ بىلمىدىم، يازدا ھاۋا نېمە ئۈچۈن ئىسسىق بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
باينىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن سەلەي چاقچاق:
— شۇنىمۇ بىلمەمسىز باي ئاكا، ئۆزىگىز دېگەن ئەمەسمۇ؟ يازدا قار ياغمايدۇ، مۇز توڭلىمايدۇ، — دەپتۇ.

## ئېشەك بەگ

سەلەي چاقچاقان بىر كۈنى ئېشىكىنى مىنىپ شەھەرگە ماڭغانىكەن، يولدا شەرئەت مەھكىمىنىڭ قازىسىغا يولۇقۇپتۇ. قازى سەلەي چاقچاقاننى مەسخىرە قىلىپ:
— سەلەي ئاخۇن، ئېشەكلىرى بەكمۇ كېلىشكەن ئېشەك ئىكەن، ئۆزلىرىنى بىرەر يۇرتقا بەگلىككە تەيىنلىسەك بولغۇدەك، — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاقان:
— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، قازى كالان، ئېشىكىمنى ئۆزلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆرگەنلىرىگە ئاپىرىن، — دەپتۇ.

## مەنسەپ سېتىۋالدى

بولاقسۇنىڭ بازىرىدا بىرسى سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:
— سەلەيكا، بىلەمسىز؟ قوشنىڭىزنىڭ ئايالى بۈگۈن سەھەردىلا پەيتونغا چىقىۋاپتۇ. ئۇلار پەيتون ھارۋا سېتىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟
— خاتالاشتىڭىز، — قوشنام تۈنۈگۈنلا ھاكىملىققا ئولتۇردى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەنسەپ سېتىۋالدى ئەمەسمۇ؟
— دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## كەمبەغەلنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن

مەھەللىدىكى بىر تويدا سەلەي چاقچاقان بىر باي بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاقان بايغا قولىنى يىغىپ‌راق بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولساڭ، قولۇڭنى تۇزۇكرەك بەرمەمسەن؟ — دەپتۇ.

— خاپا بولماڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — پېقىر كەمبەغەل، كەمبەغەلنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن.

## ھىدىنى پۇرىغان بولسا كېرەك

سەلەي چاقچاق كالىسىنى يېتىلەپ ئېتىزلىققا كېتىۋاتسا، يېرىم يولدا مەھەللىدىكى بىر ئاچ كۆز باي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپتۇ. باي تۇيۇقسىز گەپ ئېچىپ:

— كالىڭىز كەينىمدىلا يۈرۈيدۇ، ئۇسۇپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— توغرا ئويلاپسىز باي ئاكا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇ كالىنىڭ گەندە يەيدىغان خۇيى بار ئىدى، بەلكىم سىزدىن شۇنىڭ ھىدىنى پۇرىغان بولسا كېرەك.

## ئىچىڭىزدە ساقلىسىڭىز بولمامدۇ

سەلەي چاقچاق مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ، زىياپەت راسا قىزىۋاتقاندا، يېنىدا ئولتۇرغان باي يەل قويۇپ بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن كۆپچىلىككە:

— باي غوجام يەل قويۇپ بەردى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. يۈزى قىزارغان باي سەلەي چاقچاقنى نوقۇپ:

— بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە دېمەي، ئىچىڭىزدە ساقلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. سەلەي چاقچاقمۇ قىلچە ھودۇقماستىن:

— سىزمۇ يەلنى تېشىڭىزغا چىقارماي، ئىچىڭىزدە ساقلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## توك ئۆرۈك يېمىسۇن دەيدۇ

سەلەي چاقچاقان ئېتىزلىقتا كېتىۋاتسا، داخانغا ئىشىنىدىغان بىر ئايال باغ ئىچىدە تۇرۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىم سەل - پەل ئاغرىۋاتىدۇ، چىراغ كۆرسىتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

ھېلىقى ئايال ئۆيلانماستىنلا:

— سەلەي ئاخۇن، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مېنىمۇ سورىغاچ كەلگەن بولسىلا بوپتىكەن، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقان ماقۇل بولۇپ ئۆز ئىشىغا مېڭىپتۇ، يانار ۋاقتىدا ھېلىقى ئايال سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، مېنىڭ ئىشىمنى سورىغاچ كەلدىمۇ؟

— سورىغاچ كەلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — سىزنى توك ئۆرۈكنى تولا يېمىسۇن، دەيدۇ.

## ئات ئېغىلىغا كىتەي

بىر كۈنى يۇرت بېگى بىر كۆپلىپت شېئىر يېزىپ سەلەي چاقچاقانغا ئوقۇپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ماختىشىنى تەمە قىپتۇ.

— مەنىسىز، قالايمىقان يېزىپسىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

بۇ گەپتىن غەزەپلەنگەن يۇرت بېگى ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئېغىلغا سولاتقۇزۇۋېتىپتۇ. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، مەھەللىدىكى جامائەتنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن، ئۇ سەلەي چاقچاقاننى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي يۇرت بېگى يەنە بىر كۆپلىت شېئىر يېزىپ، سەلەي چاقچاقنغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇن - تىن چىقارماي بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە سىرتقا يول ئاپتۇ.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يۇرت بېگى ھەيران بولۇپ.

— ئات ئېغىلىغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى

شەھەردە خالىخوتا تاماق ئېتىلىدىغان بىر مەينەت ئاشخانا بار ئىكەن، بىر قېتىم سەلەي چاقچاق ئاشۇ ئاشخانىدا مانتا يەۋېتىپ توۋلىۋېتىپ قېلىپتۇ:

— ھەي جامائەت، قاراڭلار، ماۋۇ مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. خېرىدارلار ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. بۇ تاسادىپىيلىقتىن خاپا بولغان غوجايىن ئاچچىقلىنىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مانتىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ ئادەم پاتسۇن؟ — دەپتۇ.

— ئەمىسە، مانتىنىڭ ئىچىدە ئادەم بولمىسا، بۇ بىر غېرىچ چاچ نەدىن كەلدى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## چىش بىلەن

سەلەي چاقچاق بىر قېتىم بىر پىخسىق باي بىلەن

ھەمداستىخان بولۇپ قاپتۇ. باي ئۇنى گەپتىن چۆشۈرمەكچى بولۇپ:

— ھە، سەلەي ئاخۇن، ئۆيىڭىزدە توخۇ گۆشى يېسىڭىز، ياش - قېرىلىقىنى قانداق پەرقلەندۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، ئەلۋەتتە چىش بىلەن پەرقلەندۈرىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— توخۇنىڭ چىشى يوققۇ؟ — يەنە سوراپتۇ باي.

— مېنىڭ چىشىم بار - دە، يۇمشاق يېشىقىنى چۆجە گۆشى، قاتتىق يېشىقىنى قېرى توخۇنىڭكى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مەنىلىك قاراپ.

## يۈز دانە ئارغامچا ۋە يۈز تال قوزۇق

بۇلاقسۇدىكى بىر چوڭ باي سەلەي چاقچاقنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— باي ئاكا، باقىدىغان مال قانچە تۇياق؟ — دەپ سوراپتۇ باي:

— يۈز تۇياق، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا يۈز دانە ئارغامچا ۋە يۈز تال قوزۇق بېرىڭ، ئاندىن مالنى ئامان - ئېسەن باقىمەن.

## ھارام

خان سەلەي چاقچاقنىمۇ ھەمراھ قىلىپ شىكارغا چىقىپتۇ.

ئۇ يول ئۈستىدە كۆزى چۈشكەن ھايۋانلارنى ئالا قويماي «قايسىسىنىڭ گۆشى ھالال، قايسىسىنىڭ گۆشى ھارام» دەپ سوراپ مېڭىپتۇ. ئۆلگەن جان - جانىۋارلارنى ئۇدۇللۇق كەلگەن خۇرجۇنلىرىغا قاچىلاپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ سەلەي چاقچاقاندىن:

— ئادەمنىڭ گۆشى ھالالمۇ - ھارامۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— ھارام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان يەنە:

— ئادەم ھەممە ھالال نەرسىلەرنى، تاتلىق، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يېسە، ھارام دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ قايتا سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭ گۆشى ھالال دېسەم، مېنىمۇ قوشۇپ يەپ قويۇشلىرىدىن قورقتۇم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى

ئامبال كاتتا چاي ئۆتكۈزۈپ، يۇرت بايۋەچچىلىرىنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، سەلەي چاقچاقنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىدە يېگەن - ئىچكەنلىرىنى ماختىشىپ، سەت كېكىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئامبال:

— مەن بۇ دۇنيادا كۆزۈم كۆرگەن، قولۇم ئاتلىغان بارلىق نازۇ نېمەتلەرنى يەپ تېتىپ باقتىم، پەقەت بىرلا نەرسىنى تېخى يەپ باقمىدىم، ئۇ زادى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئولتۇرغان بايۋەچچىلەردىن بىرى.

— تەقسىر راست ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋېتىپ، — تەقسىر بىرلا نەرسىنى يەپ

باقمىدى، ئۇ بولسىمۇ ئوت. ئاغزى كۆيمىسە ئوتنىمۇ يەيتتى. بىراق، بۇ دۇنيادا يېيەلمىگىنى بىلەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا راسا تويغۇدەك يەيدىغان بولدى ـ دە!

## ئوڭدىسىغا ئۇزۇۋاتىدۇ

خان بىر چىنە سۈتنى ئېلىپ، ئەمدىلا ئىچمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت چىنىنىڭ ئىچىدە بىر چىۋىننىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، مۇلازىم سەلەي چاقچاقنى چاقىرتىپ:

— بۇ مەرەز، چىنىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاق تازا زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— جانابىي ئالىيلىرى، ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇزۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئابستراكت رەسىم

بىر چالا موللا دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تالىپلىرىغا بىر پارچىدىن رەسىم سىزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ سەلەي چاقچاقتىن:

— ھە، سەلەي، سەن خېلى چاقچاق بالا تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بىرەر پارچە رەسىم سىزماي، ئاق قەغەزنى تاپشۇردۇڭ؟ — دەپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— موللام، مېنىڭ سىزغىنىم بولسا ئابستراكت رەسىم، — دەپتۇ.

موللا:

— ئۇنداق بولسا، سەن نېمىلەرنى سىزدىڭ؟

— بېلىق سىزدىم، قوي سىزدىم.
— بېلىق قېنى؟
— باشقىلار ئەپكەتتى.
— قوي قېنى؟
— جاڭگالغا ئوتلىغىلى كەتتى.
— ئادەمچۇ؟
— ئادەممۇ ئۆيىگە كەتتى.

## توخۇ بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن

سەلەي چاققان شەھەردە بىر سودىگەرنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرسا، بىر كۇرۇك توخۇنى قولتۇقىغا قىسىۋالغان بىر بەڭگە كىرىپ كەپتۇ.

سەلەي چاققان ھەيران بولۇپ:

— سىز نېمىشقا ئىت بىلەن بىللە يۈرۈيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، سىز خاتالاشتىڭىز، بۇ ئىت ئەمەس، توخۇ دەپتۇ بەڭگە.

سەلەي چاققان تېزلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىلدىم، مەن توخۇ بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن.



## جاۋاب

بىر مۇتەئەسسىپ چالا موللا سەلەي چاقچاقىن بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، — دەپتۇ موللا، — ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ قانداق پەرقى بار؟

— قانداق پەرقى بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئادەم كىيىم كىيىپ يۈرۈيدۇ، ھايۋان توپا سورۇيدۇ، چالا موللا يالغان سۆزلەپ قورۇيدۇ.

## كىچىك بالىنى دوراش

بەگ، قازى، يۇرت چوڭلىرى ئوردىغا يىغىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار سەلەي چاقچاقنىڭ بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا قانداق قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسەم بولىدىكىن؟

مېھمانلار كىچىك بالىنىڭ قىلىقلىرىدىن بىرەرسىنى دوراپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

سەلەي چاقچاق مېھمانلارنىڭ زىياپەتكە كىيىپ كەلگەن يېڭى تون - سەرپاي ۋە ئاپپاق سەللىلىرىنى ئۆتنە ئاپتۇ - دە، ئۆز كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇستى - ئۇستىلەپ كىيىپتۇ. سەللىلەرنى بېشىغا يۆگەپتۇ. رومالللارنى بېلىگە باغلاپتۇ. ئاندىن ئۇ پېشايۋان ئالدىدىكى يوندا ئازگىلىغا پالاققىدە سەكرەپتۇ - دە، پىلتىڭلاپ ئۇزۇشكە باشلاپتۇ. قاپقارا لايغا مىلەنگەن تون - سەرپايلارنى كۆرگەن بەگ، قازى ئاخۇنۇملار بۇنىڭغا چىدىماستىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

# ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن

بىر يىلى دوتەي ئۇپالغا بېرىپتۇ. كېتەر ۋاقتىدا باي، ئاقساقاللار ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، باغدا راسا پىشىپ يېتىلگەن نەشپۈت، ئامۇتلارنى سېۋەت - سېۋەتلەرگە قاچىلاشقا باشلاپتۇ. سەلەي چاقچاقان بۇ ئامۇتلارنى ئۆزىنىڭ سېۋىتىگە توشقۇزۇپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر دوغا:

— سەلەيكا، سىز سېۋەتلىرىدىكى ئامۇتلارنى كىمگە قاچىلىغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن دوتەيگە دەپ ئالغان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ، — ئەتىگىچە ئاپىرىپ بېرەرمەن.

# ياغسىراپ قاپتۇ

سەلەي چاقچاقان يۇرت ئاقساقىلىغا ئەرز سۇنغانىكەن، ئۇ پەرۋا قىلماپتۇ. بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، ئىككى ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، يەنە خەۋەر بولماپتۇ. ئاخىر سەلەي چاقچاقان يۇرت ئاقساقىلىدىن:

— مېنىڭ ئەرزىم قانداق بولدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز ۋاقتىدىلا ھاكىمغا يوللاپ بەرگەنىدىم، ئاڭلىسام بەتلىرى داتلىشىپ، چاپلىشىپ كېتىپتىمىش، ياغسىراپ قالغان ئوخشايدۇ.

— يۇرت ئاقساقىلىنىڭ غەرىزىنى پەملىگەن سەلەي چاقچاقان چاندۇرماي:

— ياغسىراپ كەتكىنىنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق بىلمىگەندىمەن؟ مەن ئەتىلا ئادەم ئەۋەتىپ مايلاتقۇزۇۋېتەي! — دەپتۇ.

## ئەتە كېلىپ يەل بېرىۋالسىلا

سەلەي چاقچاق بولاقسۇ بازىرىغا بېرىپ خەت يازدۇرماقچى بولۇپ، بىر پۈتۈكچىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پۈتۈكچى سەلەي چاقچاقنى ئەخمەق قىلىش نىيىتىدە:

— سەلەيكا، خەتنى تولا يېزىپ، بۈگۈنكى يازىدىغان خېتىم تۈگەپ قالدى، ئەتە كېلىڭ! — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقنىغا بۇ ئىش ئېغىر كېلىپ، گەپ قىلماي جىمجىت ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ھېلىقى پۈتۈكچى بىر ئەبجەق ۋېلىسىپىت بىلەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ۋېلىسىپىتىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بوسۇغىدا تۇرغان سەلەي چاقچاقتىن:

— سەلەيكا، ناسوسنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، ۋېلىسىپىتىمگە يەل بېرىۋالسام، — دەپتۇ، سەلەي چاقچاق پەيت كەلگىنىنى بىلىپ:

— مىرزا جانابلىرى، بۈگۈن ناسوستا تولا يەل بېرىپ يېلى تۈگەپ قالدى، ئەتە كېلىپ يەل بېرىۋالسىلا، — دەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

## ھارام بىلەن ھالال

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق بىر جامائەت سورۇنىغا بېرىپتۇ، قارىسا مەھەللىدىكى چالا موللا ۋەز - نەسىھەت قىلىۋاتقۇدەك. سەلەي چاقچاق موللىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاز - تولا تىڭشاپ بېقىپ:

— موللا ئاخۇنۇم، غازنى يېيىشكە بولامدۇ - يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— غازنى يېيىشكە بولمايدۇ. غازنىڭ ئۆزى ھارام، لېكىن، تۇخۇمىنى يېسەڭلار بولىدۇ، تۇخۇمى ھالال، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاقان بوش كەلمەي:

— موللا ئاخۇنۇم، ئۇنداقتا، ئېشەكنى يېمەي تەخىينى، ئىتنى يېمەي كۈچۈكىنى يېسە بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، چالا موللا گەپ تېپىپ بېرەلمەي سورۇندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا

بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان بەگدىن سوراپتۇ:

— بېگىم، سىز بېدە كۆكىنى نېمانچە كۆپ يەيدىلا؟

— ئاتتەك بولۇش ئۈچۈن، — دەپتۇ بەگ گەپتە يەڭمەكچى بولۇپ.

— توغرا ئويلاپتىلا، قاچانغىچە ئېشەك بولۇپ يۈرىدىلا، بۇ يىل ئەتىيازدىن پايدىلىنىپ، ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا! — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ

بىر كىشى:

— سەلەي تاغا بۇ ئېشەكلىرى شۇنچە ھاڭراپ، قانچىلىك ئۆمۈر سۈرەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ جانىۋار كەم دېگەندە ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمۈرىنى سۈرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقان.

بۇ گەپ «مەنسەپدارلار بىر ئېشەكچىلىكمۇ ئۆمۈر سۈرەلمەيدىكەن» دېگەن سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ، ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، سەلەي چاقچاقان ئۆزىنى شۇ زامان سوراقخانىدا

كۆرۈپتۇ. ئامبال دەرغەزەپ بىلەن:
— خوش، سەن نېمىشقا «مېنىڭ ئىشىكىم ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى سۈرىدۇ» دېدىڭ؟ قېنى ئىسپاتلاپ بەر بولمىسا... — دەپتۇ.
سەلەي چاققان تەمتىرىمەيلا:
— ئالدىنقى ئىشىكىم ئۆلگەندىن بىرى بۇ يۇرتنى ئۈچ ئامبال سوراپ ئۆتتى. ئۇ گەپنى شۇنىڭغا قاراپ ئېيتقانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## جايىلىرى بولۇر ئۇ دۇنيا

خان قاتتىق ئاغرىپ، ئۇزاق يېتىپ قاپتۇ. ئاخىر تېۋىپلىقتا داڭقى چىققان سەلەي چاققاننى چاقىرتىپتۇ. ئۇنىڭ جىمى شەرتلىرىگە كۆنۈپ:
— سېنىڭ دورا - دەرمانلارنى راسلاپ كېلىشىڭ ئۈچۈن، قانداق نەرسە ۋە ئوت - گىيالار كېرەك، تەپسىلىي ئېيتقايسەن، — دەپتۇ.
— شاھىمغا خوش ئاڭلانسۇن ئۈچۈن، بەزىم بىلەن ئېيتايمۇ، نەزىم بىلەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.
خان ۋەزىرگە قاراپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئەمىر قىپتۇ:
— جانابى ئالىيلىرىنىڭ قۇلىقىغا تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋاز خۇشياقمايدۇ. چىرايلىق نەزىم بىلەن ئېيتىۋەر!
سەلەي چاققان مۇنۇ سەتىرلەرنى ئوقۇپتۇ:

تالقىنى مەرۋەت،
زەمزىمى شەربەت.
دارچىنى قوۋزاق،
خاكىينى دوۋزاق،

ئىسكەنجىۋىل شىپا.
تەرەنجىۋىل ئىپا:
شۈلارنى ئىچسە شاھىم،
يوقىلىپ غەم - ۋايىم.
ئەسقاتماستىن بۇ دۇنيا،
جايى بولۇر ئۇ دۇنيا.

## نەرخىمۇ بىزچە بولۇشى كېرەك

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقانىكەن، بىر سۆلەتمەن كىشى كېلىپ، سالامىنىمۇ ئىلىك ئالماي ، بېشىنى قاشلاپتۇ ۋە:

— خوتۇنۇم بىر نەرسىنى تۆمۈرچىگە بۇيرۇپ قوي دېگەنىدى. لاخشىگىر... ھە، ياق، قىسقۇچ! — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق شېرىكىگە كۆز قىسىپ:

— تەقسىر، قېنى بۇيرۇڭ، نېمە دېسىڭىز ياساپ بېرىۋېرىمىز، — دەپتۇ.

سۆلەتمەن كىشى دۇدۇقلاپ قاپتۇ:

— لاخشىگىر دېگىنى قانداقتۇ؟ قىسقۇچ دېگىنىچۇ...؟

— لاخشىگىر دېگىنىمىز تاجىكچە، قىسقۇچ دېگىنىمىز بىزچە.

— ھە! شۇ بىزچىسىنى ياساپ بېرىڭلار. ھەققى قانچە؟

— ئىككى تەڭگە.

— ئەرزانراق بولمامدۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— قىسقۇچ بىزچە بولغاندىكىن ، نەرخىمۇ بىزچە بولۇشى لازىم. بولمىسا ياسىمايمىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## مال ئىگىسىنى دوراپ ...

بىر كۈنى ھاكىم ئوردا خادىمى سەلەي چاققاننى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— مېنىڭ ئارغىمىقىم بۈگۈن كېچە ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئىگىسىنى دوراپ ھارام بولغىنى، — دەپتۇ سەلەي چاققان ۋە «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن ... ياتقان جايى دوزاخ بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ.

گاڭگىراپ قالغان ھاكىم:

— جەننەتتىن چىققان ئاتقا نېمە ئۈچۈن دوزاخ تىلەيسەن؟ — دەپ كۆزلىرىنى ئالايتىپتۇ.

— ئاتنىڭ جەننەتتىن چىققىنى تېخى نامەلۇم. لېكىن، ئارغىماقلىرىنىڭ ھارام بولۇپ قالغىنى راستتۇ؟... ھە، ئەمدى ھارامنىڭ جايى دوزاخ بولۇشى ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم.

## مەشىق قىلدۇرماقتا

بىر كۈنى خان ئۆزىنىڭ بامدات نامىزىغا چىقالمىغانلىقىنى ئوردا مەزىنىنىڭ ئاۋازىنىڭ پەسلىكىدىن كۆرۈپ، تەنە قىلىپ:

— ئوردىغا ئاۋازى كۈچلۈكرەك بىر ئېشەك تېپىشىڭ بولمامدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ، ئېشەكمۇ تېپىلىپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي خان ئوردا ئەتراپىدىن چىققان ئېشەكنىڭ ئاۋازىدىن قىينىلىپ ئۇخلىيالماپتۇ. بۇ ئىشنى ئېنىقلىغان خان سەلەي چاققاننى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— ئېشىكىڭ نېمانچىۋالا ھاڭرايدۇ؟.. — دەپ قايناپتۇ.

سەلەي چاققان دەرھال خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

جانابلىرىنىڭ ئاۋۇ كۈنكى: «ئوردا مەزىنلىكىگە ئاۋازى بەلەنرەك بىر ئىشەك تېپىشساڭ بولمامدۇ؟» دېگەن بۇيرۇقلىرى جاكا قىلىنغاندىن بېرى مېنىڭ ئىشكىم: «خاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دەپ، مەزىن بولۇش ئۈچۈن ئۆز ئاۋازىنى مەشىق قىلدۇرماقتا، — دەپتۇ.

## ياش ۋاقتىمدىمۇ چۈشكەن

سەلەي چاقاقان ئېتىزغا كېتىۋېتىپ، بىراۋنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئەنجۈرگە راسا تويۇپتۇ ۋە بېلىگە بىر ئاز تۈگۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، باغۋەن كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە:

— ئۇيالماي ساقىلىڭ چىققاندىمۇ ئوغرىلىققا چۈشتىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقان دەرھال:

— ياق ئاكا، ياش ۋاقتىمدىمۇ چۈشكەن، — دەپتۇ.

## ھەم كۆرمەس، ھەم كۆرەلمەس

خان ئوردا قازىسى ئۆلۈپ قالغاندا، سەلەي چاقاننى ۋاقىتلىق قازى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. سەلەي چاقان قازى بولغاندىن كېيىن، خان بىر ياقا كەتكەندە ئوردىدىكى جاڭجاللارنىمۇ سورايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى سول قول ۋەزىر ئوڭ قول ۋەزىر ئۈستىدىن مۇنداق دەپ ئەرز قىپتۇ:

— مېنى ئۇ: «ھەق ـ ناھەقنى كۆرمەيلا مەسلىھەت بېرىدىغان قارىغۇ» دەپ ئارقامدىن تۆھمەت قىپتۇ. شۇنى ئايرىپ، ھۆكۈم شەرئى قىلىپ بەرسىلە، تەقسىر.

— شۇنچە يىللار مەنسەپدار بولۇشۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ سىرىنى

ئۆزۈڭلار بىلمەيسىلەر، مەنسەپدارلار يالغۇز كۆرمەسلا ئەمەس كۆرەلمەسمۇ بولىدۇ... دېمەك، مېنىڭ ئاخىرقى ھۆكمىم شۇكى، جانابلىرىمۇ ھەم كۆرمەس، ھەم كۆرەلمەس، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

— بۇنىڭدىن ياخشىراق پەتىۋا يوقمۇ، تەقسىر؟ — دەپتۇ دەۋاگەر.

— شاھىم قازىلىققا ئارىلاشمىسا، شۇنداق ھۆكۈم چىقىراتتىمكى، ئۇ چاغدا سىز ئورنىدا كۆرەلمەس ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئورنىدا كۆرۈنمەس ئادەمگە ئايلىنىپ كېتەتتىلە! — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

## خان ھۇزۇرىدا

خان بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ:

— مانا، مېنىڭ زامانىمدا قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان بولدى، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— راست ئېيتتىلا تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — ھەزرەتلىرىنىڭ زامانىدا تورغاي ئۇۋىلاشقا پەقەت قوينىڭ دۇمبىسىلا قالدى.

## مەندىن قورقىدۇ

بىر كۈنى ئامبال سەلەي چاقىقاننى گەپكە سېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆيگە چاقىرتىپتۇ. سەلەي چاقىقان ئامبالنىڭ ھويلىسىغا ئەمدى قەدەم بېسىشىغا ھويلىدىكى كارۋات ئاستىدا ياتقان ئىت ئېتىلىپ چىقىپ قاۋىغان پېتى سەلەي چاقىقاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ. سەلەي

چاققان ئەپچىللىك بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى تېپىپتۇ. ئىت دومىلىغان پېتى ئورنىغا كىرىپ «غىڭ» قىلماي يېتىپتۇ.



— ھە، سەلەي، سەلەي دەپ قويساق نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ؟ — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ، — يۈز - خاتىرە يوقمۇ، سەن زادى ھېچكىمدىن قورقماسەن؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

كارىۋاتتا ياتقان ئامبال ئۇنىڭ تۇنجى جاۋابىغا قىزىقىپ، ياستۇقتىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ياندۈرۈپ سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا كىمدىن قورقىسەن؟

— پاششاپتىن.

— پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟

— بەگدىن.

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئامبالدىن.

ئامبال گەپنىڭ ئاخىرى نەگە باراركىن، دەپ سوراۋېرىپتۇ.

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

— ۋاڭدىن.

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

— خاندىن.

ئامبال قىزىقىپ سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— خان كىمدىن قورقىدۇ؟

— تەتىيىدىن.

— تەتەي كىمدىن قورقىدۇ؟

— بوراندىن.

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئەسكى تامدىن.

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— مۇشۇكتىن.

— مۇشۇك نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئىتتىن.

— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي چاقچاقچان ئالدىرىماي بۆرۆتىنى تولغاپ قويۇپ:

— ئىت مەندىن قورقىدۇ، — دەپ كاربۇات ئاستىنى كۆرسىتىپتۇ.

## ساڭا بۆرۆت چىققاندىن كېيىن...

سەلەي چاقچاقچان كىچىك ۋاقتىدا «چوڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن» دەپ، داستىخانغا كېلىۋالىدىكەن.

— بولمايدۇ، قوزام، — دەپتۇ ئانىسى، — سەن تېخى كىچىك. بۆرۆت چىققاندا ئاندىن چوڭلار قاتارىدا غىزالانساڭ بولىدۇ. سەلەي چاقچاقچان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىلاجسىز ئولتۇرۇپتۇ. نەق شۇ چاغدا ئۆيدىكى ئاسلان قورۇمىلارنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ. سەلەي چاقچاقچان ئاسلاننى ئىتتىرىۋېتىپ دەپتۇ:

— ئاسلىنىم، مېنى دورىما، ساڭا بۇرۇت چىققاندىن كېيىن چوڭلارنىڭ قېشىغا بار.



## ئالىغاي

بىر كۈنى خان قامچىسىنى شىلتىپ سەلەي چاقىقانغا پوپوزا قىلغانىكەن، ئۇنىڭ بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە كېيىن ئالىغايراق ساقىيىپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ خان سارىيىغا يىغىلغان بەگ - تۆرىلەر: «سەلەي چاقىقان بولمىسا، سورۇن قىزىمايدۇ» دېيىشىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشىپتۇ. سەلەي چاقىقان كاتتا سورۇن بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، خاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئىككى تەرەپتىكىلەرگە سالام بېرىپلا، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىش كۆڭلىگە كەلگەن خان بىر تەرەپتىن ئۆتكەننى ئەسلىتىپ سەلەي چاقىقانغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى مېھمانلار ئارىسىدا مەسخىرە قىلىپ ئابرۇيىنى تۆكۈش مەقسىتىدە:

— ئالىغاي كىشىنىڭ كۆزىگە بىر نەرسە ئىككى كۆرۈنسە كېرەك - ھە، سەلەي ئاخۇن؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— توغرا ئېيتتىڭىزلا تەقسىر، ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزلىرى تۆت پۇتلۇق بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## دۇنيادا ئەڭ سوغۇق نەرسە

بىر كۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى سەلەي چاققانغا خوتۇنلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

— دۇنيادا ئەڭ سوغۇق نەرسە نېمە دېسە، مېنىڭ چوڭ خوتۇنۇمنى كۆرسەتسە بولىدۇ، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ گەپنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.



تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېلىقى ھاكىم بەگ - تۆرىلەرنى چايغا چاقىرىپتۇ. مېھمانلار كېلىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا:

— ۋاي ھاكىم، بەك ئۇسساپ كەتتۇق، ئاۋۋال بىزگە ئىچىدىغان سوغۇق نەرسە ئەلتىپات قىلسىلا، — دېيىشىپتۇ.

— ھەي سەلەي، — دەپتۇ ھاكىم، — ماڭ، ئۆيگە كىرىپ، نېمە سوغۇق بولسا، مېھمانلارغا شۇنى ئېلىپ چىق!

— خوپ! — دېگىنىچە سىرتقا يۈگۈرۈپتۇ سەلەي چاققان ۋە بىر پەستىلا قايتىپ كىرىپ:

— تەقسىر، ئۆيدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى، شۇنى ئېلىپ كىرەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياخشى، ماڭ، چاپسان ئېلىپ كىر، — دەپتۇ ھاكىم ۋە

مېھمانلارغا قاراپ، — خۇداغا شۈكۈر، ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ.

شۇ ئارىدا سەلەي چاققان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنىنى باشلاپ كىرىپتۇ.

## دىدارىڭىزنى كۆرۈۋالسۇن

سەلەي چاققاننىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئامبال:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما! — دەپ سەلەي چاققاننى ھۇزۇرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، ئامبال ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىر ئادەم ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن ئامبال ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن، بۇ قانداق قىلىق؟

— بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما دېگەنلىرى ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ دىدارلىرىنى ئارقام بولسىمۇ كۆرۈۋالسۇن، دەپ بۇ يەردە تۇرغانىدىم.



## راست ئەخمەق

بىر كۈنى خان ۋەزىرلىرىگە:
— مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى سەنلەر چىقىپ ئېيتىشمىساڭ، خالايىق نەدىن بىلىدۇ. مەن راست ئەخمەقمۇ؟ قېنى ئېيتىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
ھەممە قورققىنىدىن شۈك بولۇشۇپ قاپتۇ.
— ئېيتىش!
سەلەي چاققان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:
— سىز راست ئەخمەق! — دەپتۇ.
— جاللات!
— مەرد بولۇڭ، شاھىم، ئىسپاتىم تەييار...
— ئېيت!
— بۇنى جانابلىرىنىڭ: «مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى سەنلەر چىقىپ ئېيتىشمىساڭ» دېگەن ھازىرقى سۆزلىرىنىڭ ئۆزىلا تەستىقلاپ تۇرۇپتۇ.

## رازى بولۇشنى ئويلا، خەير

سەلەي چاققان يېزىدىن شەھەرگە كېلىۋاتسا، ئىخچام ۋە پۇزۇر كىيىنگەن بىر ئاتلىق بايۋەچچە ئۇچراپتۇ. ئۇ سالامنى يۇزەلا قىلىپ سوراپتۇ:
— مەن سەلەي چاققاننى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟
— ئۇ كىشىنى تېپىش ئاسان، نېمە ئىشلىرى بار ئىدىكىن؟
ئاتلىق بايۋەچچە كۆرەڭلەپ، مەقسىتىنى بايان قىپتۇ:

— سۆزمەنباي دېگەن كىشى مەن بولىمەن. ئۇ كىشى بىلەن يالغۇز يەردە ئالداش ۋە سۆز ئويۇنلىرىدا بەسلىشىپ، ئۇتتۇرسام، مۇشۇ ئېتىمنى بېرىپ مەردلىك قىلماقچىمەن. ئۇتتۇۋالسام، ئۇنى چوڭ مەرىكىگە تەكلىپ قىلغۇزۇپ، شۇ يەردە ئۇنى يەنە بىر يېڭىپ، مەن بىلەن ئالدىن مۆرىلىشىپ قويغانلارنىڭمۇ پۇلىنى يىغىۋېلىپ، ھەجگە بارماقچىمەن.

— پاھ، نېمىدېگەن خالس نىيەت بۇ، مەنمۇ جانابلىرىنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. يولىمىز قىسقاردى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ۋە ئۇنى ئاتتىن «ئىززەت» بىلەن چۈشۈرۈپ، سايىغا تەكلىپ قىپتۇ.

بايۋەچچە قىياق چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ:

— قېنى، مۇشۇ يەردە بىر ئاز سۆز ئويۇنى قىلساق قانداق؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق سەل ئاقساپ قويۇپ:

— مەندىن سىز چەبدەس كۆرۈنىدىلا. مالال كۆرمىسىلە، بۇ تېرەككە چىقىپ، يولنىڭ ئىككى بېشىغا قاراپ باقسىلا. ئادەملەر بولمىسا خاتىرجەم ئويۇن باشلىساق، — دەپتۇ.

بايۋەچچە سىناۋاتسا كېرەك، دەپ دەررۇ تېرەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ... ئاڭغىچە سەلەي چاقچاقنىمۇ ئاتلىنىپ، يول ئۈستىگە چىقىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئاغىنە، ئالدىرىماي چۈش، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئويۇن بولمايدۇ. ئەمدى ھاجى بولۇشنى ئويلىماي، رازى بولۇشنى ئويلا، خەير!

شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلار پەيدا بولغانىكەن:

يېڭىلىپتۇ سۆزمەنباي،
سەلەيگە تەڭ بولالماي.

ھە دېگەندە پىيادە،
يولدا قاپتۇ ئۇيالماي.

غوجام يەپتۇ سەلەيدىن،
ئۇنتۇلغۇسىز دەككىنى.
ئايرىلىپتۇ «تەلەيدىن»،
كۆرەلمەستىن مەككىنى.

## سوئال - جاۋاب

خان ئۆزى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە:

— مەن ئىشارەت بىلەن سوئال سورايمەن، كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچبىرى «مەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سەلەي چاقجان بىر يۆتىلىپ قويۇپ:

— مەن جاۋاب بېرەي، تەقسىر، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

خان «يۈز نەدىن كېتىدۇ؟» دېمەكچى بولۇپ، يۈزنى سىزغانىكەن، سەلەي چاقجان ئۇنىڭ مەقسىتىنى پەملەپ «گالدىن كېتىدۇ» دېمەكچى بولۇپ، گېلىنى سىلاپتۇ. خان «باش نەدىن كېتىدۇ» دېمەكچى بولۇپ بېشىنى سىزغانىكەن، سەلەي چاقجان «ئېغىزدىن كېتىدۇ» دېگەندەك قىلىپ ئاغزىنى كۆرسىتىپتۇ. جاۋابتىن قانائەتلەنگەن خان نائىلاج ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئەيىبلەپ سەلەي چاقجاننى تەرىپلەشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

# نېمە تاتلىق

بىر كۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى سەلەي چاقچاقنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنى سىناش ئۈچۈن:
— بىر لوقما تاماق ئۈچۈن دۇنيادا نېمە تاتلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تۇخۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.
ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇلار يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ، كېتىۋېتىپ ئالدىنقى قېتىم سوئال سورىغان يەرگە كەلگەندە ھاكىم: — نېمە بىلەن، — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال: — تۇز بىلەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## دۇئا

شەھەر ھاكىمى «سەلەي چاقچاقنىڭ دۇئاسىنى ئالغان كىشى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، كاتتا دۆلەتكە ئېرىشىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى مەھكىمىگە چاقىرتىپتۇ.
سەلەي چاقچاق مەھكىمىگە كىرىپلا قىبلىگە قاراپ:
— خۇدايا پەرۋەردىگارا، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھەممىگە قادىرسەن، ھازىرلا جەبرائىلنى ئەۋەتىپ ھاكىمنىڭ جېنىنى ئالغايسەن! دەپ دۇئا قىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ جان - پېنى چىقىپ:
— بۇ قانداق دۇئا، سەن ماڭا نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم تىلەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
سەلەي چاقچاق ھودۇقماستىن تەزىم قىلىپ:
— ھاكىم جانابلىرى، بۇ ئالەم تار، ئۇ ئالەم كەڭرى. ئۆزلىرىنى بالدۇرراق ئۇ ئالەمگە بېرىپ، نىيەت ئىقباللىرىغا

يارىشا دۆلەت كۆرسۇن دېدىم، — دەپتۇ.

# ئامبالنىڭ خوتۇنى

سەلەي چاقان ياماۇل بېغىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئىشىك ئالدىدا خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە تۇرغان ئامبالنىڭ خوتۇنى ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— ھەي سەلەي، ھەجەپ تېز مېڭىپسەن، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك، — دەپتۇ.

سەلەي چاقان ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ:

— ھە، ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قاپلا سولىشىپ قالغان خوخىدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋىيىەي، مانىڭ گېپىنى قاراڭلا، بۇرۇتىنى دىڭگايتىۋاپتۇ جىگدىلىكتىكى شوخىدەك، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى.

— ئالدىراپ ھىڭگايمىسىلا ئۇكلىۋەتكەن چوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاقان.

— ھەي، نېمانچە بويۇڭ ئۇزۇن، كاردىن چىققان سوقىدەك، — دەپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى.

— بويۇمنى دېسىلە چىناردەك، بوينۇمنى دېسىلە يېڭى جۇۋازنىڭ ئوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاقان.

— چوڭچىلىق قىلما، ئەينەككە قارا، كۆرۈنىسەن خۇددى دوقىدەك، — دەپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى تېرىكىپ.

— ۋاي خېنىم كىمنى كۆرسىلە چاپلىشىۋالمىسىلا، كۆرۈك توخۇنىڭ پوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاقان.

گەپتە سەلەي چاقانغا تەڭ كېلەلمىگەن ئامبالنىڭ خوتۇنى رەسۋا بولۇپ، ئۆيىگە مېڭىپتۇ، سەلەي چاقان ھېچنېمە بولمىغاندەك يولىغا راۋان بوپتۇ.

# يالغان چىش

سەلەي چاققان ھېيتگاھتا دۇكان ئاچقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پۇزۇر ياسانغان بىر ئايال دۇكانغا كىرىپ:

— سەلەي ئاخۇنكا، ئۆتكەن ھەپتىدە مەن پىل چىشىدىن ياسالغان بىر قۇتىنى سىزدىن ئالغانىدىم، باشقا ئۇستىلارنىڭ دېيىشىچە: بۇ ھەرگىز پىل چىشىدىن ياسالغان قۇتا ئەمەس ئىكەن. پۇلۇمنى ياندۇرۇپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

— كەچۈرسىلە خېنىم، راستىنلا ئىش سىز دېگەندەك بولسا، بۇنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھازىر جاھان بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى. ئېھتىمال، ھېلىقى پىل يالغان چىش سالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن...



# قاپقان

يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان ھەرقانداق سورۇندا، سەلەي چاققان تۆردە ئولتۇرۇۋالىدىكەن، بۇنىڭدىن ھەسەت قىلىپ يۈرگەن بەگ - تۆرىلەر شەھەر ھاكىمىغا دادلاپتۇ:

ھاكىم سەلەي چاققاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ ۋە مېھمانخانىسىدىن چوڭ دەرۋازىغا قەدەر سۇ چېچىشنى بۇيرۇپ، ئاندىن سەلەي چاققاننى چاقىرىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىپتۇ.

سەلەي چاققان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، بەلبېغى بىلەن قول ياغلىقىنى لايىنىڭ ئۈستىگە سېلىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا دەسسەپتۇ ھەم بىر قەدەم ئالدىغا چامدىغاندا بەلباغ، ياغلىقنى بىر قەدەم ئالدىغا يۆتكەپ، ئايىغىغا نەم تەگكۈزمەي سورۇنغا كىرىپتۇ.



ھاكىم باشلىق سورۇن ئەھلى: سەلەي چاققان لاي كېچىپ، ئايىغىنى بۇلغىۋالىدۇ - دە، گىلەم ئۈستىگە چىقىشقا پېتىنالماي، بوسۇغىنىڭ يېنىدا — پەگاھدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ ئويلاشقانىكەن. ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئايىغىغا چىۋىننىڭ قانىتىدەك داغ تەگكۈزمەي كىرىپ كەلگەن سەلەي چاققاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. سەلەي چاققان غالىبلارچە كۈلۈمسىرەپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن بەخىرامان تۆرگە ئۆتۈپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

## گۆر كولاش

شەھەر ھاكىمى تاپشۇرۇق بەرمەكچى بولۇپ، سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— ھاكىمغا قانداق خىزمەت كۆرسىتىش قولۇڭدىن

كېلىدۇ؟
— گۆر كولاش، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## تۆھمەتچىلەردىن قۇتۇلۇش ئامالى

شەھەر ھاكىمى بىر كۈنى مىرزا، مىرشاپلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ، سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:
— تۆھمەتچىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟
— ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال، تۆھمەتچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان قۇلاقنى كېسىپ تاشلاش كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## پاختا بىلەن زىغىر ماي

بىر يىلى خان ئەسەبىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كەلسە - كەلمەس ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ كېسەلگە ئوردا تېۋىپلىرى چارە قىلالمىغاندىن كېيىن، خان يەنە سەلەي چاقچاقنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:
— مېنىڭ ئاغرىقىمنىڭ دورىسى نېمە؟
— شاھىم، ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئەمنىڭ ئەيىبى يوق، دورىنىڭ ھارىمى. سىزنىڭ دورىلىرىمۇ ئازراق پاختا، زىغىر ماي. ئەگەر قىچا مېيى بولسا تېخىمۇ ياخشى... — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## كېلىشكەن ئۆلگە

بىر كۈنى ھاكىم سەلەي چاقچاقنى مەسخىرە قىلماقچى

بولۇپ:

— سەلەي، ئاتام بولسا قېرىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئاتاپ كونىچە مەخسۇس ئۆي سالدۇرماقچىمەن، شۇ ئۆيگە مورا ئوچاق سېلىش كېرەك ئىدى، سەن شۇنىڭ ياخشى بىر ئۈلگىسىنى تېپىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تازا نادان كىشىكەنلا، ھاكىم ئاتىلىرىنىڭ پاختىلىق تامبىلىنى تامغا مىخلاپ قويۇپ، چۆرىسىنى، ئېغىنى سىزىۋالسىلا، شۇ راسا كېلىشكەن ئۈلگە ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## نامەلۇم بولسا كېرەك

بىر چوڭ باي زىياپەتتە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۆپ خوتۇنى بارلىقىدىن ماختىنىپ:

— بالىلىرىممۇ شۇنچە كۆپكى، ھەتتا بەزىدە قايسى بالام قايسى خوتۇندىن تۇغۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىمەن، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان دەرھال ئېغىز ئېچىپ:

— دېمەك، باي ئاكا، سىز ئانىلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىگەن بالىلارنىڭ دادىلىرىمۇ نامەلۇم بولسا كېرەك! — دەپتۇ.

## مورا ئوچاققا تۇرخۇن

بىر كۈنى خان ئۆز بۇرنىنىڭ كېلىشكەن، قائىشارلىق ئىكەنلىكىدىن ماختىنىپ، سەلەي چاققاننى گەپتە يەڭمەكچى بولۇپ، سۆز باشلاپتۇ:

— ھەي، قوشۇق بۇرۇن سەلەي، ئەگەر مېنىڭ بۇرنۇم

سىنىڭكىدەك بولسا نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئەگەر جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بۇرنى مېنىڭكىدەك بولسا، ئۇشۇق بۇرۇننى نېمە قىلاتتىم؟ تامبال ئۆلگىسىدە ياسالغان مورا ئوچاقتا تۇرغۇن قىلىپ بېرەتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ئۇركۇيمەن

ئامبالنىڭ يايىسى ئۆي كۆچمەكچى بولۇپ، ھاشارغا ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن كوچىغا چىققانىكەن، سەلەي چاقچاق ئۇچراپ قاپتۇ.

— مەن بۈگۈن ئۆي كۆچمەكچى، ياردەم بېرەمسەن؟! — دەپ سوراپتۇ يايى.

— بولىدۇ، ئەمما، مەن ئۇركۇيمەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

بۇ گەپكە ئىشەنمىگەن يايى «ئادەم دېگەنمۇ ئۇركۇمدۇ؟» دەپ قازاننى سەلەي چاقچاقنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرىي ئارتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، چەتتىكى ھويلىدىن بىر ئىت قاۋاپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق قازاننى تاشلاپ بەدەر قېچىپتۇ. قازان پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ. يايى سەلەي چاقچاقنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، ئامبالنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كىرىپتۇ. ئامبال يايىسىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەن بۇنى گەپكە سېلىپ تۇراي، سەن كەينىدە تۇرۇپ، پەتنۇسنى يەرگە تاشلاپ باق، راست ئۇركۇمدۇ - يوق، سىناپ باقايلى، — دەپ پىچىرلاپتۇ. يايى سەلەي چاقچاقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پەتنۇسنى قولىغا ئاپتۇ.

— ھەي سەلەي، بۇنىڭ قازىنىنى نېمىشقا چېقىۋەتتىڭ، — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— مىنىڭ ئۆركۆيدىغان ئادىتىم بار ئىدى، — دېيىشىگە يايى قولىدىكى پەتنۇسنى تاراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپتۇ. سەلەي چاقان ئۆركۆگەن بولۇپ سەكرەپ ئامبالنىڭ ئالدىدىكى سوراق شىرەسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ، ئۇ يەردىن ئېتىلىپ چۈشۈپ ئامبالنىڭ باش - كۆزلىرىگە دەسسەپتۇ، ئاندىن ئۆينى بىر ئايلىنىپتۇ - دە، ئىشىكنى چېقىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ئامبال:

— مۇشۇنداقمۇ ئۆركۆيدىغان ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كىردىڭمۇ؟ — دەپ يايىنى راسا دۇمبالاپتۇ.



## تۇتۇرۇق

بىر سوپى قارىماققا بەكلا تەقۋادار ئادەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەسلىدە زىناخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان ئادەم ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى جامائەتكە ۋەز ئېيتىپ:

— خالايىق، بۇ دۇنيادا توغرا يولدىن تېيىپ، بۇزۇقچىلىققا بېرىلگەن بەندىلەر ئاخىرەتتە دوزاخقا تاشلىنىپ ئازاب چېكىدۇ... — دەپتۇ.

— زىناخورلارچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقان گەپ ئارىلاپ.

سوپى بۇ گەپنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك پىسەنت قىلماي:

— زىناخورلار دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەلەي چاقاقان يەنە سۆز قىستۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، ئۇ دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزلىرى بارسىلا بولغۇدەك، — دەپتۇ.

سوپى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن؟!

سەلەي چاقاقان ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ:

— تۇتۇرۇق بولمىسا، دوزاخنىڭ ئوتى قانداق يانىدۇ؟ — دەپتۇ.

## تەخەي چوڭايسا ئىشەك بولىدۇ

بەگنىڭ ئالدىغا كەلسە چىشلەپ، كەينىگە ئۆتسە تېپىدىغان ئادىتىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئىشەك» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بەگ بۇ لەقەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جامائەتنى چايغا چاقىرىپ: «مېنى ئىشەك دېمەڭلار» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بىر ئادەم: «ئىشەك دېمىسەك، نېمە دەيمىز؟» دەپ سورىغانىكەن، يەنە بىرسى «خوتەك» دەيمىز ـ دە، — دەپتۇ. بەگ نائىلاج رازى بوپتۇ.

بىر كۈنى بەگ سەلەي چاقاقانغا ئۇچراپ قىلىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن خەلق مېنى ئىشەك ئەمەس، خوتەك — تەخەي دەيدىغان بولدى، — دەپ كۆرەڭلەپتۇ.

سەلەي چاقاقان:

— تەخەيمۇ چوڭايسا ئىشەك بولىدۇ، — دەپتۇ كۈلۈپ.

# ئاسماننىڭ ئېگىزلىكى قانچە؟

بىر كۈنى خان ئۆلىما ـ ھۆكۈمالىرىنى چاقىرتىپ: «سەلەي چاقچاقنى گەپتە راسا بىر چۈشۈرەيلى، ئىككىنچى ئېغىز ئاچالماي قالسۇن» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، بىر ھېساب بەرمەكچى بوپتۇ ۋە سەلەي چاقچاقنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئېگىزلىكى قانچە گەز، ئەڭ ئوتتۇرىسىدا كىم بار، ئەڭ تۆۋىنىدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھېسابلىساق، بىر يەردە يەتتە — يەتتە، يەتتە يەردە يەتتە — قىرىق توققۇز، يەتمىش يەردە يەتتە — تۆت يۈز توقسان، يەتتە يۈز يەردە يەتتە — تۆت مىڭ توققۇز يۈز، يەتتە مىڭ يەردە يەتتە تۆت تۈمەن توققۇز مىڭ. يەتتە تۈمەن يەردە يەتتە — قىرىق توققۇز تۈمەن توقسان مىڭ. مانا شۇ سانلارغا يەتتىنىڭ تۆتىنى قوشۇپ، جەمئىيسىدىن ئەللىك تۆت تۈمەن تۆت يۈز ئەللىكنى ئېلىپ تاشلىساڭلار، ھېساب توپتوغرا چىقىدۇ. ئەمدى ئەڭ يۇقىرى قەۋەت — ئەرشئەلا. ئۇ يەردە خۇدا تۇرسا، ئەڭ تۆۋەن قەۋەت — ئەلگە بالا. بۇ يەردە ئۆزلىرى تۇرىدىلا تەقسىر، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## ھەممە ئۆلۈم ئوردىدىن

بىر كۈنى خان يولدا مەيدە كېتىۋېتىپ سەلەي چاقچاقنىڭ ھارغىنىغا قارىماي، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قىزىق پاراڭلارنى قىلغۇزۇپ، كۆڭلىنى خۇش قىپتۇ. ئاخىردا ناپىسەنتلىك قىلىدىمۇ ياكى كۆلكە تەس كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، خان «يەل» قويۇپ بېرىپتۇ. خان ئوڭايسىزلىنىپ، نائىلاج گەدىنىنى تاتىلاپتۇ ۋە

گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ:
— سەلەي، سەن زادى نەدىن؟
— ئوپالدىن.
— نېمىشقا شەھەرگە كېلىپ قالدىڭ؟
— قېچىپ ناپىسەنت، قوپالدىن...
— سەن يالغۇز ئوغۇلمىدىڭ؟
— ياق، بىز ئۈچ ئوغۇل ئىدۇق.
— سەن نەچچىنچىسى؟
— مەن كەنجىسى.
— ئاكىلىرىڭ بارمۇ؟
— ئۆلۈپ كەتكەن.
— ئۇلار نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن؟
— چوڭ ئاكام ئالۋان تۆلىيەلمەي، چۆلگە پالىنىپ، ئىسسىقتا ئۆلگەن. كىچىك ئاكام زۇلۇمغا چىدىماي، داردا — ئېسىقتا ئۆلگەن. ئەمدى مەن پاراڭ تۇگىمەي مەپىدە سېسىقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## يالتايغاق شاڭيۇ — داجىغاق قېچىر

سەلەي چاقچاق ئىلىغا چىققان بىر يىلى شاڭيۇ:
— ئېتىمنى ساتىمەن، ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقتىن.
— ئالسامۇ ئالاي، بىراق كىشىلەر سىزنى «گېپىدىن يالتايغاق» دەيدۇ. قانداق قىلسام بولاركىن، — دەپتۇ.
— سۆزىدىن قايتقان — نامەرد. قورقماي باھاسىنى سوراۋەر، قېنى، قانچە بېرىسەن؟ — دەپتۇ شاڭيۇ.
سودا باشلىنىپتۇ. سەلەي چاقچاق ئاتنى تۆت يۈز سەر كۈمۈشكە سېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن بىر سودىگەر شاڭيۇغا

خۇشامەت قىلىپ: «مەن 500 سەر بېرىمەن دەپتىكەن، شاڭيۇ «خوتۇنۇم ئۇرۇشتى» دەپ ئېتىمنى قايتۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق پىيادە سەھرادىن شەھەرگە كېتىۋاتسا، ئارقىسىدىن قېچىر قوشقان سايىۋەنلىك ھارۋىسىنى ئۆزى ھەيدەپ شاڭيۇ قوغلاپ يېتىپتۇ.

— قېچىر مۇبارەك! ئات قېچىرغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، شاڭيۇم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ئۇزۇن يولغا قېچىر ياخشى، كەل، ھارۋىغا ئولتۇرۇۋال، — دەپتۇ شاڭيۇ. سەلەي چاقچاق ھارۋىغا ئولتۇرۇپ:

— ئەكەلسىلە چۇلۋۇرنى، مەن خىزمەت قىلاي، — دەپ ھارۋىنى ئۆزى ھەيدەپتۇ. لېكىن، بىر دۆڭگە كەلگەندە، قېچىر تارتالماي، ئۇرغانسېرى ئارقىغا داجىۋېرىپتۇ...

شۇ چاغدا سەلەي چاقچاق ھارۋىدىن شارتلا چۈشۈپ:

— شاڭيۇكا، مانا بولدى ئىش تامام، مال ئىگىسىگە تارتمىسا ھارام، تېخىمۇ ئۇچۇق ئايان بولدى سىر، يالتايغاق شاڭيۇم — داجىغاق قېچىر، خەير! — دەپتۇ ـ دە، پىيادە كېتىۋېرىپتۇ.

## نېنىم بار

سەلەي چاقچاقنىڭ قەشقەردە ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى بايغا كۈنلۈك ئىشلەپ، چۈش ۋاقتىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، باي تالادىن كىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئايقۇرىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— نانىنى ئۆز يۇرتۇڭ — ئوپال كۆرۈنگۈدەك بېسىپسەن، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئىشقا قاراپ بولغىنى... غولجا كۆرۈنگۈدەك باسمىغىنىمغا شۈكۈر دېسىلە، بايكا! — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

ئەمدى پېتىمنى چۇشۇرمەي دەپ ئويلىغان باي گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ:

— ئۇنداق بولسا راۋابىڭنى بىر چېلىپ بەرگىن، غۇلجىدا نېمەڭ بار ئىدى؟

سەيدي چاقچاق راۋاب بىلەن قوشاق باشلاپ، ئاخىرىنى شۇنداق چۇشۇرۇپتۇ:

غۇلجىدىمۇ ئېلىم بار،
قېرىندىشىم، ئىنىم بار.
قانچە باسسام تاۋاقتا،
يېتىدىغان نېنىم بار.

## كىم ئەڭ يامان؟

سەيدي چاقچاق غۇلجىغا بارغاندا، قازانچى مەھەللىسىدىكى بىر گەپدان ئادەم بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى نوچىلىق ھەققىدە سۆزلىشىپ قاپتۇ.

— سىز دۇنيادا قانداق كىشىنىڭ ئەڭ گەپدان، يامان ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ سەيدي چاقچاق.

— قانداق ئادەم بولاتتى، — دەپتۇ ھېلىقى گەپدان سەيدي چاقچاقنى مەنسىتمىگەندەك، — بىزنىڭ شەھەردە بىر ئايال ھاكىم بار، ئاشۇ ئەڭ يامان.

— خاتا، — دەپتۇ سەيدي چاقچاق.

— ئۇنداق بولسا كىم؟ — دەپتۇ گەپدان.

— چىش دوختۇرى، — دەپتۇ سەيدي چاقچاق كۈلۈپ كېتىپ، — پەقەت چىش دوختۇرىلا ئاياللارنى «ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ!» دەپ يۇمدۇرالايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەڭ يامان.



## نىمىسىنى تۆكۈمەن

بىر كۈنى ھاكىم:
— زادى سىنىڭ مىنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆكۈشتىن باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ — دەپتۇ.
— يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق. ئۇنىڭ ئەيمەنمەي يوق دىگىنىگە كۈلگۈسى كەلگەن ھاكىم تەنە قىلىپ:
— ئۇنداق بولسا تۆكۈۋەر! — دەپتۇ.
— يوق ئابرۇيلىرىنىڭ نىمىسىنى تۆكۈمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## كۈچۈك

ھاكىمنىڭ ئولتۇرۇپ «ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە، ئىتنىڭ كۈچۈكى بولغان ياخشى» دىگەن ماقال ئىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، سەلەي نىمە دەيدىكىن دەپ سوراپتۇ:
— كىچىك بولغان ياخشىمۇ، كۈچۈك بولغان ياخشىمۇ؟
— ئاياشنى بىلمەيدىغان تاش يۈرەكلەر ئالدىدا كىچىك

بولغۇچە، رەھىمدىللار ئالدىدا كۆچۈك بولغان ياخشى.

— ئۇنداق بولسا، مەلۇمكى، مەن ساڭا... رەھىمدىل.

دېمەك، بۈگۈندىن تارتىپ ئۆزۈڭنى كۈچۈكمەن، دەپ ئېلان قىلامسەن؟

— ئەگەر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — سىز پۈتۈن پۇقرانى يىغىپ، رەھىمدىل ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىيالىسىڭىز، ئېلان قىلىمەن.

## ... دەپتىمەن

خان ۋەزىرلىرى ئالدىدا سەلەي چاقچاقانغا شۇنداق دەپتۇ:

— بەزى سۆز، تەلەپلەر بولسا ئۆزۈمگە ئۇتتۇر ئېيتماي، ۋەزىرلەر ئارقىلىق ئېيتىشىڭ ياكى لىپاپقا سېلىپ ئەۋەتىشىڭ كېرەك. شۇنىڭدا ماڭا تېخىمۇ ئىززەت - ئىكرام قىلغان بولىسەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى خان ئۆزىنىڭ چارباغ ۋە كېنىزەك مەلىكىلىرى سەيلە قىلىدىغان ھەرەمباغلىرىنى ماختاپ كېلىپ، سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي، سەن قايسى بېغىمنى ياخشى كۆرىسەن؟

شۇ كۈنلىرى بويتاق يۈرۈپ قالغان سەلەي چاقچاقان خۇشال قىياپەتتە:

— مەن كېنىزەكلىرى يۈرىدىغان باغلارنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ.

خاننىڭ جەھلى چىقىپ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ. لېكىن، دانا ئۇلۇغ قول ۋەزىرى:

— سەۋرى قىلىڭ، شاھىم، — دەپ توختىتىۋېلىپ، قۇلىقىغا، — مۇددىئاسىنى ئاڭلايلى، بەلكى... — دەپ

پىچىرلاپتۇ. خان سەل پەسىيىپ:
— خەير، نىمە دىگىنىڭ بۇ؟ ئېيت! — دەپتۇ.
لىپاپ ئىچىدە دىگىنىم، شاھىم، پىقىرنى ئۆيلەپ قويارمىكىن، دىگىنىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— لىپاپ ئىچىدە! — خاننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاق يەنە قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

## قىياپەت

كىشىلەر سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:
— ئەمەلدىن چۈشۈپ كەتكەن ئەمەلدارلار قانداق ئولتۇرىدۇ؟
— ئۇلار كىشى بار يەردە چالا كۆيگەن چوچۇلىدەك يا كۆيەلمەي، يا كۆنەلمەي ئالىيىپ ئولتۇرىدۇ. كىشى يوق يەردە ئۆچۈپ قالغان چىراغپايدەك يا بىلىنمەي، يا كۆرۈنمەي قارىيىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## دېھقان ئۇلۇغ

بىر كۈنى خان سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:
— خان ئۇلۇغمۇ؟ دېھقانمۇ؟
— ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ھېكمەتكە ئىشىنەملا، شاھىم؟
— ئەلۋەتتە.
— پادىشاھلىقتىن يىقىلساڭ ناۋايلىق قىل، ناۋايلىقتىن يىقىلساڭ دېھقانچىلىق قىل، دىگەن ئەجدادلىرىمىز. دىمەك، دېھقان ئۇلۇغ.
— ئۇنداق بولسا سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئوردىدىكى

ناۋايلىقتىن بوشاندىڭ. ئىشىڭنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ دېھقانچىلىقىڭنى قىل! — دەپتۇ خان.

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار، — دەپتۇ سەلەي چاقاقان.

— خان قانداق ۋاقىتتا يىقىلىدۇ؟

— جەڭدە يېڭىلگەندە.

— «جەڭ مەيدانىنىڭ جېنى — دان مەيدانى» دېگەن ھېكمەت توغرىمۇ؟

— توغرا.

— ئەمدى، خەير، — دەپ سەلەي چاقاقان چاپىنىنى دولىسىغا تاشلاپتۇ...

— ئۆز كەمچىلىكىنى تەن ئېلىش — مەردلەرگە خاس. قايت ئوردىغا، ئىلتىماس!

— شىر باسقان ئىزىدىن قايتماس.

## ساقال دورا بولۇپ...

قەشقەرنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر ئالىمنىڭ تېۋىپلىقتا نامى چىقىپ، داڭقى ئالەمگە پۇر بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە خان قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، تېۋىپلا بولسا چاقىرتىپ يۈرگەن چېغى ئىكەن. داڭقى چىققان تېۋىپقىمۇ دەررۇ ياساۋۇل ئەۋەتىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ ماڭا ھارۋىدا يول ئازابى ئېغىر كېلىدۇ، دەپ كەلمەپتۇ. بۇنى بىلگەن خان گەپ بىلەن بولسىمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ سەلەي چاقاقاننى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. سەلەي چاقاقان: «قولۇمغا بۇيرۇق يېزىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. ئۇ پەرماننى ئېلىپ، داڭلىق تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تېۋىپ پەرماننىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى ئوقۇپ كۆلۈپ، ئۆزۈن ئاق ساقىلىدىن ئىككى - ئۈچ تال يۇلۇپ بېرىپتۇ. ئىشىنىڭ كۆتكىنىدەك بولغىنىدىن مەمنۇن بولغان سەلەي چاقاقان ئۇنى ئېلىپ كېلىپ خان ئالدىغا قويۇپتۇ:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپتۇ ۋەزىر ھاڭ - تاڭ بولۇپ.

— ئۆزلىرى يازغان پەرماندا: «كەلمىسە ساقىلىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كېلىنسۇن» دېيىلگەنىكەن. ساقال دورا بولسا كېرەك، دەپ بىچارىنى چىرقىرىتىپ يۇلۇپ، ساقىلىدىن يۇلۇپ كەلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان. بۇ سۆزلەرنى غەزەپ بىلەن ئاران ئاڭلاپ تۇرغان خان:

— ھەممىڭ كاززاپ، تۇز كور! — دەپ بىرلا ۋارقىراپ يېتىپ قاپتۇ.

## چىشنى بىلەۋاتىدۇ

يۈز بېشى باشلىق جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىپ، قوشنا مەھەللىگە تويغا ئاتلىنىپتۇ. سەپىنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىپ بارغان يۈز بېشىنىڭ ئاستىدىكى ئېگەر «غىچ، غىچ، غىچ» قىلىپ غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىتلەرنىڭ بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يۈز بېشىنىڭ ئارقىسىدا بىر نەرسە سايراۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— يۈز بېشى نەپسى تاقىلداپ، تويدا تارتىلىدىغان گۆشلۈك پولۇنى كۆپرەك يېيىش ئۈچۈن چىشنى بىلەۋاتىدۇ، — دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ سەلەي چاققان.



# شەيتان سىزدىن قورقىدۇ

بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر كىشى سەلەي چاققانغا ھال ئېيتىپ:
— بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچ نەرسە قورقۇنچلۇق ئەمەس، پەقەت شەيتان يولۇمدىن ئازدۇرمىسىدى، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دەپتۇ.
— ئورۇنسىز ئەنسىرىمەڭ، بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، — قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزنى كۆرسە، شەيتانمۇ سىزدىن قورقىدۇ.

# چاشقان ئېلىپ قاچتى

سەلەي چاققان كۈن كەچۈرۈش كويىدا مەھەللىدىكى باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، باي پىلىكتە بۇرۇتىنى مايلاپ، نامازغا يىغىلغان جامائەت ئالدىدا:
— بۈگۈن بىزنىڭ مەزلۇم ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپتىكەن، بىر لېگەن ئاشنى قويماي يەۋەتتىم، — دەپ ماختىنىپتۇ. بۇنداق ماختىنىش ئايدىن - ئايغا، يىلدىن - يىلغا داۋاملىشىپتۇ.
بىر كۈنى باي ئادىتى بويىچە مايلانغان بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ماختىنىۋاتقاندا، باينىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار بولغان سەلەي چاققان قولىدىكى قۇرۇق لېگەننى تاراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپ:
— ئەستاغپۇرۇللا، يامان بولدى... — دېگىنىچە ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.
چۆچۈپ كەتكەن باي:

— ھەي، سەلەي نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاقىقان كىشىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:
— باي ئاكا، بۆرۈتلىرىنى مايلايدىغان پىلىكنى چاشقان ئېلىپ قاچتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قازىنىم تۇغۇپ قالدى

بىر جازانىخور سەلەي چاقىقاندىن قازان سوراپ كىرىپتۇ.
— سىزدىن قازان ئايلانسۇن قوشنا، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — بىراق، تۈنۈگۈن ئاخشام قازىنىم تۇغۇپ قالدى، بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭ.
— قۇرۇق باھانىگىزنى قويۇڭ، — دەپتۇ جازانىخور تېرىكىپ، — قازان دېگەنمۇ تۇغامدۇ؟
— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان جاۋابەن، — سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قېتىم تۇغسا ھېچ گەپ يوق، مېنىڭ قازىنىم ئەل ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا نېمە بوپتۇ؟

## قېتىق بارمۇ؟

سەلەي چاقىقان بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە چىقىپ شاخ كېسىۋاتسا، بېخىل باي قوشنىسى تاۋاق كۆتۈرۈپ كېلىپ:
— ۋاي سەلەي ئاخۇن، بارمۇ سىز، كۆرۈنمەي كەتتىلىغۇ؟... — دەپ ئەھۋال سوراپ كېتىپتۇ.
سەلەي چاقىقان ئۇنىڭ لوللىلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ. باي:
— سەلەي ئاخۇن، يەرگە چۈشسىلە، زۆرۈر بىر ئىش چىقىپ قالدى، چاپسانراق بولسىلا، — دەپ ئالدىرىتىشقا باشلاپتۇ ۋە سەلەي چاقىقان يەرگە چۈشكەندىن كېيىن:

— ئۆيلىرىدە قېتىق بارمۇ؟ — دەپ قاچىسىنى تەڭلەپتۇ. سەلەي چاققان گەپ قىلماي ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. باي خېلى ئۇزاق ساقلاپ ئاخىر كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سەلەي چاققان ئۆيىدىن چىقىپ قارىسا، باي دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كېتىپ بارغۇدەك. سەلەي چاققان قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ۋاي تەقسىر، قايتىپ كەلسىلە، تېز بولسىلا، — دەپ توۋلاپتۇ.

باي ئارقىسىغا قاراپ «بارايمۇ، بارمايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان يەنە توۋلاپتۇ. باي ئاخىر «شۇنچە ساقلاپ تۇرۇپ قۇرۇق قايتىپ كېتەمدىمەن؟ نېمە بولسا بولسۇن، بېرىپ باقاي» دەپ يېنىپ كەپتۇ. باي ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە سەلەي چاققان:

— ئۆيدە قېتىق يوق ئىدى، ئېيتىپ قوياي دەپ چاقىرغانىدىم، — دەپتۇ. باي تېرىكىپ:

— بۇ قانداق گەپ؟ ئادەمنى ساقلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا چاقىرىپ قېتىق يوق ئىكەن دېگۈچە، باشتىلا شۇنداق دېسىلە بولماسمىدى؟ — دەپ رەنجىپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا تەقسىر، مېنىمۇ دەرەختىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ ئۆيۈمدە قېتىق بار - يوقلۇقىنى سورىسىلا بولماسمىدى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ياخشى بولاتتى

سەلەي چاققان قېرىغانسېرى قۇلىقى تۇزۇك ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. خان شۇ باھانە بىلەن سەلەي چاققاننى زاڭلىق قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— سەلەي، قۇلىقىڭ ناچارلىشىپ قالغانمۇ - نېمە، ئېشەكنىڭ قۇلىقى بىلەن ئالماشتۇرۇۋالساڭ بولارمىكىن.

— ھېچقىسى يوق، تەقسىر. ئۆزلىرىمۇ مېڭىلىرىنى ئېشەكنىڭ مېڭىسى بىلەن ئالماشتۇرۇۋالسىلا ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاقفان.

# ئوخشاپ قاپتۇ

بىر باي سەلەي چاقفان بىلەن كۆپ ئېيتىشىدىكەن. لېكىن، ئۇ قانچە يېڭىلىپ تۇرسىمۇ، شۇنچە يېپىشىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە باي ئۇزاق ئويلاپتۇ: ئەمدى تاپتىم، ئەتە سەلەيگە «ئىتتىن قورقامىلا؟» دەيمەن. ياق دېسە، «ئىتتىن قورقمىسىلا، ناۋايلىق قىلىپ يۈرگۈچە، دىۋانە بولۇپ يۈرسىلە» دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن گەپتە يېڭىۋالىمەن دەپ ئۆزىچە خۇش بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئۇ سەلەي چاقفاننى ئۇچرىتىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، سىز ئىتتىن قورقامىلا؟

— سىزچۇ؟

— مەنغۇ قورقمايمەن. سىزدىن سوراۋاتىمەن؟

— ھە، مەنمۇ سىزدەك ئىتتىن قورقمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقفان. شۇنىڭ بىلەن باي ئىتقا ئوخشاپ قاپتۇ.

# مېنىڭ ئېشىكىم قىخ!

يۇرت بېگى دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرسا، كوچىنىڭ چېتىدىن سەلەي چاقفان ئېشىكىنى تىكىراڭلىتىپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرەلمىگەن باي سالامنى ئىلىك ئالغان بولۇپ، ئىككى بىسلىق سوئال تاشلاپتۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەلەي ئاخۇن، كىمنىڭ ئېشىكى؟

— باي غوجام مېنىڭ ئېشىكىم. قىخ! ھارام ئۆلىدىغان! — دەپتۇ سەلەي چاقفان ۋە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ.

## مۆچىلى ئەجدىھا

سەلەي چاقچاقنىنى «ئۆتىمەن» دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئامبال بىر كۈنى «يىلنامە»، «ياشنامە» دىكى سوئاللار بىلەن يەڭمەك بولۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، سىنى ھەممىنى بىلىدۇ، دەيدۇ قېنى ئېيتقىنا، مېنىڭ يېشىم بىرى كەم قىرىقتا، مۆچىلىم نېمە؟

سەلەي چاقچاقان دەررۇ ھېسابلاپ، كۆرسىتىپ بېرىپتۇ:

— چاشقاندىن - چاشقان — ئون ئىككى يىل. توخۇدىن - توخۇ — ئون تۆت، يىلاندىن - يىلان — ئون ئۈچ. ئۈچ جەمئىي سىزنىڭ ياشلىرى بولسا، دېمەك جانابلىرىنىڭ مۆچىلى ئەجدىھا.

— يىلان 40 يىلدا ئەجدىھا بولسا... بىر يىل كەمغۇ؟

— ئاللا سىزگە يەنە بىر يىل ئۆمۈر بەرمەسمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ھېساب

سەلەي چاقچاقان كېتىۋاتسا، بىر دۇكانچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ - دە:

— سىزدە ئون تەڭگە پۇلۇم قېلىپتىكەن، شۇنىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلىشىۋالساق، — دەپتۇ. ئىككى ئوتتۇردا ھېساب باشلىنىپتۇ:

— توغرا، ئون تەڭگىلىرى بار ئىدى. ھېلىقى ۋاقتا ئۈچ تەڭگىلىرىنى ئالدىلىمۇ؟

— ھە.

— ئەتە بازار كۈنى ئۈچ تەڭگىلىرىنى بېرىمەن.

— ھە.

— يەنە ئۈچ تەڭگىنى بازاردىن كېيىن بەرسەم، نەچچە پۇللىرى قالدۇ؟
— بىر تەڭگە.
— مانا بىر تەڭگىلىرى. توگەشتۇقمۇ؟
— ھەئە.
— خەير.

## بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟

ئوپالدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ناھايىتى ئۇزاق ۋەز ئېيتىپتۇ. ئوما ۋاقتى بولغانلىقتىن، جامائەت ئالدىراپ تۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز ئىمامنىڭ ئالدىغا بىر باغاقچە چىقىپ قاپتۇ.

— مەن ھازىرلا تاپشۇرۇۋالغان بىر خەۋەرنى ئوقۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ - دە، كۆزەينەكىنى تاقاپ، خەتنى ئۆز ئەينى ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

— تەقسىر، چىشىڭىزغا بىر تال پالەك يوپۇرمىقى چاپلىشىپ قاپتۇ.خەتنى سەلەي چاقچاق يازغانىكەن.

— ھە، نېمە چاپلىشىپ قاپتۇ؟ — دەپ قىزىرىپ كېتىپتۇ ئىمام، — بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟



## تەرلىنىش

سەلەي چاقچاقنىڭ ھەم باي، ھەم بېخىل بىر قوشنىسى بولۇپ، مال ـ دۇنيا يىغىمەن، دەپ تويغۇدەك تاماقمۇ يېمەي، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. ئۇ تېۋىپقا كۆرۈنگەندىن كېيىن سەلەي چاقچاقنىغا ھال ئېيتىپ:

— تېۋىپقا كۆرۈنسەم، بىرەر مال سويۇپ، تېرىسىدە تەرلىنىش دەۋاتىدۇ. قاراپ تۇرۇپ بىر مالنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇم كەلمىدى، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟ — دەپتۇ.

— تېۋىپنىڭ بۇيرۇقى شۇ بولسا، ئاسان ئىش ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان مەسخىرە قىلىپ، — بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا سويغان بىر قوينىڭ تېرىسى بار، شۇنىڭدا تەرلىنىۋالسىلا.

## ئېشەكچىلىك بولۇش

بىر قېتىمقى مەشرەپ سورۇنىدا پاششاپبەگ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، نېمىشقا ئادەم ئېشەكچىلىك بولالمايدۇ؟

— سەنمۇ ئۇستۇڭگە ئادەمنى مىندۇر!

— كىمنى مىندۇرىمەن؟

— ئەلۋەتتە خوتۇنۇڭنى، ئۇنىڭ قولىغا تاياقنى تۇتقۇزۇپ. راسا سانجىتىپ مېڭىپ باق، قاشاڭ بولۇپ كۆرۈن، شۇ چاغدا ئېشەكچىلىك بولالايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئۇ مىنمەي يەپ قويىدۇ

سەلەي چاقىقان ئۆينىڭ ئالدىدا نەۋرىسىنى بېقىپ ئولتۇرسا قوشنىلاردىن بىرسى سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، بەزىلەرنىڭ بالىلىرى چىرايلىق بولىدىكەن، بەزىلەرنىڭ بالىلىرى سەت تۇغۇلىدىكەن. بۇ نېمە سەۋەبتىن؟

— بالىلىرى سەت بولغانلار چىرايلىقنى دوراپ تۇغۇلغانلار.

— بالىلىرى چىرايلىق تۇغۇلغانلارچۇ؟

— خۇدانىڭ بەرگىنىنى ھېساب دېگەنلەر.

— بۇ قانداق گەپ؟

— بۆرە كىيىكنى يېسە كىيىك تۇغامدۇ؟ نادان.

— قانداق قىلسا بولىدۇ؟

— كىيىك تاپاي دېسەڭ بۆرە تېرەڭنى تاشلاپ كىيىك بول، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — ئېشەك مىنگەن بۆرىنى نەدە كۆردۇڭ؟ ئۇ مىنمەي يەپ قويىدۇ.

## قايسىسى ياخشى ئۆزۈڭ تاللا!

سەلەي چاقىقان كوچاردا مەشرەپ ئويناپ يۈرگەن كونىلەرنىڭ بىرىدە، بىر يىگىت سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، بىزنىڭ بۇ يەردە «پەرھات - شېرىن» ياشاپ ئۆتكەن، سىزنىڭچە خۇداغا ئاشىق بولغان ياخشىمۇ؟ ياكى مەشۇق بولغان ياخشىمۇ؟

— ۋاي ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر. ئۇ، ئاشىق - مەشۇق دېگەن سۈپەتتىن پاكتۇر. ئەركەك بولساڭ خۇدا سېنى بىر مەككە ئاشىق قىلىدۇ، مەدەك بولساڭ

خۇدا سىنى بىر ئەينەككە مەشۇق قىلىدۇ، قايسىسى ياخشى ئۆزۈڭ تاللا!

## گىلەمگە ياماقلىق

ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان بىر گەپتان سەلەي چاقاقنىنى گەپتە چۇشۇرۇش ئۇچۇن كىلىپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— داداڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— يوق، — دەپتۇ بالا، — نىمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— قىرىق ھارۋىغا بېسىپ كەلگەن بىر پارچە گىلەم بار ئىدى، داداڭنى سۇ قىلىپ بېرەرمىكىن، دەپ كەلگەنىدىم.

— خويمۇ ياخشى گەپ بولدى، — دەپتۇ بالا ئۇنىڭ پوچىلىقىنى ھېس قىلىپ، — ئۆتكەندە ئۆيدىكى گىلىمىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئوت چاچراپ كىتىپ كۆيۈپ قالغانىدى، دادام ياماقلىق ئۇچۇن سىزنىڭكىدەك چوڭراق بىر گىلەم ئىزدەپ بازارغا كەتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گەپتان سەلەي چاقاقنىڭ كىچىككىنە بالىسى شۇنچە چېچەن، سۆزمەن تۇرسا، ئۆزىگە گەپ توغرا كەلمىگۇدەك، دەپ كىتىپ قاپتۇ.

## ئىتنى دۇمبالاش

بىر كۇنى سەلەي چاقاقان ئىشىكنى مىنىپ تويغا كىتىۋاتسا، مەلۇم ھويلىدىن تۇيۇقسىز بىر قارا ئىت چىقىپ، ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. غەزىپى ئۆرلىگەن سەلەي چاقاقان ئىشەكتىن سەكرەپ چۇشۇپ قولىدىكى تايىقى بىلەن ئۇنى راسا ئۇرۇپتۇ.

ئىتنىڭ قاتتىق غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بەگ ئۆيىدىن شاپاشلاپ چىقىپتۇ - دە، سەلەي چاقچاقنىغا كايىپ:

— يۇز - خاتىرە يوقمۇ، بۇنى شۇنچىۋالا ئۇرامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇنىڭ بىلىگە تەگكەن تاياقنىڭ سىزنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.

## ئانىسىنىمۇ دوراپتۇ

بەگنىڭ ئەركە - نايناق ئوغلى كوچىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تاش، چالما ئاتىدىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغىمۇ چالما ئېتىپتۇ. نەپرەتلەنگەن سەلەي چاقچاقان:

— ھەي، سەن بەگنىڭ بالىسىغۇ؟ نېمانچە ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— سېنىڭ كارىڭ نېمە؟ يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ بالا كۆزىنى قىسىپ.

— قارا سېنى، داداڭدىن ئادەم ئۇرۇشنىلا ئۆگەندىمىكىن دېسەم، ئاناڭدىن كۆز قىسىشنىمۇ ئۆگىنىپسەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## توغرا يېزىپتىمەن

سەلەي چاقچاقان ئۇستا خەتتات بولغانلىقتىن يۇرت قازىسى ئۇنىڭغا:

— سىز ھۆسنخەتنى ياخشى يازىسىز، مۇنۇ تاختىغا

«شەرىئەت مەھكىمىسى» دەپ يېزىپ بېرىپتۇ، كۆرگەن كىشى ھەيران قالسۇن، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق قولىغا قەلەم ئېلىپلا «چوماقچىلار مەھكىمىسى» دەپ يېزىپتۇ. قازى غەزەپلىنىپ سەلەي چاقچاقنى قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاقچاق قەددىنى رۇسلاپ، قازىغا ھومىيىپ:

— ھەقىقەتەن توغرا يېزىپتىمەن، بۇ جاي ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوماقچىلار مەھكىمىسى ئىكەن، — دەپتۇ.




## ئېشەك ئېشەكنى كۆرسە ھاڭرايدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق تۇغقان يوقلاشقا كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا يۇرتىنىڭ بېگى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بەگ سەلەي چاقچاقتىن سالام تەمە قىلىپ قاراپتۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ ئېشىكى بەگكە قاراپ ھاڭراپتۇ. بەگنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ:

— ھەي سەلەي، ئېشىكىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا قاراپ ھاڭرايدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقچان بەگكە قاراپ، — بۇنىڭغا ھەيران قالمىسىلا، ئېشەك ئېشەكنى كۆرسە ھاڭرايدۇ.



# ئەزرائىل ئورنىغا ئىسراپىل

قەشقەر ئامبىلى كېسەل يوقلاپ كەلگەن باي، بەگ ۋە موللىلارغا:

— كاناي - سۇناي چالدۇرۇپ بەرسەڭلار، كۆڭلۈم ئېچىلىپ تۇزۇلەرمەنمىكىن، — دەپ ئىشارە قىپتۇ.

ئامبالنىڭ ھويلىسىدىن بىردىنلا كاناي - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كېتىپتۇ. ھەيران بولغان خالايىق ئامبالنىڭ ھويلىسىغا يېقىن بارالماي، كوچىلاردا توپلىشىپ تۇرسا، سەلەي چاقچان كېلىپ قاپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— بۇ نېمە كارامەت؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلەرگە مەلۇم، — دەپ چۈشەندۇرۇپتۇ سەلەي چاقچان، — خۇدانىڭ يېنىدىكى ئىسراپىل پەرىشتە قىيامەت كۈنىگە يېقىن قالغاندا دۇنيادىكى جىمى جانلارنى بىر كاناي تارتىپلا

ئۆلتۈرەرمىش. بۇگۈن جان ئالىدىغان ئەزرائىلنىڭ ۋاقتى بولماي، ئورنىغا ئامبالنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇنايچى ئىسراپىل كەلگەنمىش، ئۇ ھاماقەت ئالىدىغىنىنى ئېلىپ كېتىۋەرمەي، ئۆز قىلىقىنى قىلىۋاتسا كېرەك. كېتەيلى، ئۆزىمىزنى ساقلايلى! كۆزى قىزىرىپ تۇرغان جاللاتتىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ!

## كېچىسى قاۋىمايدىغان ئىت

بىر كۈنى ئوردىدا ۋەزىرلەر ئىت توغرۇلۇق قىزىق پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، سەلەي چاققانمۇ سۆزگە قوشۇلۇپ:

— ئەمما، مېنىڭ ئىتىم كېچىدە قوشنىلارنى بىئارام قىلىپ، قاۋىمايدۇ. ئەگەردە ھويلىغا بىرەر بىگانە جانلىق كىرىدىغان بولسا، شۇنداق قاۋايدۇكى، — دەپ تازا ماختىنىپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەپتۇ.

سەلەي چاققان بىلەن قېرىشىپ قالغان بىر ۋەزىر يېنىغا بىر مىرشاپنى ئېلىپ، تۈندە ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى تىڭشاپ كۆرۈپتۇ. ئەتىسى:

— سەلەي، بىز بىلسەك، ئاخشام سېنىڭ ئىتىڭ قاۋىغان... ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— بىكار قاۋايدىغانلارغا غەزەپلىنىپ، بەزىدە شۇنداق بىرەر قېتىم قاۋاپ قويىدۇ.

— بىر قېتىم ئەمەس، ئىككى قېتىم قاۋىدى. بۇنىڭمۇ سەۋەبى بارمۇ؟

— بار، مېنىڭ ئىتىم كېچىچە ئىككى ئىتنىڭ تاۋۇشىنى ئالغان بولسا كېرەك.

— تاۋۇش ئىگىسىنىڭ ئىككىلىكىنى نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ دوق قىپتۇ ۋەزىر شۇئان.

— «بىز...» دېگەن سۆزنىڭىزدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆز جىنسىنى كۆرگەندە

ۋەزىر سەلەي چاققان بىلەن يەنە قېرىشىپ قاپتۇ. «سەلەينىڭ: مېنىڭ ئېتىم ھويلامغا كىرگەن بىگانىلەرنى كۆرسە ئاجايىپ قاۋايدۇ، دەپ ماختانغانلىقىنى بىر كۆرەي، ئەگەر ئۇنىڭ ئىتى ھويلىغا كىرگەنلەرگە ئۇنچىۋالا قاۋىمىسا، ئۇ چاغدا سەلەينى مەن يەڭگەن بولىمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىرنىڭ مەقسىتىنى ئالدىن سەزگەن سەلەي چاققان بىر ئامال بىلەن ئىتىنى قاۋىمايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي ۋەزىر ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن تۇيۇقسىزلا سەلەي چاققاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. ئىت مېھمانلارنى قارشى ئالغاندەك، قۇيرۇقى بىلەن يەر سۈپۈرۈپ، جىم يېتىپتۇ. ۋەزىر غالىبانە سوراپتۇ:

— خوش سەلەي ئاخۇن، ئىتىڭىزنىڭ بىگانىلەرنى كۆرگەندە قاۋىغىنى قېنى؟

سەلەي چاققان ھودۇقماپتۇ:

— كەچۈرگەيسىز، ئەي جانابىم، پېقىرنىڭ ئىتى ئۆز جىنسىنى كۆرگەندە ھەرگىز قاۋىمايدۇ.

## تويلۇق

يەل - يېمىشلەر شىرنە باغلىغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سەلەي چاققان قىز تەرەپكە بېرىپ «تويلۇق شەرتىنى ئادا

قىلسام» دېگىنىچە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاغىي قىلىپ:

— قىزىمىز ئۈچۈن كەمچەت تۇماق، خۇرۇم ئۆتۈك، ئالتۇن بىلەزۈك تەييارلاڭ. توي چىقىمى مىڭ تەڭگىدىن كام بولسا بولمايدۇ، — دەپتۇ. سەلەي چاقچاقان:

— ئۇنداق بولسا، ئىش مۇنداق بولسۇن: مەن قىزلىرىغا بىر تىيىنلىكمۇ شەرت قويماي. قىزلىرى مېنى ئالسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## يىلتىزى يوق كۆچەت تۇتامدۇ؟

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىمارۋاز دائىم ئۇنى گەپتە چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنىدىكەن. سەلەي چاقچاقان بىر كۈنى بازاردىن قايتىۋېتىپ ئەسكى تاملىق ھويلىدا بىر توپ قىمارۋازنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى قىمارۋازمۇ بار ئىكەن، ئۇ «دەتتىكام» دەپ قولىدىكى ئوشۇقلارنى ئېتىپتۇ ـ دە، «ئۇتتۇم» دەپ ۋارقىراپ تاۋكاسىدىكى پۇللارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

— چۇ چۇشتى، چۇ چۇشتى! — قىمارۋازلار ئالىچوقان كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىۋاپتۇ ۋە بولۇشىغا كۈلۈپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ. ئىزا تارتىپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن قىمارۋاز پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، سەلەي چاقچاقان ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا جىرىم تىكمەكچى بولۇپ قەلەمچە كېسىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى قىمارۋاز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— ھە سەلەي ئاخۇن، يىلتىزى يوق كۆچەتمۇ تۇتامدۇ؟ — دەپتۇ مازاقلاپ كۈلۈپ. سەلەي چاقچاقان:

— بۇرادەر، ئۇشۇق چۇ چۇشسىمۇ ئۇتامدۇ؟ — دەپتىكەن قىمارۋازنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاستا كېتىپ قاپتۇ.

## غەيرىي مۇددىئا

سەلەي چاققاننىڭ كۇچارغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بىر بۇرادىرى ئۇنى قارشى ئېلىپ داستىخان ساپتۇ. زىياپەتكە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى كەلگەنىكەن. شاياردىن كەلگەن بىر باي ئۇنى گەپتە چۇشۇرمەكچى بولۇپ:

— سەلەي چاققان، سىزنىڭ نامىڭىز ئۇلۇغ ئادەم، سىز كۇلكە - چاقچاق بىلەنلا بولۇپ كەتتىڭىز، ھېچنېمە يېمىدىڭىز. نېمىشقا تائامغا باقمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رەھمەت تەقسىر، «نىيىتىڭىز» نى چۇشەندىم، مەن كىشىلەرنىڭ مېنى تاماق يېيىش ئۇچۇنلا مېھماندارچىلىققا كەپتىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمايمەن. قانداق؟ گېپىم دۇرۇسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.



— ۋاي دۇرۇس بولمامدىغان؟ — دەپتۇ شايارلىق باي بېلىدىكى گۆشنى تۇگۇۋېتىپ ئوڭايسىزلىنىپ.

# قىل

سەلەي چاقچاقنىڭ گەيجاڭ ئاغىنىسى دائىم كىچىك ئىشلارنى يوغىنىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى شەنگەن ياملغا چىقىپ تۇرىدىكەن، سەلەي چاقچاق ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ نەپرەتلىنىدىكەن، بىر كۈنى گەيجاڭ سەلەي چاقچاقنى چاقىرىپ، غاز گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ. سەلەي چاقچاق تەخسىدىكى بىر تال قىلنى كۆرۈپ، گۆشنى يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.

— نېمىشقا يېمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ گەيجاڭ ھەيران بولۇپ .

— بۇرادەر، ماۋۇ نېمە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق تەخسىنى كۆرسىتىپ.

گەيجاڭ كۆزەينىكىنى تاقاپ، تەخسىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— قىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ياھەزرەت، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مەنىلىك كۈلۈپ، — سىز دائىم قىلنى پىل دەيتتىڭىز، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىڭىز.

# تاياق ئۇستىگە

سەلەي چاقچاقنىڭ بىر قارى قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ ھەرۋاق غىزا ئۇستىگە كىرىپ: «رىزقى غايىب، نىسۋە تاماق ئۇستىگە» دەپ، تەييارغا ھەييار بولۇۋېرىپ، جانغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ئايالى بىلەن كېلىشىپ، غىزا ۋاقتىدا قوشنىسىنىڭ كىرىشىگە ئوغلىنى دۇمبالاشقا باشلاپتۇ.

— ھاي، ھاي، توختىسىلا، نېمە ئىش؟ — دەپ قارى

يېقىن كېلىشىگە ئۇنىمۇ ئۇرۇپ كېتىپتۇ. كوچىغا قېچىپ چىققان قارى سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە بولغىنى؟

— بۈگۈن، تەقسىر نېسىۋە تاماق ئۈستىگە بولماي تاياق ئۈستىگە بولغىنى... — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## باشقا ئۆيىمىز يوق

سەلەي چاقچاقان بىر كۈنى مەھەللىنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىمامىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئىمام ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى قوزۇقلاردا ئېسىپ قويۇلغان راۋاب، دۇتار، تەمبۇرنى كۆرۈپ:

— دۇتار بار ئۆيدە پەرىشتىلەر بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ يوق ھادىسىنى ئېيتمىغانلىرى تۈزۈك ئىدى، ئېيتقاندىن كېيىن ئەمدى قالغان يېرىمىنىمۇ ئېيتسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— قالغان يېرىمى يوق، بىلسەڭ ئۆزۈڭ ئېيت، دەپتۇ ئىمام ئۇنى سەل چاغلاپ.

— پەرىشتىلەر يوق ئۆيدە غىزا - تاماقلارنى يېيىشكە بولمايدۇ، دېيىلگەن كىتابتا. سىلەرنى باشلايدىغان باشقا ئۆيىمىز يوق. خەير، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئەنجۇر

سەلەي چاقچاقان ئىش بىلەن بىر ئاچ كۆز موللامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سەل قىيا ئېچىلىپ تۇرغان دەرۋازىدىن قاراپ، بۈگلۈك ئۈستىدىكى جوزىدا بىر تەخسە سېرىق ياغدەك مەي باغلاپ پىشقان ئەنجۈرنى كۆرۈپتۇدەك.

— موللا ئاخۇنۇم! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ. موللام ئەنجۈرنى دەررۇ جوزىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ:

— لەببەي! كەلسىلە، سەلەي ئاخۇن، — دەپ قارشى ئاپتۇ. لېكىن، ئىچىدە: «ھەي، بۇ كۆزى ئۆتكۈر شۇڭقار سېزىپ قالدىمىكىن، خۇدا ئۆزۈڭ شەرمەندىچىلىكتىن ساقلا» دەپ تەشۋىشلىنىپتۇ. سەلەي چاقچاقان نانغا ئېغىز تېگىپتۇ ۋە ئاستا سوراپتۇ:

— تەقسىر، ھېلىقى «ۋەتتىنى ۋەززەيتۇنى» دېگەن ئايەتتىكى تىيىن[1] سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە بولىدىكىن؟

ئاچ كۆز موللام ئارانلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— چىڭ ئايەتتىن چۈشتۈڭ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېپىش ناھايىتى قىيىن.

— مېنىڭچە، تەقسىر، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى جوزىنىڭ ئاستىدىن تېپىش ناھايىتى ئاسان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## جاننى ئېتتىك چىقىرىدىغان دۇئا

بىر چاغلا موللا كۆپىنچە: «خۇدا جېنىمنى ئاسان ئالغايسەن» دەپ تىلەپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان موللىدىن: «تەقسىر جاننى ئېتتىك چىقىرىدىغان دۇئا بولسا بىزگە ئۆگىتىپ قويسىلا!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەيران بولغان موللا:

— ئۇنداق دۇئا نېمىگە شۇنچىۋالا كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلىنىڭ جانلىرىغا ئاتاپ ئوقۇماقچى ئىدۇق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

---

[1] تىيىن — ئەنجۈر مەنىسىدە.

## ئىشان

بىر كۈنى كىشىلەر ئىشان ۋە شۇ نام توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىپ تۇرغاندا، بىر مۇتەئەسسىپ چالا موللا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىشان دېگەن سۆز «دىندا ئۇلۇغ، ئاڭا ئىشەن» دېگەن سۆز دەپتۇ. سەلەي چاقچاقان تۇرۇپ:

— ئىشان دېگەن سۆز «دىلغا قۇلۇپ، پۇتقا كىشەن» دېگەن سۆز، — دەپتۇ.

چالا موللا قورقۇپ تىكىۋېتىپتۇ.

## بىر قاقىقا بىر قاق

تۇي مەرىكىدە ئۆزىگە سان تەگمەي ئولتۇرغان «سوپى سازچى» دېگەن بىر كىشى پەيتنى تېپىپ، بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپتۇ:

راۋاب كەلمەس مۇقامغا،
زورۇقۇپ چالغان بىلەن.
پەرقى بارمۇ ھەزىلنىڭ،
قىپقىزىل يالغان بىلەن.

سەلەي چاقچاقان دەرھال راۋابنى كۈلكە ئاھاڭىغا چېلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

سۆزىڭىز ئوخشار تۇقامغا،
مىڭ پەرداز قىلغان بىلەن.

بىزگە ساتماڭ پەتنۇا،
راستى يوق يالغان بىلەن.

سوپى سازچى ئىغىزىنى ئاچالماي قاپتۇ.

## كەلدىنامە

قاتار مەشرەپ سەلەي چاقچاقنىغا كەلگەنىكەن، بۇنى ئىمام ئاڭلاپ: «مەشرىپىڭگە مەنمۇ بارايمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. يۈز كېلەلمىگەن سەلەي چاقچاق ئۇنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. بۇنى ئوتتۇز ئوغۇل ئاڭلاپ قېلىپ ئىلاجسىز: «ئۇنداق بولسا، مەشرەپنى ساھىب بىلەن راھىب ئۈزلىرىلا ئوينىسۇن» دېيىشىپتۇ. ئىشنىڭ چاتاق بولۇشىنى سەزگەن سەلەي چاقچاق ئىمامغا يولۇقۇپ:

— سىز مەشرىپىمگە ئويلىشىپ بارسىلا، يەنە «يېتىپ كەلگىنىم — يېيىشكە كەلگىنىم» دەپ ئادەتتىكىدەك كېلىپ ئىششىپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولسىلا، كۆپنىڭ ئالدىدا «كەلدىنامە» دېگەن كىتابنى ئاچىمەن. ئىزا تارتىپ قالىلا، — دەپتۇ. ئىمام ئەجەبلىنىپ:

— ئۇنداقمۇ كىتاب بولامدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يېقىندا قولغا چۈشۈردۈم. ئاجايىپ كىتاب!
— يوق گەپ!

سەلەي چاقچاق جىددىي جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىز ۋەز ئېيتقاندەك، كىمنىڭ سەپىرى توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى بىلدىغان كىتاب «سەپەرنامە» بولدى - يۇ، قايسى مېھماننىڭ كەلگىنى توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىنى بىلدىغان كىتاب بولمامدۇ؟ ياكى سىز خۇدانىڭ ئىلىم خەزىنىسىگە شەك كەلتۈرەمدىلا؟

گەپ تاپالمىغان ئىمام قورقۇپ، مەشرەپكە بارالماپتۇ. ئوتتۇز ئوغۇل كەڭتاشا ئويناپ - يايراپتۇ.

## ھېچكىم ئالمىدى

سەلەي چاققانغا كوچىدا بىر مۇتەئەسسىپ ئىمام ئۇچراپ:
— سەلەي ئاخۇن، بازارغا ماڭغان بولسىلا، مۇنۇنى ساتقاچ كەلسىلە، — دەپ قاتتىق بىر يەل قويۇپ بېرىپتۇ. سەلەي چاققان: «قېنى بازارغا سېلىپ كۆرىمىز» دەپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ بازاردىن قايتسا، ئىمام ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن. سەلەي چاققان ئەيمەنمەي يېقىن كېلىپ تۇرۇپ قاتتىق بىر يەل چىقىرىپتۇ — دە، مۇنداق دەپتۇ:
— كەچۈرسىلە تەقسىر، ئامانەتلىرىنى ئىسسىقىدا قايتۇرۇۋالسىلا، ھارام قېرىنىدىن چىققان مال ئىكەن، دەپ ھېچكىم ئالمىدى.

## دوزاخ نەدە؟

ئوپالدا ناھايىتى مۇتەئەسسىپ بىر ئاخۇنۇم ئۆتكەنىكەن.
ئاخۇنۇم دوزاختىن سۆزلەپ تۇرغاندا، قوۋمدىن بىرى سوراپتۇ:
— تەقسىر، دوزاخ زېمىننىڭ قەيرىگە توغرا كېلىدۇ؟
— كۆمۈر خاڭلىرىنىڭ ئاستىغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاخۇنۇم.
— ئۇ چاغدا دوزاخنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىدىغۇ؟
— ياق، ھەر بىر دوزاخنىڭ ھەر ياققا كەتكەن تارماقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۇچى شۇ خاڭلارنىڭ تېگىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداق بولسا دوزاخنىڭ مەركىزى نەگە توغرا كېلىدۇ؟
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئاخۇنۇم، توختاپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— نەگە توغرا كېلەتتى؟ يەتتە دوزاخ ئاخۇنۇمغا قارايدىغان يەتتە قازناقنىڭ تېگىگە توغرا كېلىدۇ.

## تۇگەپ كەتمىسۇن دەپ

سەلەي چاقچاق بىر موللا بىلەن ئاغىنە ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى سەلەي چاقچاقتىن ئون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ بەرمەپتۇ. ئاخىر: «مەن سېنىڭ ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلاي شۇ پۇلۇڭدىن كەچ...» دەپ دۇئا قىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ موللام ئىمام بوپتۇ. نامازدىن كېيىن ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا ئىمام: «ھەممە ئىشنى بىسمىللا بىلەن باشلاش كېرەك، بىسمىللاسىز يېيىلگەن غىزا، تۇتۇلغان پۇللارنىڭ بەركىتى نەچچە ھەسسە كېمىيىپ كېتىدۇ ۋە ھەتتا بەركىتى پۈتۈنلەي بولماي قالىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شۇ ئىمام قازىغا يىگىرمە سەر كۈمۈشنى تېز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ تۇرسا، سەلەي چاقچاق كېلىپ قاپتۇ. ئىمام ئۆزىنىڭ بۇ قولى كەڭ ئاغىنىسىدىن كۈمۈشنى قازىغا ئەۋەتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي سەلەي چاقچاق يولدىن يېنىپ كېلىپ ئىمامغا شۇنداق دەپتۇ:

— تەقسىر، مەن پۇلنى ئالغاندا «بىسمىللا» دېمەيلا ماڭغانىكەنمەن، يولدا سانىسام، سىز دېگەندەك بەركىتى ئۇچۇپ يېرىمى قاپتۇ. بارغۇچە ھەممىسى تۇگەپ كەتمىسۇن، دەپ قايتۇرۇپ كەلدىم.

## ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش

سەلەي چاققان بىر كۇنى دۇكانغا كىرىپ بەش جىڭ شېكەر ئاپتۇ. دۇكانچى شېكەرنى كەم تارتىپ قەغەزگە ئوراپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان سەلەي چاققان:

— بەرگەن شېكىرىڭىز بەش جىڭ كەلمەيدىغۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەڭگىلرەك بولسا ئاسان ئېلىپ كېتىسىز، مەن سىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇكانچى.

سەلەي چاققان شېكەرنىڭ پۇلىنى پوكەي ئۇستىگە قويۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ تېخى بوسۇغىغا بارمايلا دۇكانچى توۋلاپتۇ.

— ھەي بۇرادەر، بەرگەن پۇلىڭىز كەمغۇ؟

— مەنمۇ سىزنىڭ سانىشىڭىزغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن پۇلنى ئازراق بەردىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كېلەي

بىر كۇنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۇچۇن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇزاق كۇتۇپتۇ. تاماق كەلمەپتۇ. سەلەي چاققان بولالماي ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپتۇ. مۇلازىم:

— سەلەي ئاخۇنكا، تاماق يېمەي قايتىپ كېتەملا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئاشخانىغا ئۇقماستىن كىرىپ قاپتىمەن، ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كەلسەم بولغۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ ـ دە!

بۇنىڭدىن يۇز يىللار بۇرۇن ھېيتگاھ جامەدە بىر بۆلۈك تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئوقۇش پۇتكۇزۇپتۇ. مۇدەررەس

ئۇلارنىڭ ھەم ياخشى ئوقۇغان، ھەم يېشى چوڭراقلىرىنى ئادەتتىكى مەنسەپكە، ياخشى ئوقۇمىغان ھەم يېشى كىچىكرەكلىرىنى مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇپتۇ. بۇ ئىش ئاڭلىغانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، غۇلغۇلا قوزغاپتۇ:

— مۇدەررەس نېمە ئۈچۈن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىچىك تالىپلارنى شۇنچە چوڭ مەنسەپكە قويىدىغاندۇ؟ — دېيىشىپتۇ جامائەت.

— بۇرادەرلەر، ھەيران بولماڭلار، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئوتتۇرىغا چىقىپ، — بۇ تالىپلارنىڭ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ - دە!

## بۇ يول مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ

ياقا يۇرتتىن ئوپالغا يېڭى كەلگەن بىر بايۋەچچە بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەلەي چاقچاقانغا ئۇچراپ قاپتۇ. بايۋەچچە سەلەي چاقچاقاننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى كۆرمىگەنىكەن، ئۇ سەلەي چاقچاقاننى گەپتە چۈشۈرۈش غەرىزىدە:

— ھە، سەلەي چاقچاقان، ئېيتىپ بېقىڭا، مەن ماڭغان بۇ يول نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يول ھېچ يەرگە بارمايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بايۋەچچىم، ئۇبدانراق قاراپ باقسىلا، بۇ يول مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ.



## كۆرپە كۆيۈپ كەتمىسۇن

سەلەي چاققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېھماندارچىلىققا بېرىپ، بەگ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئاچ كۆز بەگ قىزىق شورپىنى ئالدىراپ يەپ گېلىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان، بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تىپىرلاۋاتقاندا، ئالدىدىكى بىر چەينەك سوغۇق چاينى ئېلىپ، بەگنىڭ ئاستىدىكى كۆرپىگە قۇيۇپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ كايىپتۇ بەگ.

— بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — قىزىق شورپىلا يەپ گاللىرى كۆيۈپ قالدى، ھېلى ئۇ ئارقىلىرىدىن چىقىپ كۆرپىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ سوغۇق چاي تۆكۈۋەتتىم.



## بۆشۈكتىكىلەرمۇ كېلىپ بولسۇن

سەلەي چاققان قىزنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپتۇ، توي بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن نىكاھ پاتىھەسىگە مېھمانلار

كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى ۋە ھويلىسى مېھمان بىلەن لىق تولۇپتۇ. لېكىن، ئۇزاققىچە داستىخان سېلىنماپتۇ. شۇ ئارىدا توي ئىشىغا قۇدا تەرەپتىن ئارىلاشقان بىرەيلەن:

— سەلەي ئاخۇن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، قېنى داستىخان سالمايلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەۋرى قىلىپ تۇرۇشسىلا، قۇدامنىڭ بۆشۈكتىكى بالىچاقىلىرى تېخى كېلىپ بولالمىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## كۆزىتىپ چىقىپتۇ

بىر يىلى سەلەي چاققان بىلەن بىر سوپى بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ.

سەلەي چاققاننىڭ مىنگىنى قېرىراق قارا تورۇق ئات، سوپىنىڭ بولسا يورۇشلۇق ئاق بوز ئات ئىكەن. ئۇلار دالادا قونۇپ قاپتۇ. سوپى ئوڭدا يېتىپ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ يەردە ئوغرى كۆپ، ئاتلارنى سەن كۆزەتسەڭ، — دەپتۇ.

— ياق، مەن كۆزەتمەيمەن، مېنىڭ ئېتىم قارا ئات، ئۇنى كېچىدە ئوغرى كۆرمەيدۇ. سېنىڭ ئېتىڭنى يىراقتىنلا كۆرىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىيلەن ئاتلارنى تېگىشەيلى، — دەپتۇ سوپى.

سەلەي چاققان ئېتىنى تېگىشىپتۇ-دە:

— سوپى، ئەمدى ئاتلارنى سەن كۆزەت! — دەپتۇ.

— نېمىشقا مەن كۆزىتىدىكەنمەن؟ — دەپ تېرىكىپتۇ سوپى.

— سىنىڭ ئىتىڭ قارا، قاراڭغۇدا كۆرەلمەيسەن، ئوغرى ئالامدۇ، بۆرە يەمدۇ، نەدىن بىلىسەن؟ مىنىڭ ئىتىم ئاق، شۇنداقلا قارىسام، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپ سەلەي چاقىقان ئۇخلاپ قاپتۇ. ئاتلارنى تاڭ ئاتقۇچە سوپى كۆزىتىپ چىقىپتۇ.

## تۇماقتا سەجدە

بىر كۈنى سەلەي چاقىقان تۇمىقىنى سەجدە ئورنىغا قويۇپ، يالاڭباش ناماز ئوقۇۋاتسا، سوپىلار كۆرۈپ:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇماققا سەجدە قىلغىنىم! — دەپتۇ سەلەي چاقىقان خاتىرجەملىك بىلەن.

ئۇلار دەرھال سەلەي چاقىقاننى قازىغا چىقىپتۇ. قازى غەزەپ بىلەن سوراپتۇ:

— راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ئۇنداق قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ...

— ئۆزلىرى باشلىق كۆپ نامازخانلار كەشلىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ سەجدە قىلىشسا گەپ يوق، مەن پاكىز تۇماقنى پېشانەمگە قويۇپ سەجدە قىلسام نېمە بوپتۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

## غاز شورپىسى

سەلەي چاقىقاننىڭ تومۇرىنى تۇتقان تېۋىپ ئاسمانغا قاراپ:

— بىرەر ئىسسىقلىق تاماق يېگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقىقان:

— راست، تومۇز كۈنلىرى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر

سىمىز غازنى ئۇقيا بىلەن خىيالەن ئېتىپ چۈشۈرۈپ، گۆشىنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز پۈتۈن ياغ ـ پاغلىرى بىلەن قورۇپ يەپ قويغانىدۇق. «خوتۇن دېگەن ئۈچكە يېغى» ئىكەن، ئۇنىڭغا ياقتى، ئېھتىمالىم. مەن شۇنىڭدىن بېرى ئاغرىق، — دەپتۇ. تېۋىپ:

— ھە، تاپتىم! غاز يېغى ئوت ئىسسىق. خىيالەن بولسىمۇ، ئۇ سەپرايىڭىزغا يامان تەگكەن، — دەپ ساپ سوغۇقلۇق تاماقلارنى بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاقچاقان ئەكسىچە ئىسسىقلىق ـ قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يەپ ساقىيىپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تېۋىپ: «مېنى ئوبدان رازى قىلىڭ» دەپ يېتىپ كەپتۇ. سەلەي چاقچاقان:

— تەقسىر، تومۇرۇمنى تۇتقان كۈنى مەن سىزنى خىيالەن ناھايىتى ياخشى رازى قىلىپ بولغانىدىم، — دەپتۇ.

## ئېشەك بىلەن سۆزلىشىش

چالا موللا بىلەن سەلەي چاقچاقان بىر سېپىدىنىڭ تۈۋىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرسا، ئېشەك ئەسكى تامنىڭ كۆلەڭگىسىگە كېلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ چىۋىنقاپتۇ.

سەلەي چاقچاقان ئېشەككە قاراپ:

— بولىدۇ، ئەتە كەلگىن جۇمۇ؟ — دەپتۇ. ئېشەك بولسا يەنە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بۇنى بايقاپ تۇرغان چالا موللا:

— مېنى ئەخمەق قىلمۇاتامسەن، ئېشەكمۇ سۆز ئۇقامدۇ؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقان دەررۇ:

— بۇ ئېشەك گەپ ئۇقىدىكەن. ئىشەنمىسىلە، ھازىر «ياق ـ ياق» دېگۈزەيمۇ؟ — دەپتۇ.

— دېگۈزەلىسەڭ، بوردىغان قويۇم سېنىڭ بولسۇن.

دېگۈزەلمىسەڭچۇ؟

— دېگۈزەلمىسەم، قويۇڭنىڭ نەرخىنى تۆلەيمەن. بىراق، ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇشى شەرت.

چالا موللا شەرتكە كۆنۈپ، ئىككى گۇۋاھچى تېپىپ كەپتۇ. سەلەي چاققان ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلغان بولۇپ، چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىرتلا قىلىپ توكۇرۇپتۇ. ئېشەك بېشىنى ئىككى ياققا چايقاپتۇ. شۇ چاغدا سەلەي چاققان:

— ئەمدى نېمە دەيلا، موللام؟ — دەپتۇ.

— خەير، مەن يېڭىلدىم. قوي سېنىڭ. لېكىن، نېمىدەپ ئېشەكنى «ياق - ياق» دېگۈزگىنىڭنى ئېيتىپ بەرگىنە! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ چالا موللا.

— خوپ، ئېيتىپ بېرەي. ئېشەككە: «سېنىڭ ئۇنۇڭ يوغان، ۋارقىرىساڭ پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىدۇ. بىزنىڭ مەزىننىڭ ئاۋازى يىراققا ئاڭلانمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن سەن مەزىن بولساڭ» دېۋىدىم، ئېشەك ئۇنىمىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## شۇ بولدى، تەقسىر

سەلەي چاققان بىر يەردىن ئاران بىر كاللا - پاقالچاق تېپىپ، «بالىلىرىمنى گۆشكە تويغۇزىدىغان بولدۇم» دەپ كېتىپ بارسا:

— ئىشىنىڭ كارى شورپىكەن - دە، تەڭ ئىچىمىز، — دەپتۇ يولدا ئىمام ئۇچراپ. سەلەي چاققان:

— نېسىپ بولسا... — دەپ ئۆيىگە كېتىۋېرىپتۇ.

موردىن تۈتۈنىنىڭ توختىشىنى مۆلچەرلەپ ئىمام ئاخۇنۇم كىرىپ كەپتۇ. لېكىن، سەلەي چاققان كاللا - پاقالچاقنى قازاندىن ئالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئىمامۇ تەمەسىنى بوشاتماي

ئولتۇرۇۋېرىپ، بىر چاغدا شۇنداق دەپتۇ:

— قانداق قازاننى ئاسقانتىڭ؟

— بەرمەسنىڭ...

— سىزنىڭ ئۆيدىن سوراپ چىققانتىم...

گەپ تاپالمىغان ئىمام ئاخۇنۇم غودۇڭشىپ:

— «بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس» دېگەن شۇ ئىكەن - دە، — دەپتۇ.

— «تاماخورنىڭ ئىچى پۇشماس» دېگەن شۇ بولدى، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## بىر تەخسە شورپا

سەلەي چاقچاق يۇرتتىكى بىرنەچچە كىشىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئالدىغا تۇرلۇك مەززە قويۇپتۇ. كېيىن ھەر مېھماننىڭ تەلىپىگە يارىشا خىلمۇخىل سەي قورۇپ لەڭمەن تارتىپتۇ. ئاخۇنۇم: «كېلىن ئۆز چېچىغا ئۆلچەپ سوزۇپتۇ، قاراپ ئولتۇرغۇدەك سەي بوپتۇ» دەپ ھەممىدىن ئاۋۋال بىر تەخسىنى يەپ بولۇپتۇ، ئىككىنچىسىنىمۇ ئاشۇرۇپ قويماپتۇ. لەڭمەننى «ئاغزىمدا قالدىغان بولدى» دەپ ماختاشنىمۇ توختاتماپتۇ. بۇنى سەزگەن سەلەي چاقچاق:

— ئەكەلسىلە، تەقسىر، يەنە بىر تەخسە ئەكىرەي، دەپ «تەكلىپ» قىپتۇ. يۇقىرىغا تىنىپ قالغان ئىمام:

— ... لېكىن، كۆزۈم تويمايۋاتىدۇ، خەير، ئەكىرسەڭ ئەكىر، — دەپتۇ. سەلەي چاقچاق بىر تەخسە توپا ئەكىرىپ ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئىمامنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، بەچچىغەر! — دەپ تووۋلاپتۇ.

— ئۆزلىرى ئاۋۇ كۈنى: «... تويمىغان كۆز تۇپراققا كىرگەندە تويار» دەپ ۋەز ئېيتقانىدىلە، شۇنى ئەسلەتتىم، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتكەنسەن؟

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، چايغا داخىل بولۇپ قاپتۇ. ساھىبخان داستىخان سېلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە خون توقاچ، سەلەي چاقچاقنىڭ ئالدىغا بولسا تۆت زاغرا قويۇپتۇ. سەلەي چاقچاق زاغرىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھەي زاغرا، مەن يولغا چىققاندا، سەن ئۆيدە قالغانىدىڭ، مەنغۇ ئۆستەڭدىن ئېشەك بىلەن ئۆتتۇم، سەن قانداق ئۆتكەنسەن؟ بەگنىڭ ئىلتىپاتىدا بىر ـ بىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىكەنمىز ـ دە... — دەپتۇ.



## قازىنىڭ ئورنى

سەلەي چاقچاق ئاغرىپ ئۇزاق يېتىپ قاپتۇ. ساقىيىپ

چىقىپ بىر كۈنى كوچا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، يۇرتنىڭ قازىسى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سېنى بىز ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى دېسەك، تىرىك يۈرۈپسەنغۇ؟ دوزاختىن قېچىپ كەلدىڭمۇ - يە؟

— راست، ئۆلۈپ كەتكەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇ دۇنياغا بېرىپ، قازى ئاخۇنۇم مېنى دائىم «دوزىخى» دەپ تىللايتتى، قېنى قانداق بولاركىن، دەپ جەھەننەمنىڭ ئالدىغا بارسام، ياساۋۇللار «ھازىر ئورۇن يوق» دەپ كىرگۈزمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇلدىكى «ۋەيلۇن» دەپ يېزىقى بار چوڭ دوزاخنىڭ ئىچىگە قارىسام، بىر بوش ئورۇن كۆرۈندى. مەن دەرۋازىۋەنگە: «ئاشۇ تۆردىكى بوش ئورۇن مېنىڭ بولسا كېرەك» دېسەم، «ياق، ئۇ سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى قازىغا ئاتاپ قويۇلغان ئورۇن» دەپ كىرگۈزمىدى، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدىم، تەقسىر.

## چاتاق بولار

بىر كۈنى شەھەر ئىمامى سەلەي چاقچاقنى چاقىرتىپ، ئىلتىماس قىپتۇ:

— سېنى بىزنىڭ مەزىن «سەلەي ئاخۇن بىناماز بولسىمۇ، ئېشەكنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، ئادەمنى ئوقۇتقاندەك ئوقۇتىدىكەن» دەيدۇ. باشقىنى قويۇپ، ئەمدى سەن مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېشىكىمگە ئىلىم ئۆگىتىپ بەرسەڭ...

— خوپ تەقسىر، مەن ئۇ ئېشەكلىرىنى مەزىنلىرى سەھرادىن ئەكېلىۋاتقاندا بىر كۆرۈۋىدىم، ئۇ ھەقىقەتەن سىزنىڭ مەزىنلىرىدىن، ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ ئەقىللىقراق كۆرۈنىدۇ. بىراق... مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگەتسەم، زېھنى تېخىمۇ ئېچىلىپ، سىزدىن ئېشىپ كەتسە چاتاق بولارمىكىن، —

دەپتۇ سەلەي چاقان.

## ئېھتىيات قىلايلى

بىر يازكۈنى سەلەي چاقاننىڭ ئايالى ئېرى تالادىن كىرىشىگە:

— قارىسىلا دادىسى، كەلگەن بىرەر ئىشنىڭ تايىنى يوقلا ھېلىقى كەپسەنچى قارى بايىراق ھويلىغا كىرىپ، سىزنى سورىدى. «دۇكانغا — ناۋايخانىغا كەتكەنىدى» دېسەم، ئۇرنىدىن تۇردى - دە، باراڭلارغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ: «ئۈزۈمىڭلار بۇ يىل ئەجەب ئوخشاپتۇ» دەپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. كۆزى تەگمىسە بولاتتىغۇ، دەۋىدەنىڭ، — دەپتۇ.

سەلەي چاقان ئويلانغان ھالدا:

— كۆزى تېگىپ نېمە قىلاتتى، ئۆزى تەگمىسە بولغىنى. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلايلى، خوتۇن ! — دەپتۇ.

## تاماققا تۇشلۇق دۇئا

بىر كۈنى سەلەي چاقان بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئىش بىلەن بېرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمانلار بار ئىكەن. ئۆي ئىگىسى «چاقىرمىغان مېھمان» دېگەن خىيال بىلەن يېرىم چىنە ئاش ئېلىپ كەپتۇ.

تاماقتىن كېيىن مېھمانلار سەلەي چاقاننى دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. سەلەي چاقان دۇئانى قىسقىلا قىلىپ تۈگىتىپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، دۇئانى بەك قىسقا قىلدىڭىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېگەن تاماققا تۇشلۇقتە!... — دەپتۇ سەلەي چاقان

جاۋابەن.

## ئاۋۋال دادامنى...

سەلەي چاقچاق ياش ۋاقتىدا قەشقەردىكى «ئودا خېنىم» سەيلىسىدە يۈرۈپ، ئادەملەر قايىنىمى ئىچىدە دادىسى بىلەن ئانىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ: «خالايىق! دادام بىلەن ئانام يوقالدى. ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار، سۆيۈنچەڭلار نەخ!» دەپ جار سېپتۇ.

ھەيران بولغان كىشىلەر سوراپتۇ:

— نېمىشقا «ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار» دەيسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆيۈنچىگە لايىق پۇلۇڭ بارمۇ؟

سەلەي چاقچاق خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاۋۋال دادام تېپىلسا، ئانامنى تېپىش ئاسان. دادامنىڭ سۆيۈنچە پۇلىنى ئانامدىن ئېلىپ بېرىمەن.

## ئەجەبا توكۇر توخۇ يوقمىدۇ؟



سەلەي چاقچاق بۇلاقسۇ بازىرىدا بىر ئاشخانا ئاچقانىكەن. بازىرى ناھايىتى قىزىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يۇرتنىڭ توكۇر بېگى قىزىقىپ، كۆرۈپ كېلىشكە كەپتۇ. ئۇ ئاتلىرىنى ئاشخانا ئالدىدىكى تېرەككە باغلىتىپ، ئۆزى توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ بۇيرۇتۇپتۇ. سەلەي چاقچاق مەززىلىك پولۇنى يۇرت بېگىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن

بەگ سەلەي چاققاننى چاقىرتىپ:

— سەلەي ئاخۇن، مەن پۈتۈن توخۇ بۇيرۇتقانىدىم، ئاش ئۈستىدىكى بۇ توخۇنىڭ بىر پۇتى يوق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان دەرھال يۈرت بېگىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ:

— بېگىم، جاھاندا توكۇر ئادەملەرمۇ بارغۇ؟! ئادەم توكۇر بولۇۋاتقان يەردە، توكۇر توخۇ يوقمىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مۈشۈك بولۇپ كەلگىنىنى

سەلەي چاققانىنىڭ ئايالى ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئايالى كۈنبويى ناھايىتى قىينىلىپتۇ. قىينالسىمۇ ئېرىنى «جاھان بېشىڭغا قالدى، كىيىۋالارسەن» دەپ قارغاشتىن توختىماپتۇ. بۇ ھالغا چىدىمىغان سەلەي چاققان: «ئەي، پاكا پەرۋەردىگارا، ئەجەب قىينالدى ‹مەھبۇبەم›، ھەر قانچە قازا كەلگەن بولسا، ماڭا كەلسۇن، جېنىم تەييار. ئەزرائىل ئەۋەتسەڭمۇ مەيلى، ھازىرلا ئەۋەت!» دەپ تۇرۇشىغا، تۈڭلۈكتىن «مىياۋ!» دەپلا بىر قارا مۈشۈك ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، بۇلۇڭغا بېرىپ، ئۇلارغا قاراپ: «ھى — ي — ي —، غۇ — ۋ — ۋ!» دەپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپتۇ.

ئىمانى قىرىق گەز ئۇچقان سەلەي چاققان شۇنداق دەپتۇ:

— خوتۇنغا شۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈپ قويساق، شۇنى راست دەمسىنا؟ بىراق، جان تەسلىمگە كىم تەييار؟ ئۆزۈڭمۇ كىمنىڭ جېنىنى ئېلىشنى بىلىسەن. ئەلمىساقتىن بېرى جان ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەزرائىل تاغام سەنغۇ! قارا بۇنى، مېنى

بىلمەيدۇ، دەپ مۈشۈك بولۇپ كەلگىنىنى.

## گەپ يوق ساقىيىپ قالىسىز

سەلەي چاقچاقنىڭ قولىدىن تېۋىپلىقمۇ كېلىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان بىر بىمار كېلىپ، ئۇنىڭغا تومۇر تۇتقۇزۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— بالىلارنىڭ چىرقىراشلىرى، خوتۇنلارنىڭ ۋالاقلىشى، ھەتتا توخۇلارنىڭ ۋاقاقلىشىمۇ ماڭا زادى ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا سىزدىن شىپا سوراپ كەلدىم.

سەلەي چاقچاق ئۇ كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەسەبىيلىكىڭىز سەل بۇزۇلۇپ قاپتۇ. لېكىن، ساقىيىمەن دېسىڭىز، ئاۋۋال ئاشۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن ساقلىنىڭ، ئۆيىڭىزدىكى يېقىمسىز شاۋقۇنلارنى بېسىلدۇرۇڭ ياكى ئۇنداق ئاۋازلاردىن يىراق بولۇڭ. لېكىن، «تىرىق» قىلغان ھەممىلا نەرسىگە چېچىلىۋەرمەڭ، چىڭ بولۇڭ.

— ئۇ ئىشلار قولۇمدىن كەلمىگەچكە، سىزدىن دورا سوراۋاتىمەن، — دەپ چېچىلىپتۇ بىمار.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سىز ھەرىنى ئېكەكلەۋاتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز بىلەن ئەر كىشىنىڭ كوت - كوت ئاۋازلىرىنى سەپرا يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، غۇڭ - غۇڭ قۇتىسىغا سېلىپ، ئېچىپ، شۇنىڭ بىلەن قۇلاقلىرىڭىزنىڭ ئىچىنى پات - پات مايلاپ تۇرسىڭىز، ئىنشائاللا، گەپ يوق سەللىمازا ساقىيىپ قالىسىز.

## مەسىلەن...

بىر چوڭ سورۇندا سەلەي چاقچاقاندىن ئاغزى بېزەپ بىر

كىشى ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:
— كالىنىڭغۇ پىشمايدىغان يېرى بار، ئادەملەرنىڭمۇ بارمۇ؟
— بار.
— مەسىلەن؟
— مەسىلەن، سېنىڭ ئاغزىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## قازاننىڭ دۈم كۆرۈنۈشى يامان

سەلەي چاقچاق كەچلىكى شەھەرگە كىرىپ كەلسە، كىشىلەر ئۇ يەر - بۇ يەرگە توپلىشىپ، يېڭى چىققان ئايغا قاراپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقۇدەك.

شۇ ئارىدا بىر توپ كىشى سەلەي چاقچاقنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— جىمى ئادەملەر: «بۇ قېتىم ئاي دۈم چىقىپتۇ. ئاينىڭ دۈم كۆرۈنۈشى قۇرغاقچىلىق بولۇشىنىڭ ئالامىتى، بۇ ناھايىتى يامان ئىش» دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يالغان، ئاينىڭ ھەر قانداق كۆرۈنۈشىدىن كۆرە، قازاننىڭ دۈم كۆرۈنۈشى يامان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ئورغاق بولمىسا شىرمان نان نەدە؟

ئوملىقتا بىر نەچچە يىگىت سەلەي چاقچاقتىن سوئال سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، توغرىسىنى بىر ئېيتىپ بەرسىلە، ئاينىڭ ئورغاقتەك تۇرغان كۈنلىرى ياخشىمۇ ياكى شىرمان ناندەك يۇملاق، قىزىرىپ تۇرغان كۈنلىرى ياخشىمۇ؟

— ھەر ئىككى ھالەتتە تۇرغىنى ياخشى.

— سەۋەب؟

— ئورغاق بولمىسا، شىرمان نان نەدە، نان بولمىسا، ئورغاقنى تۇتۇش نەدە؟ — دەپتۇ سەلەي چاقڧان.

## بەڭگىلەرنى دوراش

سەلەي چاقڧان خوتۇنى بىلەن ئولتۇرۇپ: «قانداق قىلساق ھال - ئوقىتىمىز ياخشى بولار؟» دەپ مۇڭدىشىپ چارە ئىزدەپتۇ:

خوتۇنى ئويلا - ئويلا، ئاخىر شۇنداق دەپتۇ:

— قوي - ئۆچكىلەر ئۆتىدىغان دالا يولى ئۈستىدە گەمە ياساپ ئولتۇرساق، يولنىڭ ئىككى چېتىگە يانتاق تىزىۋەتسەك، قويلار ئۇياق - بۇ ياققا ئۆتكەن چاغدا يانتاققا ئىلىنىپ قالغان يۇڭلارنى يىغىپ، كىگىز باسساق، سىز ئۇنى سېتىپ، پۇلىغا توخۇ ئېلىپ كەلسىلە، مەن توخۇنىڭ تۇخۇملىرىنى يىغىپ بەرسەم، سىز ئۇنى سېتىپ، پۇلىغا قوي ئېلىپ كەلسىلە...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە:

— ئۇنداق قىلىپ يۈرگۈچە، خوتۇن ھېلىقى ئۆتكەن قويلاردىن بىر - ئىككىنى تۇتۇپ بېقىۋالساق بولمامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقڧان.

— ياق، بالاغا قالىمىز، ئاشۇ يۇڭلارمۇ بىلىنىپ قالمىسا بولدى. بىزگە ھارام ياراشمايدۇ. ئۆزلىرى بىلىلىغۇ!... نېمە دىبدىما، ھە... تۇخۇمنىڭ پۇلىغا قوي ئېلىپ بەرسىلە. قوزىلىتايلى، ئۇلارنى سېتىپ پۇلىغا بىر بايتال ئېلىپ كەلسىلە... تايىنى مەن مىنىمەن!

سەلەي چاقڧان ئاچچىقىغا پايلىماي، قولىغا كالتەك ئېلىپ:

— يۇمران تايىنىڭ بېلىنى سۇندۇرماقچىمۇ؟ قېنى مىنىپ

باق! — دەپ ئورماقچى بولۇپ دېۋەيلەپتۇ. ئايالى:
— تېخى يوق ئىشقا مېنى ئۇرسىلا قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن.
— بەڭگىلەرنى دوراش مانا شۇنداق بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ كېتىپ.

## ھاكىمنىڭ ئەقلى

سەلەي چاقچاق شەھەر ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن:
— يۇرت چوڭلىرى ھاكىمنى بەك ماختىشىدۇ، ئېيتىڭا، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ماختىغۇدەك ئەقلى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ.
— كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق جاۋابەن، — ئۇنىڭ ئەقلى كۆپ بولغاچقا بېشىغا پاتماي، قورسىقىغا چۈشۈۋاپتۇ.

## ئۆزۈممۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم

مەھەللىدىكى بىكار تەلەپلەردىن بىر نەچچىسى «راۋاب ئالغىلى يىمىز» دېگەن باھانە بىلەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆيىگە تولا كېلىۋېلىپ، ئۇنى بەكمۇ زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ.
بىر كۈنى ئۇلار يەنە كەلگەنىكەن، سەلەي چاقچاق:
— بالىلارنىڭ ئانىسى بۈگۈن ھامىمىسىنى يوقلاشقا كەتكەنىدى، سىلەرنى مېھمان قىلالمايدىغان بولدۇم، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.
— خوتۇنىڭىزنى قەستەن قاچۇرۇۋېتىپسىز - دە، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى بىزەڭلىك بىلەن.

— بۇرادەرلەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مېھمان دېگەن مېھماندەك بولغىنى ياخشى، ئەگەر سىلەرنىڭ كېلىدىغىنىڭلارنى بىلسەم ئۆزۈممۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم.

## قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ

بىر يىلى سەلەي چاققان ئاغرىپ قاپتۇ، قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ.

— تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان يىگىتكە ھال ئېيتىپ، — مۇشۇ ياتقانچە ئورنۇمدىن تۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ياشلىرى ئاتمىشتىن ئېشىپتۇ، يەيدىغانلىرىنى يەپ، كىيىدىغانلىرىنى كىيىپ بوللا، خۇددى پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايلا، تەقدىرگە تەن بەرسىلە، — دەپتۇ يىگىت.



ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، سەلەي چاققان ساقىيىپ، ھېلىقى يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ. سەلەي چاققان يوقلاپ كىرسە، يىگىت زارلىنىپ:

— ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغاندى، دۇنيانىڭ ھېچبىر خۇۋۇلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم، قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

— ھەي ئۇكام، ئورۇنسىز ياش تۆكمە، بۇ ئالەم قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ. قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، پىشقىنىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## بالام ياخشى، چاقام يامان

سەلەي چاققان خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر دوستى سالاملىشىپ سوراپتۇ:

— ئۆي ئىچىڭ قانداق، ئاداش؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئىچى ياخشى، تېشى يامان، تامنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

سەلەي چاققاننىڭ ئاغىنىسى، سۆزۈمنى چۈشەنمىدى ئەتىمالىم، دەپ ئويلاپ ئوچۇقراق قىلىپ سوراپتۇ:

— بالىچاقاڭ ياخشىمۇ؟

— بالام ياخشى، چاقام يامان، — دەپتۇ سەلەي چاققان قولىدىكى يارىسىنى كۆرسىتىپ، — بىر ھاشارغا كېلىپ، لايچىلىقىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بەرمىسەڭ، بولمىدى ئاداش.

## ساقال تارغىقىغا غىلاپ

سەلەي چاققان بىر موزدۇزغا:

— ساقال تارغىقىمغا غىلاپ تىكىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

موزدۇز:

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، قانداق تىكىمەن؟ دەپ بېشىنى تاتىلاپتۇ.

— قوينىڭ بۆرىكىنى ئەندىز قىلىپ تىكسىڭىز، بوغقۇچىنىمۇ شۇنىڭغا قاراپ بېكىتسىڭىز، خۇددى ئۆزى بولىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ سەلەي چاققان.

— شۇنچە ئۇستا تۇرۇپ ئۆزىڭىز تىكىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ موزدۇز.

— قولۇمغا بىگىز تەگسە، «نېمىشقا خېرىدارلارنى تولا قاقشىتىسىلەر! » دەپ موزدۇزلارنىڭ كۆزىگە سانجىۋېتىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## سەن بولۇپ چىقتىڭ

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئۇيقۇدىن خۇشال ئويغىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى سوراپتۇ:

— ھە نېمە گەپ، ياخشى بىر چۈش كۆردىلىمۇ، نېمە ؟

— پاھ، پاھ، ياخشى چۈش! ئۆيلىنىپ چۈش كۆرۈپتىمەن!

بۇ گەپتىن ئايالىنىڭ ئەرۋاھى ئۇركۈپ، ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ:

— خىيالىغا كىرگەن — چۈشىگە كىرگەن... ئۇنچە قىلمىسىلىمۇ ئېسىلىۋالارمىدىم؟...

— چۈشۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا، — دەپ يېلىنىپ، ئايالىنى ئاران توختىتىپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمدى ئېسىمنى يىغسام، ئالغان ئايالىم سەن بولۇپ چىقتىڭ. ئۇنىڭمۇ ئاغزى بىر ئېچىلسا، توختىمايتتى، خۇداغا شۈكۈر!

## ئاي ياخشىمۇ، كۈنمۇ؟

كىشىلەر سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ئاي ياخشىمۇ، كۆنمۇ؟
سەلەي چاقچاقان بىر پەس ئويلىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— كۈندۈزى كۈن ياخشى، كېچىسى ئاي...
— كۈندۈزى كۈن ياخشى دەيدىلا. كۈن بولمىسىمۇ كۈندۈز بولۇشىنى نەدىن بىلىدىلا؟
— تېخىچە شۇنى ئايرىيالمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ سەلەي چاقچاقان، — كۈن بولمىسىمۇ كۈندۈز بولۇشىنى «كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ» دېگەن خەلق تەمسىلىدىن بىلدىم. بۇ — ئاي كۈندۈزى ئاسماندا يۈرگەندىمۇ كېچە بولغانغا ئوخشاش. ئۆزۈڭلارمۇ : «قاراڭغۇ دەپ كەلمەي قالماڭ، ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار» دەپ ناخشا ئېيتىسىلەرغۇ، دېمەك:

ھەر ئىككى ھېساب بىرلا ھېساب،
كەچتىن قالغان چاغ كۈنگە ھېساب.

## سەن ئۆيدىمىدىڭ؟

سەلەي چاقچاقان ئۆز ئىشىكى ئالدىدا بىر خۇش چاقچاق ئايال بىلەن ئۇزاقراق سۆزلىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.
ئايالى ئۆيدە تاماق تەييارلاۋاتقانىكەن. نېمە ئىش دەپ تالاغا چىقسا، گەپ باشقىچە...
ئايال تاپا - تەنىلەر بىلەن ئېرىنى قايتۇرۇپ كىرىپ ۋارقىراپتۇ:
— نېمە ئۇ سەتىنىڭ قاش - كىرپىكىگە قاراپ گېپىڭىز تۈگىمەي كەتتى؟
— مەن ئۇ سەتنى سېنىڭ پەردازسىز ۋاقتىڭغا ئوخشىتىپ

تۇرۇپ قاپتىمەن، سەن ئۆيدىمىدىڭ؟ دەپتۇ سەلەي چاققان.

## سىزنى دوراۋاتىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئېشىكىنى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، شەھەر ھاكىمىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتىن مەست قايتقان يۇرت بېگى ئۇچراپ قاپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، ئېشەكلەر ماڭالماي دەلدەڭشىپ قاپتىغۇ؟ — دەپتۇ بەگ ھىجىيىپ.

سەلەي چاققان دەل جاۋاب بېرىپ:

— ئۆزلىرىنى دوراۋاتقان ئوخشايدۇ، بېگىم، — دەپتۇ.



## گېپىڭىزنى تۈزلاپ قويسىڭىز

بىر مەمەدان كىشى سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— پالانچى ماڭا شۇنداق دېۋىدى، مەن مۇنداق دەپ راسا تويغۇزۇپ قويماقچى بولۇپ، يەنە توختاپ قالدىم. قانداق بوپتۇ؟

سەلەي چاقچاقان:

— دېمىگەن گەپنى دېگىلى بولامدۇ؟ ئوبدان بوپتۇ، — دەپتۇ.

— گەپ دېگەننى ۋاقتىدا دەۋالمىسا قانداق بولىدۇ، قورساق كۆپۈكى بولۇپ قالامدۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

سەلەي چاقچاقان جىددىي جاۋاب بېرىپتۇ:

— دېيەلمىگەن گېپىڭىزنى تۈزلاپ قويسىڭىز، بىر ئاز تەم كىرىپ، ياخشى بولىدۇ.

## يەتتە قىز

بىر كۈنى كىشىلەر سەلەي چاقچاقاندىن:

— يەتتە قىزنى چوڭ قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، دەيدۇ موللىلار، يەتتە ئوغۇل باقىدىغانلارچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاقان:

— ئۇياقتا توي ئاسان بولسا كېرەك، دەپ يەتتە ئوغلىنى ئاشۇ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ جەننەتكە كىرىپ كېتىشى ئېھتىمال، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## دوزاخقا كىرەمدۇ، جەننەتكىمۇ؟

بىر كىشى سەلەي چاقچاقاندىن:

— جازانىخورلار دوزاخقا كىرەمدۇ، جەننەتكىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاقان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مېنىڭچە، ئۇلار پايدىغا قارايدۇ، ئەگەر بىرەرسى «دوزاختا

پايدا بار ئىكەن» دېسە، جەننەتكە قارىماي دوزاخقا چاپىدۇ.

## ئېشەككە مىنىپلا بىلگەن

بىر جۇۋازچى سەلەي چاقچاندىن سوراپتۇ:
— جەننەت نەدە؟
— بىر غېرىچلا ئېگىز يەردە؟ — دەپتۇ ئۇ.
— بۇنى قانداق بىلدىڭلا؟
— پىيادە قىيىنلىپ يۈرگەندە، ئېشەككە مىنىپلا بىلگەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## بىر كۆزدە كۆرۈش

سەلەي چاققان بەزى كىشىلەرنىڭ بەزمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلىرىدىن قالمىدىكەن. كۆپىنچىسى، پالانچىنىڭكىگە بېرىپ، بىزنىڭكىگە كەلمىدىڭلە، سىز بىزنى بىر كۆزدە كۆرمەيلا، دەپ رەنجىشىدىكەن ئۇلار.
بىر كۈنى كۆپ ئاغىنىلىرى قاتناشقان شۇنداق بىر ئولتۇرۇشقا سەلەي چاققان بىر كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تەڭلا سوراپتۇ:
— سەلەيجان، نېمىشقا بىر كۆزلىرىنى تېڭىۋالدىلا؟
— بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئاغىنىلەرنى بىر كۆزدە كۆرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## خاملىرىمۇ يۈرۈپتىغۇ

سەلەي چاققان نان سېتىپ ئولتۇرسا، بىر كىشى كېلىپ پۇللىرىنى ساناپ، «پىشكە پۇلۇم چۇشۇپ قاپتۇ» دەپ

زارلىنىپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئۆزۈمنىڭ خاملىقى، — دەپتۇ ـ دە، قالغان پۇللىرىغا نان ئاپتۇ، ئالغان نانلىرىنى خورجۇنىغا سېلىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ماۋۇ بىر نانلىرى خامراق ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟

— پىشقان نانلار ئارىسىدا كېتىۋەرسۇن، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىمۇ خاملىرى يۈرۈپتىغۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ئۇنىڭدىن كىم رازى بولىدۇ؟

سەلەي چاقچاقنىڭ قېيىنئاتىسى بىر كۈنى كۈيئوغلىغا، ئاتىكاچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلىپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، كىشى ياش تۇرۇپ يوغان باشلىق قىلسا نېمە بولىدۇ؟

سەلەي چاقچاق:

— بېشى قاپاق بولىدۇ، ئىشى چاتاق بولىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، ياندۇرۇپ سوئال سوراپتۇ، — دادا، ئەگەر كىشى چوڭ تۇرۇپ يوغان باشلىق قىلسىچۇ؟

— بىر كۈنى ئۇ قازى بولىدۇ ـ دە، — دەپ ئاتىسى تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۇنىڭدىن كىم رازى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كۈيئوغلى كۈلۈپ.

ئۇلار ئاخىر بۇ قاپىيەلىك سۆزلەردىن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## ئاشتىن كېيىن

سەلەي چاقچاقنىڭ مېھمىنى ئۆگرە ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، كۆزى تاختىبېشىدىكى تىزىپ قويۇلغان مايلىق توقاچلارغا

چۇشۇپ دەپتۇ:

بىزنىڭ يەرلەر ـ خوپ يەرلەر،
ئاشتىن كېيىن نان يەرلەر.

سەلەي چاققان داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كۇلۇمسىرىگەن ھالدا دەپتۇ:

بىزنىڭ يەرلەر ـ ھاڭگا تېرەك،
ئاشتىن كېيىنمۇ نان كېرەك.

## ئىشنى بۇزىدۇ

سەلەي چاققاننىڭ تونۇشلىرىدىن بىرى ئازنا مەسچىتكە ئىمام بولۇپتۇ. ئۇ سەللىسىنى شۇنچە چىڭ يۆگىگەن بولسىمۇ، كۇلاسى چوڭ كەلگەنلىكتىن بېشىدا تۇرماي سەجدىگە باش قويۇشى بىلەنلا تەڭ چۇشۇپ كېتىپ نامازنى بۇزۇۋېتىپتۇ.

— ئىمام ئاخۇنۇم، سەللىڭىزنى بوش يۆگىلىپ قالغانمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— ياق، سەللە چىڭ يۆگەلگەن، كۇلا بېشىمدا تۇرمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئىمام.

— باش كۇلا بىلەن سەللىگە لايىق بولمىسا، ئىشنى بۇزىدۇ، دەپتۇ سەلەي چاققان.



# قازان تېپىلىدۇ، لېكىن...

بىر كىشى ئوغلىنىڭ بالىچاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئېغىرنى سېلىشۋالغانلىقىغا چىدىماي، بەش ـ ئالتە ئاقساقال چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا پاتىھە بېرىپ، ئۆيىنى بۆلۈپ قويماقچى بوپتۇ. ئاتىلىق پاتىھە چېيىغا كەلگەن كىشىلەر قارىسا، ھېلىقى كىشىنىڭ ئوغلى ھويلىدا يىغلاپ يۈرگۈدەك، مېھمانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەك بولۇپ :

— دادامدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇم، دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ، يىغلىما، — دەپتۇ.

— دادامدىن ئايرىلغانغا ئەمەس، ئۇنىڭ قازىنىدىن ئايرىلغانغا يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ ئۇ .

— ھەيران بولغانلاردىن بىرى:

— يىغلىما، ئاش تاپساڭ قازان تېپىلىدۇ، — دەپتۇ ئاسماقچىلاپ. شۇ چاغدا سەلەي چاقچاق :

— لېكىن، ئوغلىنى ئۇنىڭ قازانلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلگۈچە بويىنىغا مىندۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئاتا تېپىلمايدۇ، دۇنيادا، — دەپتۇ.

# ئۇيات ئىشنى قىلمىساق

سەلەي چاقچاقنىڭ بىر تونۇشى بار ئىكەن. ئۇ دائىم كىشىلەردىن پارچە پۇل ئۆتنە ئېلىپ بەرمەيدىكەن. شۇ كىشى يەنە پۇل سورىغاندا، سەلەي چاقچاق پۇل ئورنىغا مەسلىھەت بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— پارچە پۇلنى بېرىۋېرىپ، كېيىن سوراپ يۈرۈش ماڭا

ئۆيات، ھالىڭ ياخشى تۇرۇپ، پۈتۈن پۇل سوراش ساڭا ئۆيات. ياخشىسى دوستۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئۇنداق ئۆيات ئىشنى قىلمىساق.

## ئادەملەرنى سوقۇشتۇرغان يامان

بىر پىتنىخور كېلىپ سەلەي چاقتاندىن سوراپتۇ:

— قوچقار سوقۇشتۇرغان قانداق؟ خوراز سوقۇشتۇرغانچۇ؟ قايسىسىنى سوقۇشتۇرغان يامان گۇناھ؟

— ھەممىدىن پىتنە قىلىپ، كىشىلەرنى سوقۇشتۇرغان ئەڭ يامان گۇناھ! — دەپتۇ سەلەي چاقتان

## باشقا ئىشلارنىمۇ ئورۇنداپ كېلىش

ھاكىم بىر كۈنى سەلەي چاقتانغا كايىپ:

— سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇسا، شۇنىلا قىلىسەن، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ بىرلىكتە ئورۇنداپ، يولنى ئازراق مېڭىشنى بىلمەيسەن! — دەپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ھاكىم ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ سەلەي چاقتاننى ئالدىغا چاقىرىپ:

— تېۋىپ باشلاپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— سەلەي چاقتان تېۋىپ بىلەن بىللە مەسچىتنىڭ جىنازا، تەختىراۋان، ئىمام، مەزىن ۋە قوۋملىرىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. ھاكىم غەزەپلىنىپ:

— مەن سېنى تېۋىپ چاقىرىپ كەل دىسەم، بۇ نېمە غوۋغا! — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، ئۆتكەندە، «بىر ئىشقا بۇيرۇسام، شۇنىلا قىلماي، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ

بىللە ئورۇنداپ كەل» دېگەندىلە، شۇڭا بۈگۈن تېۋىپنىڭ دورىسى شىپا بولماي، قازا يېتىپ قالسا، يەنە يۈگۈرۈپ يۈرمەي، دەپ ھەممىنى بىر يوللا تەق قىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## قوغۇن - پوغۇن

سەلەي چاققان تازا ئىشلەپ قوغۇن تېرىغانىكەن، بەكمۇ ئوخشاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوپالنىڭ ئاچ كۆز بېگى دورغا - يايىلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. سەلەي چاققان ئۇلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن، ھەر خىل قوغۇندىن بىر نەچچىنى ئۈزۈپ، ئارقا - ئارقىدىن پىچىپتۇ. بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى قوغۇننى چالا - بۇلا يەپلا تاشلىۋېتىپ، قوغۇنلۇققا قاراۋېرىپتۇ. سەلەي چاققان شۇ زامان قوغۇنلۇققا كىرىپ، بىر نەچچە كاۋا ئۈزۈپ چىقىپتۇ - دە، پىچىشقا باشلاپتۇ. بەگ:

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ تېرىكىپتۇ.

— ھېلى ئۆزلىرى «قوغۇن - پوغۇن يەپ كېتەيلى، دەپ كەلدۇق» دېگەندىلە، قوغۇنمۇ يېيىشتىلە، ئەمدى پوغۇن پىچىۋاتىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.



## بەزگەك ئاغرىقىنىڭ سۈرىتى

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق «ئايال كىشىنىڭ ھە دېگەندە ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى مۇزلىتىدىغان قىلىقلىرى ئۆزگەرمەي داۋام قىلىۋەرسە، بۇمۇ تۇرمۇشتا ئېغىر زۇلۇم ئىكەن...» دېگەن خىياللار بىلەن ئايالىغا:

— مەن كىشىلەرنىڭ مىجەزلىرىدە بولىدىغان ھەرخىل كېسەللەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ھەيران بولىمەن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا خوتۇنى:

— ھوي، كېسەل دېسىلە بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئەگەر بەزگەك كېسىلىنى سۈرەت قىلىپ سىزسا، كىمنىڭ قىياپىتى چىقار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر ياقتىن قىزىتىپ، بىر ياقتىن سوۋۇتۇپ تىترىتىشكە قارىغاندا، خۇددى سېنىڭ قىياپىتىڭ كېلىپ چىقىدۇ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## قارا باسمايدۇ

سەلەي چاقچاق بويتاق بولۇپ قېلىپ ئۆيلەنمەكچى بولۇپتۇ. بىر يېقىن ئاغىنىسى:

— چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچەمتىڭلار، ئۆي ئىشىغا ياخشى، سىزگە كۆيۈمچان بولسا بولدى، — دەپ، سەت، قاپقارا، چوقۇر بىر ئايالنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى قارىسا، ئەيىۇھەنناس! نە چارە، نە ئامال؟!

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ناۋايلىقتىن ھېرىپ كېلىپ،

بالدۇرلا يېتىپتۇ. لېكىن، ئوڭدا يېتىپ قاپتۇ. خوتۇنى:

— ھوي دادىسى تۈزۈك ياتسىلا، يېنىچە ياتسىلا، ئوڭدا ياتسىلا چۈشلىرىگە ئالۋاستى كىرىپ، قارا بېسىپ قالىدۇ، — دەپ ئويغىتىۋېتىپتۇ.

سەلەي چاققان كۆزىنى ئاچمايلا:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەگەر چۈشۈمگە سەنلا كىرىپ قالمىساڭ، مېنى ھەرگىزمۇ قارا باسمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قالغىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن

سەلەي چاققان بىلەن خوتۇنى ياش ۋاقتىدىكى ئىشلارنى ئەسلىشىپ تۇرىدىكەن، بىر كۈنى خوتۇنى:

— سەلەي ئاخۇن، ھازىر بۇنچىۋالا گەدىيىۋېلىشنى سىزگە كىم قويۇپتۇ؟ سىز بىلەن توي قىلىپ قانچىلىغان ئەرلەرنى دەردتە قويغىنىمنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەمدىغان؟

— قانداق؟

— قانداق بولاتتى؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن پەقەت مېنىلا دەردتە قويغىنىڭىزنى بىلىمەن. قالغىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.



## باشقا قانداق ئالدايمەن

سەلەي چاقغان سەھراغا كېتىپ بارسا، يولدا راسا كۆرەڭ بىر گەپچى ئۇچراپ:

— سىزنى ناھايىتى گەپچى، بىر گەپ بىلەن ھەر قانداقىنى ئالداپ قويىدۇ، دەيدۇ. قېنى، مېنى بىر ئالداپ باقسىلا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئاۋۇ ئەسكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يىراققا بىر قاراپ باق، كېلىۋاتقان ئادەم بولمىسا، خاتىرجەم گەپكە چۈشەيلى.

ئۇ يوگۈرۈپ بېرىپ تام ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئاشۇغىچە سەلەي چاقغان كېتىپتۇ. ئۇ كىشى ۋارقىراپتۇ:

— قېنى، مېنى ئالدىمامسەن؟

— ئۇنىڭدىن باشقا قانداق ئالدايمەن؟ — دەپ كېتىۋېرىپتۇ سەلەي چاقغان.

## راست بىلەن يالغان

بىر كۈنى موزدۇزلار سەلەي چاقغاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن ئۇستام، مۇشۇ پىرلىق دۇكاندا بىر راستلىرىنى ئېيتسىلا، سىز زادى يالغان گەپ قىلامىلا؟

— بەزىدە قىلىمەن، — دەپتۇ ئۇ.

— مەسىلەن، قانداق چاغدا؟ — دەپ سوراپتۇ ئارىدىن بىرى.

— يالغان گەپ راست گەپنىڭ پەردىزىگە كېرەك بولۇپ

قالغان چاغدا. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## سەن ئېسىمگە چۈشمەستە...

سەلەي چاققاننىڭ ئايالى كاۋا يېيىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ھە دېسىلا «كاۋا ئالغاچ كەلمەيتىلىغۇ؟» دەپ ئۈرۈشىدىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاققان بازاردىن يوغان بىر تۇرپان كاۋىسىنى ئېلىپ كېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن يەرگە قويۇپتۇ ـ دە، پۇتى بىلەن دومىلىتىپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى چالۋاقاپ كەلگەن بويى كاۋىنى قولىغا ئېلىپ:

— بازاردىنغۇ باشلىرىدا كۆتۈرۈپ كەلگەندىلا؟ — دەپتۇ.

— سەن ئېسىمگە چۈشمەستە كۆتۈرسەم كۆتۈرگەندىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## شوتا سوراش

بىر كۈنى قوشنا ئايال سەلەي چاققاننىڭ ئايالىدىن سوراپتۇ:

— شوتىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز، بىزنىڭ شوتا سۇنۇپ كەتتى، ئۆگزىدىكى كىرلىرىمنى ئېلىپ چۈشۈۋالسام؟

— خاپا بولمايلا، — دەپتۇ بەرمەسلىكنىڭ قارىنىنى ئىسىپ سەلەي چاققاننىڭ ئايالى، — بىزدە ئۆگزىگە چىقىدىغان شوتا بار، چۈشىدىغىنى يوق...

— ۋىيەي، — دەپتۇ قوشنىسى ھەيران بولۇپ، — ئۆزىڭىز شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقسىڭىز، كېيىن قايسى شوتا بىلەن چۈشىسىز؟

— قىزىقكەنلا، — دەپ كۈلۈپتۇ سەلەي چاققاننىڭ ئايالى، — چۈشىدىغان ۋاقتىمدا ئېرىم مېنى ئۆزى شوتا بولۇپ

چۈشۈرۈۋالىدىغۇ.

## ئادەملەر زاتى مىلك ياخشى

بىر ئاق باغلىغان كىشى ھازىدارلىقتا بېشى قېيىپ قېلىپ، سەلەي چاقچاقاندىن مەسلىھەت سوراپ، شۇنداق دەپتۇ:
— ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر، دېگەن ماقال بار، توغرىمۇ؟ مەن قانداق قىلاي؟
سەلەي چاقچاقاننىڭ ئەرۋاھى ئۆركۈپ:
— مۇتلەق توغرا ئەمەس، — دەپتۇ، — ئەزرائىل لامالارغا ئوخشاش شۇ چاغقىچە ئۆيلەنمەي يۈرسە، ئۇنىڭغا ئاناڭنى قانداق بېرسەن؟ نىمە بولسا بولسۇن، ئاناڭنى ئادەم ئەۋلادىغا بەر. جاللاتلار زاتىغا قارىغاندا، ئادەملەر زاتى مىلك ياخشى.

## ئەگەر بىزنىڭ دادىمىز...

خېرىدارلارنى رازى قىلىدىغان بىرەر قاسساپ بارمىكىن دۇنيادا؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقاننىڭ بىر دوستى.
سەلەي چاقچاقان بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:
— ئەگەر ئىككىمىزنىڭ دادىسى قاسساپ بولغاندا، بىرمۇ خېرىدارنى رەنجىتمىگەن بولاتتى.
— قانداقچە؟ — ھەيران بولۇپتۇ دوستى.
— ئۆتمۈشتە دادىلىرىمىز ئىككىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن موللىغا ئېلىپ بارغاندا: «گۆش سىزنىڭكى، ئۇستىخىنى بىزنىڭكى، تەقسىر» دېگىنى ئېسىڭدىدۇر! — دەپتۇ سەلەي

چاقچاق.

## كۆچۈپ كەتمەكچى

سەلەي چاقچاقنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى سوراپتۇ:
— ئاداش، ئايالىڭنىڭ چىرايى تومۇز كۈنلىرىدىمۇ شۇنداق تۇتۇلۇپ تۇرامدۇ؟
— ئۇنىڭغا تېخى ياز بولمىدى.
— قاچان ياز بولىدۇ؟
— تۇغقانلىرى كەلگەندە.
— تۇغقانلىرى كەتكەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟
— بۇگۈنكىدەك.
— ئەمدى بۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمايدىغان بولىدۇ.
— مېھمانلار كەلسە، ئوچۇق چىراي يۈرىدىغان بولامدۇ؟
— ھەئە.
— ئاغزىڭغا ناۋات، ئېيتقىنا، قانداقچە؟
— تېخى يېقىندىلا مەلۇم بولۇشىچە، مەنمۇ سېنىڭ ئايالىڭنىڭ تۇغقىنىكەنمەن. شۇنى بۈگۈن رەسمىي...
— ئاستا گەپ قىل! سادىغاڭ كېتەي ئاداش، قولۇمغا پۇل چۈشكۈچە ئېيتماي تۇرغىن، ئۆتۈنۈپ قالاي!
— قولۇڭغا پۇل چۈشسە، نېمە قىلماقچى؟
— ئايالىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق يىراق بىر يۇرتقا كۆچۈپ كەتمەكچى.

## بوراندىن قېچىپ

تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئادەملەر كوچا - كوچىلاردىن ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

شۇ چاغدا سەلەي چاقچاق ئىشىكى ئالدىدا بىغەم ھالدا خىيال سۈرۈپ تۇرغۇدەك. ھەيران بولغانلار:
— سەلەي ئاخۇن، نېمىشقا بوراندا تالاغا چىقىپ تۇرىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۆيدىكى بوراندىن قېچىپ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## بىلگەنىدىم

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق خوتۇنى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ: «سېنىڭ تۆتىنچى ئېرىڭ، رەھمەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى» دېيىشىگە خوتۇنى كۆكىرىپ:
— نەدىن بىلدىلا؟ — دەپتۇ.
— ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن يوتقانلىرىڭنىڭ سانىدىن بىلگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## قىيامەتتە پۇل يوق

سەلەي چاقچاق ھېيتگاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئىككى كىشىنىڭ قاتتىق گەپ تەگىشىۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرىپتۇ:
— بەرمىسەڭ بەرمە، قىيامەتتە ئالىمەن، — دەپتۇ بىرىنچىسى.
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.
بۇلارنىڭ ھالىنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق:
— ئاغىنىلەر، دىل ئازارلاشماڭلار. قىيامەتتە خۇدا پۇل چىقارمايدۇ. پۇلنى خەجلەيدىغان بازارمۇ يوق. ئىشىڭلارنى

قىيامەتكە قالدۇرماي، مۇشۇ يەردە تۈگىتىۋېلىڭلار، — دەپتۇ.

## چاچراتقۇ نەدىن چىقىدۇ؟

بىر يىلى سەلەي چاقچاقنىڭ مىنىپ يۈرگەن ئېتى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇ بىر قۇرئەندازغا كىتاب ئاچقۇزۇپتۇ. قۇرئەنداز:

— ئېتىڭىزغا بىرسى قەست قىلغاندەك تۇرىدۇ، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى داخانغا چاچراتقۇ سالغۇزۇپ بېقىڭ، ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ، شۇ چاغدا ئېتىڭىز ساقىيىدۇ، — دەپتۇ. ئەسلىدە قۇرئەنداز بىلەن داخان تىل بىرىكتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈرگەنىكەن.

سەلەي چاقچاق ئۆيىگە بارسا، ئاتىنىڭ ھالى خاراب، پىچاققا ئاران ئۆلگۈرۈپتۇ. ئۇ ئاتنى سويۇپ، پارچىلاپ گۆشىنى قولۇم - قوشنىلىرىغا خامتالاش قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى پېشىندىن قايتقاندا، قۇرئەنداز سەلەي چاقچاقنى كۆرۈپ:

— چاچراتقۇ سالدۇردىڭىزمۇ؟ ئۇ نەدىن چىقتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سالدۇردۇم، تەقسىر، چاچراتقۇ چاچراتقۇلۇقتىن چىقتى، ئاتنىڭ بوينى ئاجراتقۇلۇقتىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

## كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ

سەلەي چاقچاق تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قورسىقى ئاغرىپ قالغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەتىگەن نېمە يېگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق ئۇنىڭدىن.

— قوشنىمىز قوغۇن ۋاشاڭ قىلغانىكەن، توك سويما يېگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېسەل كىشى.

سەلەي چاقپاقان ئۇنىڭ كۆزىگە بىر خىل مايلىق دورىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ.

— كۆزۈم ئەمەس، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ.

— قورسىقىڭىزنى ساقايتىش ئۈچۈن كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقپاقان، — چۈنكى كۆزىڭىز روشەنلەشسە، زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېمەيدىغان بولىسىز.



## ئېغىشىپ قاپتۇ

بىر مەركىدە بىر نەچچە ئىشان، سوپى: «ھالاللىق — ئاراملىق، سېخىيلىق — سائادەت»، «مىزبانغا ئىمان، مېھمانغا ئېھسان» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، ھېچكىمگە سۆز بەرمەپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا چىدىيالمىغان بىر كىشى ئىشان، سوپىلارنى كۆرسىتىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— خالايىق، بۇ تەقسىرلىرىمنىڭ سۆزلىرى توغرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئۆزلىرى قانداقمۇ سەمىمىي بولسۇن، — دەپتۇ ئىككىنچى كىشى.

بىر ئىشان چالۋاقاپ:

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قايسى بىر سۆزىگە ئىشەنمەپتۇق، قېنى؟ — دەپ ئالىيىپتۇ.

— مەسىلەن، ماقال - تەمسىللەرگە.

— ئىنشائاللا، ئەلۋەتتە، ئىشىنىمىز، — دەپتۇ سوپىلار.

— ئەگەر ئىشەنسەڭلار، — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقاقان، — ماڭا بۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ بېرىڭلار: «ئىشانلارنىڭ ئىمانىدا ‹گەپ› بار، سودىگەرنىڭ زۇۋانىدا...»، «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، سوپىنىڭ بازار بىلەن»، «تەرسىز تائام — تەكتى هارام، كىم ئاڭا كۆپ بولمىش قارام».

ھەممە كىمدىن زۇۋان چىقاركىن دەپ قارىشىپ قاپتۇ. سوپىلارمۇ يەر تېگىدىن بىر - بىرىگە مارىشىپ قاراپتۇ. ئاخىر سەلەي چاقاقان يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇنداق سۆز بىلەن خۇلاسە چىقىرىپتۇ:

داخاندا دىيانەت يوق،
ئاغرىقنى ئالدايدۇ باخشى.
ئەمىلى يوق سوپىلاردىن،
تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

ھەممە كۇلۇشۇپ قاپتۇ، سوپىلار ئېڭىشىپ قاپتۇ.

## كىمگە دوزىخ

قازى ئاخۇنۇم بىر كۈنى كىشىلەرگە كايىپ:
— بۇ دۇنيادا ئىچىلىپ ـ كۈلۈپ يۈرۈش كۆپۈرلۈق بولىدۇ. شۇڭا، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، قولنى قوۋۇشتۇرۇپ، باشنى سىلىپ، كۈلمەي يۈرۈش كېرەك. كىمكى بۇ شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، دوزىخى بولىدۇ، — دەپتۇ.
شۇ چاغدا بىر كىشى قازىدىن:
— كىشىنىڭ دوزىخى ئىكەنلىكىنى يەنە نېمىلەردىن بىلىش مۇمكىن؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇنىڭغا دەرھال سەلەي چاققان جاۋاب بېرىپتۇ:
— كىمكى خۇشاللىقتا ئۆچ بولۇپ، چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ يۈرسە، مىڭ قول باغلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ سوۆرۈن چىرايىغا قاراپ ئۇنى دوزىخى دېيىش مۇمكىن. كۆرۈنۈشتە خۇش مۇلايىم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ساختا ئىش قىلىپ، ھاراملىق بىلەن ياشايدىغانلارمۇ دوزاخنىڭ ئۆز «پۇقرا» سى بولىدۇ.

## كېرەك يوق

سەلەي چاققان خان ھۇزۇرىغا كىرىپ چىقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، دوست ـ ئاغىنىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تالىپ بار ئىكەن. ئۇ خان ئوردىسىدىن ئۆزىگە بىرەر خىزمەت تېگىشنى تەمە قىلىپ سەلەي چاققاننى كۈندە يوقلاپ، ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان سەلەي چاققاننى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىر كۈنى

پىيادە كېلىۋاتقان سەلەي چاقچاقان ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى تالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تالىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئاران ئىلىك ئاپتۇ ـ دە:

— ئەپۇ قىلىڭ، ئالدىراپ قېلىپ ئېشەكتىن چۈشەلمىدىم، — دەپتۇ.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — مەن يەنە ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا چۈشمەي قويمايسىز!



## ئىت ئۇرۇش قائىدىسى

سەلەي چاقچاقان يولدا كېتىۋاتسا، مەھەللىسىدىكى بىر باينىڭ قارا ئىتى ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. سەلەي چاقچاقان ئاچچىقىدا ئىتنى ئارا تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، قازى مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، سەلەي چاقچاقاندىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

قازى:

— سەلەي ئاخۇن، نېمىشقا خەقنىڭ ئىتىنى ئۆلتۈرۈپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۋال ئىت مېنى چىشلىۋالدى، — دەپتۇ سەلەي

چاقچاقان.

— ئەگەر ئارىنى تەتۈر قىلىپ ئىشلەتكەن بولسىڭىز، بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى، شۇنداقمۇ؟ — سوراپتۇ قازى.

— تەقسىر، ئۇغۇ شۇنداق. — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئەگەر باينىڭ ئىتى ماڭا كەينىچە ئېتىلغان بولسا ئىدى، مەنمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم.



## ئەقلى تېخىمۇ ئۆزۈن بولمامدۇ؟

خوتۇنى قازا تېپىپ، بويتاق قالغان ئىمام پات - پاتلا جامائەتكە:

— كۆپچىلىك سۇرۇشتە قىلىپ، كەمىنىگە بىرەر رەپىقە تاپساڭلار، تاپقىنىڭلار چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئىلاج بار، ئەقىللىق بولسا! — دەپ ئىلتىماس قىلىدىكەن. لېكىن، ھېچبىر لايىق تېپىلماپتۇ. ئىمامنىڭ گېپى چىقسىلا تۇل خوتۇنلار: «ئۆزى تالادا نەزىر - چىراغلاردا يۈرۈپ جان بېقىپ، خوتۇننى ئاچ قويىدىغان بېخىل» ۋەھاكازا دەپ ئۇنىمايدىكەن. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان سەلەي چاقچاقان ئىمامغا بىر لايىق

تېپىپ كۆرسىتىپتۇ ـ دە، «توي» نى قىلىپ، تونىنى كىيىۋاپتۇ. دەردى ئىچىدە قالغان ئىمام بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنى مەسچىتكە — جامائەت ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئۈستۈڭدىكى تونىنى قايتۇر، تاپقان چوكىنىڭنىڭ بەشىرىسى بۇياقتا تۇرسۇن، كاشكى بېشىمدا بىر تال چېچى بولسا نېمە دەردىم! — دەپتۇ. سەلەي چاقچاقنىمۇ دەرروۇ:

— ئېيتقان ھەدىس، قىلغان سۆزىڭىزدە بىرەر تۇرغۇچ ۋە توغرىلىق بولسا نېمە دەردىم... سىز ئاۋۋال ئىماملىقنى ماڭا تاپشۇرۇڭ! — دەپتۇ.

— لەۋزىمدە نېمە ھاراملىق بوپتۇ، قېنى سۆزلە! — دەپ ئىمام ئۆكتە قوپۇپتۇ.

— ئۆزىڭىز دائىم: «گەپ چىرايدا ئەمەس، دىلدا...»، «خوتۇنلارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەپ ۋەز ئوقۇيسىز. قېنى لەۋز؟ چېچى ئۇزۇننىڭ ئەقلى قىسقا بولسا، چېچى قىسقىنىڭ ئەقلى ئۇزۇن بولمامدۇ؟ ئەگەر چېچى تامام يوق بولسا، ئۇنىڭ ئەقلى تېخىمۇ ئۇزۇن بولمامدۇ؟ — دەپ سەلەي چاقچاق بارغانسېرى ئالدىغا سىلجىپتۇ.

گەپ تاپالماي زۇۋانى ھەرىكەتتىن، ئىمانى بەرىكەتتىن قالغان ئىمام ئاستا ئولتۇرۇپ، يېتىپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاقنىمۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ، كۈلە ـ كۈلە كېتىپ قاپتۇ.

## گېلىنى ئىسلامدۇ؟

سەلەي چاقچاق بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە بەزمىگە كەلسە، شۇ مەھەللىنىڭ ئىمام ـ سوپىلىرى تۆردە ئولتۇرۇۋېلىپ: «ئىشقى ـ قى ـ قى، ئىشقى بارنى قىچقى» دەپ چىلىملىرىنى چېكىشىپ، ھېچكىمگە گەپ بەرمەيۋېتىپتۇ. ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى:

— كىلىنىڭ، سەلەي چاقان، تەقسىرلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشىغا نىمە دەيسىز؟ — دەپ گەپ تاشلاپتۇ.

— سورىساڭ دەيدۇ جانابلار: «دىنىم ئىسلامدۇر». ئەگەر دىنى بولسا ساغلام، گىلىنى ئىسلامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقان.

## ئىككى كىشىگە بىر نىكاھ

شەھەر قازىسىنىڭ بىشەم بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىھايا جاۋىلداقلىقىدىن، مەھەللىسىدىكى قوشنا ئايال، قىرى مومايلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي، شەدداتلىقتا ھەممىگە پۇر كېتىپتۇ. ئۆيچۆرىدىن ئەرمۇ چىقماپتۇ. چىققاندىمۇ ھېچكىم ئەلچىلىككە ماڭماپتۇ.

بىر كۈنى شۇ مەھەللىدىكى جامائەت يىراقتىن كەلگەن بىر لايىقتا: «بىر ئىش بولسا، گەپ بىلەن بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ»، دەپ سەلەي چاقان بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى روزىلەمنى قازىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. سەلەي چاقاننىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق سۆزلىرىدىن كېيىن روزىلەم گەپ باشلاپتۇ:

— تەقسىر، خۇدا خالىسا، قۇلاقلىرى ئەمدى تىنجىيدۇ، بىز قىزلىرىغا شۇنداق بىر كىشىنى لايىق تېپىپ كەلدۇقكى...

ئۆز قىزىنىڭ خۇي - پەيلىنى قالتىس بىلگەن قازى ئەلچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ - دە، شەرتلىك ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن رازى بولۇپ:

— بىراق، سىلەر تاپقان ھەر قانداق بىر كىشى قىزىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەلەي چاقان قازىنى دەرھال توختىتىپ:

— ئۇنداق بولسا تەقسىر، قىزلىرىنى ئىككى كىشىگە نىكاھ قىلىدىغان ئىشنى تاپسىلا، — دەپتۇ.

قازى گەپ تاپالماي قېتىپ قاپتۇ. ئەلچىلەر ئاستا تۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

## يوبدان

ھاكىم بىر كۈنى جامائەت بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ:

— ئى ئەھلى جامائەت، مەن بۈنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى بىللە چېكىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇ، مەھكىمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سەلەي چاقىقاننى چاقىرتىپ:

— قوينىڭ دۈمبە يېغىدىن ئېتىلگەن ئاشمانتا تەييارلاتقۇزۇپ ئەكىر، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەلەي چاقىقان بىر ھىجىر يوبداننى ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھاكىم:

— ئاش مانتا بۇيرۇسام، نېمە ئۈچۈن يوبدان ئەكىردىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

سەلەي چاقىقان:

— تەقسىر ئۆتكەندە سىزنىڭ «ئەھلى جامائەت بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن. رىيازەتنى بىللە چېكىمەن» دېگەنلىرىنى ئاشپەز ئۇستام ئاڭلاپ قالغانىكەن، شۇڭا مۇشۇنداق تاماق ئېتىپ بەردى، — دەپتۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ئۆلۈپتۇ

ئامبال بىر كۈنى سەلەي چاقىقاننى ئېغىر ئىشقا سېلىپ

ئۈچ ئالماقچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئۇ يوكنىڭ ئىچىدە ئېسىل ماللار بار. شۇڭا، ئېغىر بولسىمۇ ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، شەھەر ھاكىمىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرسەن ۋە ھاكىمنى كەمىنەنىڭ چارشەنبە چۈشتىن كېيىن چوڭلارغا بېرىدىغان زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ قايتىسەن، — دەپ ئەمىر قىپتۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ نە چارە؟ ئېغىر خۇرجۇننى ئۈشنىسىگە ئېلىپ، توقسان يەردە تىنىپ، قىرىق يەردە قارغاپ، ئاران ئاپىرىپ تاپشۇرۇپتۇ.

ھاكىم رەھمەت دېيىشنىڭ ئورنىغا «ھاھ، ھاھ...سېنى ئامبال غوجام راسا ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشقا ساپتۇ ـ دە» دەپ كۈلۈپ زاڭلىق قىپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— راست ئېيتتىلا، تەقسىر، ئامبال دائىم مېنى شۇنداق ئېشەكنىڭ ئورنىدا كۆرىدۇ، — دەپتۇ ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئامبالنىڭ ھاكىمنى زىياپەتكە چاقىرغان تەكلىپىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ھاكىم خۇش بولماي تېرىكىپ قاپتۇ:

— ھە، ئادەم تېپىلمىغاندەك، سەن ئېشەكنى ماڭا «تەكلىپ قىل» دەپ ئەۋەتكىنى نېمە قىلغىنى؟ — دەپ زەردە بىلەن سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق سالماقلىق بىلەن:

— ھە، بۇ ئامبالنىڭ ئۆز ھېسابى بىلەن «ئەل جىنس، مىنەل جىنس» دەپ ئىش قىلغىنى، — دەپتۇ.

ھاكىم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ:

— راستمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

سەلەي چاقچاق:

— ئەسلىدە قائىدە بويىچە، مۇنداق زىياپەتكە تەكلىپنى سىزنىڭ ئۆز قاياشلىرى كېلىپ قىلىشلىرى لازىم ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دېمەك، سىزنىڭ نەزەرلىرىدىمۇ كەمىنە ئېشەك ئورنىدا بولغانلىقتىن، يەنى قاياشلىرى ئېشەك بولغانلىقتىن، جانابلىرىنىڭمۇ ئېشەك بولۇشلىرى تۇرغانلا

گەپ، — دەپتۇ كولۇپ .
ھاكىم گەپ تاپالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ.

## كەكلىك كاۋىپى

سەلەي چاقىقان سەپەردە كېتىپ بارسا بىر سودىگەر يولدا قوشۇلۇپ، «بىللە يۈرەيلى» دەپتۇ. سەلەي چاقىقان «يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ئەمەس» دېگەن تەمسىلنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە «يولدا قوشۇلسىمۇ، يولۇڭغا قوشۇلسا بولىدى» دېگەن ماقال دەررۇ ئېسىگە كېلىپ، «مەيلى» دەپتۇ. ھەر ھالدا پەخەس بولۇپ يۈرۈپتۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن سەلەي چاقىقان يولدا بىر كەكلىكنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە — بەكىسى بىلەن بوغۇزلاپ، خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ. كەچ كىرگەندە، ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ، كەكلىكنى كاۋاپ قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمراھى:

— كاۋاپنى ئىككىمىز يېسەك، بەربىر تويمايمىز. شۇڭا، ئۇنى ئوبدان قويۇپ قوي. كېچىچە كىم ياخشى چۈش كۆرسە ئەتىسى كاۋاپنى شۇ يالغۇز ئۆزى يېسۇن، — دەپتۇ. ھەر ئىككىسى ئۇخلاپتۇ.

ياخشى چۈشنى توقۇيمەن دەپ، خېلىغىچە ئۇخلىمىغان ھەمراھ ئاخىر قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ.

تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ھەمراھى ئالدىراپ تۇرۇپ چۈشنى سۆزلەپتۇ:

— جەننەتكە كىرىپتىمىشمەن، ھۆرىلەر مېنى بۇ دۇنيادا يوق مەززىلىك مېۋە، ئاجايىپ غىزالار بىلەن مېھمان قىلدى. ئاندىن سەيلە قىلىپ، ئاجايىپ گىياھ ۋە قۇشلارنى كۆردۈم. سەن قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟ سەلەي چاقىقان جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سوئال سوراپتۇ:

— سىز كۆرگەن شۇ قۇشلار ئارىسىدا كەكلىك بارمىكەن؟

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەكلىك كۆرۈنمىدى.
— مەن يەپ قويغان، دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## رەنجىمەڭ، خەير

بىر مەنسەپدارنىڭ قىزى ياش سەلەي چاقچاقنىغا كۆيۈپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاقان: «مەن — كەمبەغەل، سىز — باي. قاياشىڭىزنى تېپىشىلىك، كەچ قالماي! مەن تېخى ھۇنەر تېپىپ، ئۆي باقالىغۇدەك بولۇۋېلىشىم كېرەك. كەچۈرۈڭ!» دەپ نەچچە قېتىم ئېيتىسىمۇ، ئۇنىماي ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ ۋە:

— مېنى نىكاھ قىلىپ ئالالمايدىغانغا يەنە قانداق سەۋەبىڭىز بار؟ ئېيتىپ بېقىڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. سەلەي چاقچاقان:

— شۇنداقمۇ سەۋەبلەر باركى، سىزنىڭ قۇلىقىڭىز مەن ئاڭلىغاننى ئاڭلىمايدۇ، — دەپتۇ. قىز تېرىكىپ ھەم ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ قۇلىقىم گاسمىدى، نېمىدېگىنىڭىز بۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ! — دەپ قىستاپتۇ. ئاخىر سەلەي چاقچاقان شۇنداق دەپتۇ:

— ئەمسە خەپشۇك! ئىككىمىز جىم تۇرۇپ ، بىر پەس جاھاننى تىڭشايمىز. سىز نېمە ئاڭلىدىڭىز، مەن نېمە ئاڭلىدىم، بىر - بىرىمىزگە راستىنى ئېيتىمىز، ئىككىمىزنىڭ ئاڭلىغىنى ئوخشاش چىقسا، ئۆي - ئوچاقلىق بولىمىز. ئۇنداق بولمىسا، ئامال يوق! رازىمۇسىز؟

— بوپتۇ، ئامالىم قانچە...

— ئۇنداق بولسا خەپشۇك! باشلىدۇق.

ئاردىن بىر - ئىككى دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن، سەلەي چاقچاقان قىزدىن سوراپتۇ:

— نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟

— ھېچنېمە... خۇدا ھەققى، ھېچقانداق سۆز ۋە ئاۋاز ئاڭلىمىدىم.

— خوش، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم مۇنۇلار، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ھەر بىر گەپنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىرىپ، كەلتۈرۈپ: «ئېگە! ئانا، چاي! دادا، نان!...»

— «دادىسى، ئەھۋالىڭىز شۇكەنغۇ، نېمىدەپ مېنى ئالدىڭىز؟»

«... كۆيۈئوغۇل بولماي قال، كارامىتىڭ شۇمۇ؟!»

تېخىمۇ ھەيران بولغان قىز پىچىرلاپتۇ:

— سەۋەبىڭىز شۇمۇ؟

— شۇ، رەنجىمەڭ، خەير!

# خاتىرىڭىز جەم بولسۇن

يۇرت بېگىنىڭ بېشىدا زاغۇنى بار بىرلا بايۋەچچىسى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئۆزىچە سەلەي چاقچاقنىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئاتام مېنى كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا بۆلەك قىلىپ قويماقچى بولۇپ: «يەردىن قانچىلىك كېرەك بولسا ئېيتسۇن، بۆلۈپ بېرەي» دەپتۇ. بەزىلەر: «سىز ئاغرىقچان، نېمە قىلىسىز يەرنى» دېسە، بەزىلەر: «سىزگە ئەڭ ئاۋۋال يەر كېرەك» دەيدۇ. قېنى سىز بىر مەسلىھەت بېرىڭ، قانچىلىك يەر سورىسام بولار؟

سەلەي چاقچاق بايۋەچچىنىڭ چىرايى ۋە نەپسىنى بايقاپ، شۇنداق دەپتۇ:

— خەلق توغرا ئېيتىپتۇ، سىزگە يەر كېرەك. مېنىڭچە، تىرەنلىكى قانچە چوڭقۇر بولسا، شۇنچە ياخشى، ئەمما بويى بويىڭىز بىلەن، ئېنى غولىڭىز بىلەن تەڭ بولسا بولىدۇ.

— مېنى ئۆزاقتا بارمايدۇ، دېمەكچىمۇ سىز؟! — دەپتۇ بايۋەچچە ئالاق - جالاق بولۇپ.

— خوددى شونداق، خاتىرىڭىز جەم بولسۇن! — دەپتۇ سەلەي چاقچان.

## چاقچاق دېگەن

سەلەي چاقچان بىر باققال دۇكىنىنىڭ بىر چېتىدە، ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن تۆۋەندە نان قويۇپ سېتىشقا باشلاپتۇ.

بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا، دۇكاندار چىدىماسلىق قىپتۇ:

— ساڭا دۇكىنىمىزنىڭ ئالدىدا نان ساتقىلى خېلى ئۇزاق بولدى، شۇڭا ئۆتكەن ئاينىڭ ئىجارىسىنى تۆلىۋەتكىن.

— ھەممىگە مەلۇم، مەن بۇ يەردە ئىسسىق نان ساتىمسام سىلىنىڭ كىشمىش قاتارلىق نەرسىلىرى ئۇنچىۋالا سودىسىنى تاپالماس ئىدى. «سەن تاز دېگۇچە مەن تاز دەۋالاي» دېمەي، بىر ئايلىق سودىنىڭ پايدىسىنى ماڭا ئايرىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچان.

سەلەي چاقچاننىڭ ئەلپازىدىن ئۇ راستتىنلا كېتىپ قالسا، پايدىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققان قۇۋ باققال سەل بوشاپ چاقچاققا ئۆتۈپتۇ:

— بىرىۋاتقان بىر ئىسسىق نېنىڭنى توختاتمىساڭ، بولدى، سېتىۋەر! يەنە مېنى خالايىققا كۈلكە قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرمە!

— ياق، كۈلكە قىلىپ كۆرسەتمىسەممۇ، تۈلكە قىلىپ كۆرستىشىم ئېنىق.

سەلەي چاقچاننىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىغا كۆزى يەتكەن دۇكاندار:

— يا... پاناھ! — دەپ قېتىپ قاپتۇ.

— قورقماڭ، باي ئاكا، «سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈڭ — گۆش كۆرۈندۈڭ» دېگەن ماقال بار. شۇڭلاشقا، بوش كۆرۈنمەي دەپ «چاقچاق قىلدىم»، دەپتۇ سەلەي چاقچان.

— خۇداغا شۈكۈر، چاقچاق دېگەن، — دەپتۇ دۇكاندار خوشىغا كېلىپ.

## ئويىنار ئىدى

بىر كۈنى ئامبالنىڭ مەلىكىسى ئوردا قىزىقچىسى سەلەي چاققاننى چاقىرىپ:

— مە، ئوغلۇمغا دادىسىنى كۆرسەتكىن، ئوردىنىڭ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ، ئوينىتىپ كەلگىن، — دەپ بالىسىنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە «خەير - خوش!» دەپ ئوغلىنى ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمداپ قويۇپتۇ، — قارا، نېمىدېگەن چىرايلىق. ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ بۇرنى سېنىڭ ھېلىقى پۇچۇق ئوغلۇڭدا بولسا، نېمە قىلار ئىدى؟

سەلەي چاققان كۈلۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم ئوشۇق بۇرنىنى نېمە قىلار ئىدى، دەيسىز قورچاق مۇشۈكىنىڭ بۇرنىغا چاپلاپ ئوينار ئىدى.

## ئېشەك بار يەردە بېدە بولمىسا بولامدۇ؟

ھاكىم بىر يىلى قۇربان ھېيتتا يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ - بۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شۇ قاتاردا سەلەي چاققاننىمۇ چاقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ جامائەت ئالدىدا سەلەي چاققاننىڭ بىر ئەدىپىنى بېرىۋېلىشنى ئويلاپتۇ.

مېھمانلار ئىلگىرى - كېيىن جەم بوپتۇ. سەلەي چاققان كېچىكىپرەك كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەھلى - جامائەت، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئولتۇرغان مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قېنى، بۇياققا ئۆتۈڭ! — دەپ

ئورۇن كۆرسىتىپتۇ جامائەت.

سەلەي چاققان جامائەت كۆرسەتكەن يەردىن ئورۇن ئاپتۇ.

ھاكىم سەلەي چاققاننىڭ ئۆزىدىن ئەھۋال سورىمىغانلىقىنى ۋە ئايرىم تەزىم قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ راسا ئاچچىقى كەپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— ھە، سەلەي ئاخۇن ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نېمانچە كېچىكىپ قالدىڭ؟

— ھەزرەت ئالىيلىرى، بىر ئىش بىلەن بولۇپ قېلىپ، شۇنچە ئالدىرىساممۇ ئازراق كېچىكىپ قالدىم.

— ساقىلىڭ بىر باغ بېدىدەك تۇرۇپتۇ. ساقىلىڭنىڭ ئېغىرلىقى كاشىلا بولدىمۇ - يا؟

— راست ئېيتتىلا ھەزرىتىم، ئېشەك بار يەردە بېدە بولمىسا بولامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان كەسكىن قىلىپ.

ھاكىم ئاچچىقىدىن تاتىرىپ كېتىپ، ئولتۇرالماي چىقىپ كېتىپتۇ.

## پايدىسى بار

تاماكا ۋە نەشە چېكىشنى كەسىپ قىلىۋالغان بىر ياش يىگىت سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— تاماكا بىلەن نەشىنى زىيانلىق دەيدۇ، راستمۇ؟

— باشقىلارغا زىيانلىق بولسىمۇ، ساڭا پايدىسى بار، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، — بىرىنچىدىن، ئۆيۈڭگە ئوغرى كىرمەيدۇ، چۈنكى كېچىچە يۆتىلىپ چىقىسەن؛ ئىككىنچىدىن، يول ماڭغاندا ئىتتىن قورقمايسەن، چۈنكى تىزلا ھاسىغا چۈشىسەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇششاق - چۈششەك بىر نەرسىلەرنى تېپىۋالىسەن، چۈنكى يەرگە ئېگىشىپ ماڭىدىغان بولىسەن؛ تۆتىنچىدىن، ئۆيۈڭ چاڭ - توزان بولمايدۇ، چۈنكى دائىم تۈكۈرۈپ تۇرىسەن؛ بەشىنچىدىن، ئۇستىبېشىڭغا توپا - چاڭ

قونمايدۇ، چۈنكى دائىم پۇۋلەپ تۇرىسەن.

## بەك ياخشى بولدى

سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆيدىكىلەر ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاقچاق:

— خۇداغا شۈكرى، ئۈنى - بۈنى دەپ، بىز ئاخىر قەرزىمىزنى تۈگەتتۇق، — دەپتۇ خوتۇنىغا.

— شۇنى دېمەملا، دەپتۇ خوتۇنى سەلەي چاقچاقنىغا قاراپ:

— ئەمدى بىز يەنە قەرز ئالالايدىغان بولدۇق.



مانجۇ ئەمەلدارى بىر چىرىكنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ بازارغا چىققانىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ئۆتۈشۈپتۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆزىگە پەرۋاسىز ھالەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەلدار غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— كويزا! — دەپ يېنىدىكى چىرىككە قاراپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ سەلەي چاقچاقنى تۇتۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭ قولىغا كويزا سال دېمەكچى ئىكەن.

چىرىك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىراپ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىشنىڭ يامانغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق يۈگۈرۈپ بارغىنىچە كوزا - قاچا

ساتقۇچىنىڭ ئالدىدىن بىر كوزىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئەمەلدارغا سۇنۇپتۇ:

— دارىن، چىرىككە ئاچچىقلانمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ كوزىغا ھاجەتلىرى چۈشكەن بولسا، مانا بۇنى ئىشلەتسىلە، — دەپتۇ.

ئۆزگە تەڭلەنگەن كوزىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئەمەلدار ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

## قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى

خان ئۆز ئىشىدا ھەربىر چاندۇرۇپ قويغان ۋاقىتلىرىدا، «قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىدىكەن.

بىر كۈنى خان تەختتە ئولتۇرسا، سەلەي چاقچاقان «ئەمرى خاقان» دەپ ئوردىغا ئېشىكى بىلەن كىرىپ كەپتۇ.

— كىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ئۇ؟ جاللات، يوقات ئۇلارنى! — دەپ ۋارقىراپتۇ خان.

— بۇ ئۆزلىرىنىڭ پەرمانى، شاھىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ۋە شاھىيانە لىباستىن يوپۇق قىلىپ، بېشىغا تاج كىيگۈزگەن ئېشىكىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈرۈپتۇ.

خان ھەيران بولۇپ، ئىشارەت بىلەن جاللاتلىرىنى قايتۇرۇپ، ئۆزىمۇ تۇرۇپ قاپتۇ.

سەلەي چاقچاقان سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— جانابىي ئالىيلىرى دائىم «تۇغۇلغان كۈنۈمدە تارىختا بولمىغان ناھايىتى قىزىق بىر ئويۇن قىلىپ بەرگەيسەن!» دەپ پەرمان يازغانىدىلە. بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ قىرىق ياشقا تولغان ۋاقتى، يەنى قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى بولىدىغان كۈن، — دەپتۇ.

## خام كاۋاپتىن بىرنى

سەلەي چاقىقان كاۋاپچىدىن بىر زىخ كاۋاپ ئېلىپ، ئۇنى تارتىپ كۆرسە، ئارانلا ئوتتۇز بەش گىرام چىقىپتۇ.

— ھەي ئۇكام، سىزدە ئىنساب بارمۇ؟ كاۋاپنىڭ ئېغىرلىقى يەتمىش بەش گىرام بولاتتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقىقان.

— سىز خام كاۋاپنى دەۋاتىسىز، بۇ بولسا پىشقىنى، — دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ كاۋاپچى. سەلەي چاقىقانمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، ماڭا خام كاۋاپتىن بىرنى، ئۆزۈم پىشۇرۇپ يەي.

## پىياز نەدىن تېپىلىدۇ

سەلەي چاقىقان ئۆيگە ئالدىراپ كېتىۋاتسا، بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ قاپتۇ ۋە:

— ئۆيگە مېھمان كېلىپ قېلىپ، غىزا ئۈچۈن پىيازغا چىقسام، دۇكانلار تاقىلىپ قاپتۇ، كېچىكىپ قاپتىمەن. ئەمدى پىياز نەدىن تېپىلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كەچكى بازارنىڭ سامسىسىدىن ئىككىنى سېتىۋالساڭ، ئىچىدىن چىققان پىياز بىر قازان ئاشقا يېتىدۇ، ۋەسسالام! — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

## ئىنسابىغا بىر قەدەھ

باي توي قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلەي چاقىقان بازارغا ماڭغان باينىڭ ئوغلىغا:

— ئۆيدىن قانداق چىققان بولساڭ، شۇنداق قايتىپ

كېلىش نېسىپ بولسۇن! — دەپ دۇئا بېرىپتۇ. ئۆيدىكى مېھمانلار ھەيران بولۇپ، «دۇئا» نىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ.
— مەنىسى، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — باينىڭ بۇ ئەركە ئوغلى ئېچىۋالسا، ئۆيگە ھايۋاندەك تۆت پۇتلاپ كېلىدۇ. خۇدا بۇلارغا تېزىكىنى كۆرسەتمەيدىغان مۇشۇكچىلىكمۇ ئەقىل بەرمەپتۇ. قېنى، ئەمدى باشقىنى قويۇپ، شۇلارنىڭ ئىنسابىغا بىر قەدەھ كۆتۈرەيلى!...

## قانداق ياسىنىپ يۈرسە بولار؟

بىر كىشى سەلەي چاقىقاندىن سوراپتۇ:
— سىزنى يېڭى مودىلارنى كۆپ بىلىدۇ دېيىشىدۇ، ئوغلۇم چوڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى قانداق ياسىنىپ يۈرسە، ساقال - بۇرۇتىنى قانداق قويسا بولار؟ بىر مەسلىھەت بەرسىلە؟
سەلەي چاقىقان ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:
— ساقىلىنى قۇلىقىنىڭ يېنىغا، بۇرۇتىنى كالپۇكىنىڭ قىرىغا قويسۇن، ئىشتىنىنىڭ تىزىنى تار، پۇشقىقىنى كەڭ قىلسۇن. چاۋغاي - قاپاقلىرىغا پىستان ۋە كۇنۇپكىلار ئورنىتىلسۇن. يەنىمۇ يېڭى مودا بولسۇن دېسە، كاسا يانچۇقلىرىغا قارغا تۇمشۇق بېكىتىپ، قولۇپ سېلىپ يۈرسۇن.
— بۇ مانتىيورلار مودىسىمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.
— ياق، بۇ خالتورىلار مودىسى بولسا كېرەك، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

## ئاپتورنى يۆلەش

سەلەي چاقىقان كىتابخانىغا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە:

— نېمە ئۈچۈن ناچار ئەسەرلەر ماختىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كىتابخان.
— ئاپتورنى يۆلەش ئۈچۈن.
— ئەسلىي ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىنى يۆلەش كېرەك ئەمەسمۇ؟
— ئۇلارنى يۆلەپ يۈرمىسىمۇ، ئۆزى ئۆرە ماڭالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقان، ئەمما بۇلارنى يۆلىمىسە بولمايدۇ.

## قورساق كۆپۈكى چىقتى

سەلەي چاقچاقان ئاغرىپ قالغان بىر يىلى ئىكەن.
— سەلەي ئاداش، سېنى يېقىندا ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدى، دەپ ئاڭلىدىم. ئىچىڭدىن نېمە چىقتى؟ — دەپتۇ ئۇنى يوقلاپ بارغان دوستى.
— بىرىنچىسىدە سوقۇر ئۈچەي، ئىككىنچىسىدە قورساق كۆپۈكى چىقتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## بېشىنى چوقۇيمەن

غەيۋەتخورلۇق ئەۋج ئالغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىكەن.
— سەلەي ئاداش، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر غەيۋەتچى تونۇشى سەلەي چاقچاقاندىن.
— بىرسىدە كىتاب ئوقۇيمەن، ئىككىنچىسىدە غەيۋەت توقۇيمەن، شۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ بېشىنى چوقۇيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان تەنە قىلىپ.

## توپاق ئۆلۈپ قالدى

تويىنىڭ سېلىقىنى سېلىپ بولغان قىزنىڭ دادىسى سەلەي چاققانغا:

— يۇرتقا ئاش تارتىش ئۈچۈن، سەۋزە - پىياز ۋە گۇرۇچلەردىن باشقا، ئۈچ تىرىك قوي، ئۈچ ئۆلۈك قوي ۋە بىر توپاق ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان تەنە قىلىپ:

— كەنجى ئوغلىڭىزنىڭ مىنىپ ئويناشى ئۈچۈن يەنە بىر تايچاق ئالغاچ كەلسەك، قانداق بولار؟ — دەپتۇ.

— ھوي بۇ ئادەم توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغانلاردىنمۇ نېمە؟ — دەپ رەنجىپتۇ قۇدا بولغۇچى. بۇ گەپنى سەلەي چاققان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

ۋاقتى - سائىتى بىلەن مالمۇ كىرگۈزۈلۈپتۇ. لېكىن، مال ئارىسىدا توپاق كۆرۈنمەپتۇ. قىزنىڭ دادىسى:

— توپاق قېنى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— توپاقنى قويلارغا قوشۇپ ھەيدىسەم، زادى ماڭمىدى، ئاچچىقىمدا ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، بىر چىمدىۋىدىم، شۇ يەردىلا ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## تەمەلىك چۈش

سەلەي چاققان ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرغاندا چۈشكە تەبىر بېرىدىكەن.

— دادىسى، بۈگۈن چۈشۈمدە، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە دەپ باشتىن - ئاياغ چەت ئەلنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن ئېلىپ بېرىپسىزدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققانىنىڭ ئايالى خۇشال

ھالدا.

— ئۇنداق بولسا، تۇغۇلغان كۈنىڭگە ھېچنېمە سوۋغا قىلمىسام بولغۇدەك، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئېرەنسىزلىك بىلەن.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ئايالى.

— ئۆتكەندە: «ئۆيلىنىپ چۈش كۆرۈپتىمەن» دېسەم، «چۈش دېگەن كېرىۋېرىدۇ. چۈشنى تەتۈرگە جورىغۇلۇق» دېگەنىدىڭغۇ؟! — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن

سەلەي چاقچاقان ئايالىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، بىر نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ، كېيىن ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى ئايالى ئىشقا ماڭغاندا، سەلەي چاقچاقان ئۇنى توختىتىپ، يانچۇقىغا ئەللىك تىيىن سېلىپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، كىشىنى ئىشتىن قالدۇرۇپ، — دەپ ئاچچىقلاپتۇ ئايالى.

— بەربىر ئاپتوبۇسقا چۈشكەندە بېلەت ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالىسەن. شۇڭلاشقا جەرىمانە پۇلىنىمۇ سېلىپ قويدۇم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## قامەت كېرەك

سەلەي چاقچاقان نان يەپ ئولتۇرسا:

— دادا، ئانامنى رەنجىتىپ قويدۇڭمۇ، نېمە؟ بوينىنى قىسىپ قاپتىغۇ؟ — دەپتۇ ئوغلى.

— ئاناڭنى ياشلىقىدا رەنجىتمىگەن، قېرىغاندا رەنجىتىدۇ دەمسەن؟ بېشىدىكى خانتەڭرىدەك تاجنى كۆتۈرۈشكە تاغدەك

قامەت كىرەك، ئوغلۇم. شۇنى كۆتۈرەلمەي بىشى قىيسىيىپ كەتكەندۇر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## جامالىنى كۆرسەم

— مەھەللىمىزدە ھەممىسى رەڭلىك تېلېۋىزور ئېلىپ كەتتى، بىزمۇ ئالايلى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقنىڭ ئايالى.
— شەخسەن ماڭا لازىمى يوق، دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
نېمىشقا؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ ئايالى.
— سېنىڭ يۈزۈڭدىكى رەڭمۇ رەڭ بوياقلار رەڭلىك تېلېۋىزوردىن قېلىشمايدۇ. ئۇنى كۆردۈم نېمە، جامالىڭنى كۆرسەم نېمە؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## لاتارىيەگە ماشىنا چىقسا

— قولىڭىزدىكى لاتارىيەگە ماشىنا چىقىپ قالسا، مېنى تاغ - دالىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتارسىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقنىڭ ئايالى.
— تالا - تۈزگە ئەمەس، پەقەت ئاناڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىمەن، خالاس.
نېمىشقا؟
— نېمىشقا بولاتتى، «ھېچنېمىسى يوق بىر رودىپايغا تېگىۋالدىڭ» دەپ ئاناڭ مۇشۇ كۇنگىچە سېنى ئۆيىگە يولاتمايۋاتقىنىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## تېگىشلىپ كەتتىمكىن

— يېڭىراقتا بالىڭىز كوچىدىن كەلدى، نېمىسىنى

ئېيتاي، چىراي شەكلىنى تونۇپ بولمايدۇ، — دەپ سەلەي چاقچاقنىغا شىكايەت قىپتۇ ئايالى.

— چۈشتىن كېيىن ماگىزىننىڭ ئالدىدا بىر توپ بالا قىيسىق دەسسەپ يۈرەتتى. ئوغلۇڭ شۇلارنىڭ بىرسىگە تېگىشلىپ كەتتىمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## كەچۈرسىز

سەلەي چاقچاق بالىسىنى يېتىلەپ، دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ:

— بالام ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. قۇلىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسىڭىز، — دەپتۇ. دادىسىنىڭ «ئوپېراتسىيە» دېگىنىنى ئاڭلىغان بالا پاڭگىدە يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئاڭلىمايدۇ دەۋاتاتتىڭىز، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتىغۇ؟ — دەپتۇ دوختۇر ئەجەبلىنىپ.

— مەنمۇ ھەيرانمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق خىجالەت بولۇپ، — مەن مەكتەپكە ئاتا - ئانىلار مەجلىسىگە بارسام مۇئەللىملەر: «بالىڭىز گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى» دېيىشتى. راست چېغى دەپ، سىزگە ئېلىپ كېلىشىم، كەچۈرسىز...

## گۇمانىم بار

مۇئەللىم سەلەي چاقچاقنىغا كايىپ:

— بالىڭىز ئونغىچە ساناشنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ گېپىڭىزگە گۇمانىم بار، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق نارازى بولۇپ، — ئۇنداق بولغىنى، بالام تۈنۈگۈن تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ «دادا: بىزنىڭ خوراز قوشنىلارنىڭ خورىزىنى بىر تېپىۋىدى، ئۇن بەش قېتىم دومىلاپ كەتتى!» دېدى. سىز

دېگەندەك ئۇنغىچە ساناشنى بىلمىسە، ئۇن بەش قېتىم دومىلىغىنىنى قانداق بىلەتتى؟

## ئەقىللىك كۆچۈك

— دادا، مېنىڭ كۆچۈكۈم ئەقىللىك بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ ئوغلى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇ يىلمۇ سىنىپتا قالىدىغان بولساڭ، كېلەر يىلى سېنىڭ ئورنۇڭغا كۆچۈكنى ئەۋەتىمەن .

## «گاز - گۇز» بىلەن «غاز - غۇز»

— دادا، مۇئەللىم «گاز - گۇز» بىلەن «غاز - غۇز» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ جۈملە تۈزۈپ كېلىڭلار، دېگەن. شۇنىڭغا مىسال تاپالمايۋاتىمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ سەلەي چاقچاقنىغا.

— شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامسەن، قىزىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئانامنىڭ تۇغقانلىرى كەلسە ئۆيىمىزدە كۈندە «گاز - گۇز»، دادامنىڭ تۇغقانلىرى كەلسە باشلىنار «غاز - غۇز» دەپ يازغىن.

## چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپتۇ

سەلەي چاقچاق سۈت سېتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر خېرىدار بىر خالتا سۈت ئاپتۇ - دە:

— سەلەي ئاكا، بۇگۈن نېمە بولدى؟ بۇگۈنكى سۈتىڭىز نېمە دېگەن سۇيۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — تۈنۈگۈن

كەچ قاتتىق يامغۇر ياغدى ئەمەسمۇ؟ شۇ قاتتىق يامغۇر پۈتۈن كاللىلارنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپتۇ.



## پۇلغا قاراپ...

— قانداق ئەسەرنىڭ قەلەم ھەققى كۆپ بولىدۇ، سەلەي ئاكا؟ — دەپتۇ ئىجادىي ئىشنى پۇل تېپىش مەنبەسى دەپ قارايدىغان ھەۋەسكار شائىر.

— قورىغا قاراپ تۆلىسە، چاچما شېئىر ياز، بوغۇمغا قاراپ تۆلىسە، غەزەل ياز، ئۇكا، دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## سالام خەت

سەلەي چاقچاقان بىر ئۆلۈم نەزىردە ئولتۇرسا، يېنىدىكى بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئۆي ئىگىسىنىڭ موللامىنىڭ ئالدىغا قويغان كونىۋېرتى نېمىسى؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— مەرھۇمنىڭ ئۇ دۇنيادىن موللامغا يازغان سالام خېتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## تىنماس قىلىپ ياراتقانىكەن

موللام بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنىغا:
— سەيلە - تاماشادا تولا يۈرۈپ، پۇتۇڭ تېلىپ ئاغرىمامدۇ؟ — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاقان:
— مېنىڭ پۇتۇم بىلەن سىزنىڭ نەپسىلىرىنى خۇدايىم تىنماس قىلىپ ياراتقانىكەن، — دەپتۇ.

## كۆڭۈللىرىنى ئالايمۇ؟

بىر چالا موللا سەلەي چاقچاقنىغا تەنە قىلىپ:
— سىېنىڭ يازغان نەرسىلىرىڭدىن ساپ دەھرىلىك چىقىپ تۇرامدۇ - نېمە! — دەپتۇ.
— شۇنداق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان كۈلۈمسىرەپ، — بۇنىڭدىن كېيىن پوشكال پۇرايدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ كۆڭۈللىرىنى ئالايمۇ؟...

## «مېھماندوست» ئايال

ئۆينىڭ تام - تورۇسىدىكى تورلارنى كۆرگەن مېھمان ئۇلارنى سەلەي چاقچاقنىغا كۆرسىتىپ:
— ئايالىڭغا ئېيتىپ، تازىلىتىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.
— بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — لېكىن ئايالىم شۇنچىلىك مېھماندوستكى، ئاشۇ تورلاردىن ئۈمۈچۈك چۈشۈپ تۇرمىسا، ئۆيگە مېھمان كەلمەيدۇ، دەپ تازىلىمايدۇ...

## مەسلىھەت

سەلەي چاقچاقتىن بىر ئاغىنىسى سوراپتۇ:
— ئاپتوبۇستا قىسىلماي كېتىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟
— بار، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇ بولسىمۇ كىرپە تېرىسىدىن چاپان تىكتۈرۈپ كىيىۋالىسەن، ئامالى شۇ.

## نىمىسى

ئۆزىنى شائىر دەپ چاغلاپ يۈرگەن بىرسى سەلەي چاقچاققا:

مانا، يەنە چېچەك خۇش پۇراق،
پەسىللەرنىڭ كەلدى ئەركىسى.
گۈل پەسلىگە زار بولۇپ ھەر چاغ،
كۈتكەن ئۇنى ھەر جان، ھەر كىشى.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بېرىپ:
— قانداقراق، ياقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاقچاق سەل ئويلىنىۋېلىپ:
— يېشىل كۆكلەم سەن پەسىللەر ئەركىسى، سېغىنىدىمەن سېغىنغاندۇر ھەر كىشى، «كۆكلەم ئىشقى» ناملىق قوشاقنى ئىلھامىڭنى قوزغاپتۇ، سەن لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نىمىسى؟ — دەپتۇ.

## يوغىناپ كەتمىسۇن دەپ...

توي - تۆكۈنلەردە ئۆرۈمە ئېلىپ، نەپسى يوغىناپ كەتكەن بىر سازەندە:

— سەلەي ئاكا، نېمىشقا ئېسكىرىپكىغا پەدە باغلىماي، دۇتارغا پەدە باغلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دۇتارنىڭ نەپسىمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاش يوغىناپ كەتمىسۇن دەپ، كانايلىرىدىن باغلاپ قويغان بولسا كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ناخشىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى

سەلەي چاققان قورسىقى تازا ئاچ ھالدا ئۆيگە كىرسە ئاشخانىدىن قورسىقىنى توقلاپ چىققان ئايالى:

قىزىل گۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم ،
بۇ شەھەردە يۈرگۈم يوق.

دەپ ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ. سەلەي چاققان ئاچچىقىنى يۇتۇپ:

ھوقۇقىمىز تەڭ ئىكەن،
قول كۆتۈرۈپ ئۇرغۇم يوق.
بەش بالامنى دېمىسەم،
بۇ ئۆيلەردە تۇرغۇم يوق.
ئۇن بولسىمۇ تاغاردا،
سۇپىرىدا قوغۇن يوق.

دەپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ ناخشىنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايالى.

— سەن ئېيتقان ناخشىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى، — دەپتۇ سەلەي چاقەقان.

## سېتىلىپ بولغان

سەلەي چاقەقان كىتاب دۇكىنىدا سېتىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىكەن. بىر ئارتىس كىرىپ قارىسا، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇ ئارتىس خۇشاللىقىنى يوشۇرۇپ «كەمتەرلىك» بىلەن سوراپتۇ:

— باشقا كەسىپداشلىرىمنىڭمۇ سۈرىتى چىققان ئىدىغۇ... ئۇلارنىڭكىنىمۇ ئېسىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— كەچۈرىسىز، — دەپتۇ سەلەي چاقەقان، — ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى ئاللىقاچان سېتىلىپ بولغان...

## يۈز پىرسەنت

بىر يىلى سەلەي چاقەقانىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى باشلىق بوپتۇ. سەلەي چاقەقان ئۇنى تەبرىكلىمەكچى بولۇپ ئىدارىسىغا بېرىپتۇ. ئاغىنىسى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن. سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاداش، نېمانچە خىيالغا بېرىلىپ كەتتىڭ؟

— سەن بىلمەمسەن، ئاكاڭ قارىغاي، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارىماي، قول ئاستىدىكى خادىملارنى توقسان توققۇز پىرسەنت يېڭىلاپ بولدى. ئەمدى قانداق قىلسام يۈز پىرسەنت بولىدىكىن، دەپ شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— غەم قىلما! ئۇنداقتا، ئەمدى يۇقىرىدىن پەقەت سېنى ئېلىپ تاشلىسا، يۈز پىرسەنت دېگەن شۇ، — دەپ كۈلۈپتۇ سەلەي چاقچاق.

## غەم يېگىنى

بىر كىشى سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— گېزىتلەردە بەزىدە يازغا دائىر ماقالە، شېئىرلار قىشتا، قىشقا دائىرلىرى يازدا بېسىلىپ چىقىدۇ. گېزىتخانىدىكىلەرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

— نېمە قىلغىنى بولاتتى؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — يازنىڭ غېمىنى قىشتا، قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل دېگىنى.

## بىر تال سامان

سەلەي چاقچاق مەھەللىسىدىكى بىر بايغا يىللىقچى بولۇپتۇ. يىل ئاخىرلاشقۇچە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر قوسۇر چىقىرىپ، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشنىڭ ئېپىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرگەن باي بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنى:

— مەن بىر تاغار سامانىنى يەرگە تۆكمەن، سەن بىر تالنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سەلەي چاقچاق تاكى سامان تۆكۈلۈپ بولغۇچە بەخىرامان قاراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئاخىردا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان بىر تال سامانىنى تۇتۇۋېلىپ:

— باي ئاكا، مانا بىر تال سامانىنى تۇتۇۋالدىم، — دەپتۇ.

# پۇت ـ قولۇڭ بولسىمۇ ئىشلىسۇن

سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى دەرستە ناچار بولۇشقا قارىماي، ماختانچاق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ:
— دادا، مەن سەكرەش بىلەن يۈگۈرۈشتە بىرىنچىلىكنى ئالدىم، — دەپتۇ.
— ياخشى، يارايسەن ئوغلۇم، — دەپ قويۇپتۇ سەلەي چاقچاق.
دادىسىنىڭ ماختىشقا خۇشال بولغان بالىسى ئەتىسى يەنە:
— دادا، بوكس بىلەن چېلىشىشتا بىرىنچىلىكنى ئالدىم، — دەپتۇ.
— يارايسەن ئوغلۇم، — دەپ يەنە ماختاپتۇ سەلەي چاقچاق، — بېشىڭ ئىشلىمىگەندىن كېيىن، پۇت ـ قولۇڭ بولسىمۇ ئىشلىسۇن...

# ئاكىلىرىدىن پەرقلىق

سەلەي چاقچاقنىڭ ئايالى قىزىنىڭ كىندىك ياپماس تۇجۇركا، پوسكايما كاسا ۋە كەڭ سۆرەلمە پۇچقاق ئىشتان كىيىشلىرىگە ئاران چىداپ يۈرسە، بىر كۈنى قىزى قاپقىنى توك غورىدەك كۆپكۆك، كالپۇكلىرىنى كاۋا چېچىكىدەك ساپسېرىق قىلىپ كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالمىغان ئانا:
— قىزىم، بىر چىرايلىق يۈزۈڭنى نېمانچە ئالا ـ بۇلا قىلىۋالدىڭ؟ — دەپ كايىشقا باشلاپتۇ. ئۇستىگە كىرىپ قالغان سەلەي چاقچاق دەررۇ:

— قويۇپ بەر، ئانىسى، كېيىمدىغۇ ئايرىغىلى بولمايدۇ، ئەمدى پەردازدىن بولسىمۇ، ئاكىلىرىدىن پەرقلىنىپ يۈرمەمدۇ؟ — دەپتۇ كۈلۈپ.

## نېمە ئامال بار؟

سەلەي چاقچاقان چوڭ قىزىنى ياتلىق قىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ، قىزنى ئۇزىتىدىغان ۋاقىتتا، خوتۇنى ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ:

— دادىسى، قىزىمىزنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ قالساق، كېيىنچە سىڭىللىرىغا لازىم قىلارمىز، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا، مەن دەرھال بىر كۆپ سېتىۋېلىپ كېلەي، — دەپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ئالدىرىغاندا نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلا؟ — دەپ كايىپتۇ خوتۇنى، — ھازىر كۆپ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— سىڭىلچە بولغاندا، قىزىمىزنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالساق بولغۇدەك، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئۇنداقتا قىزىمىزنى كۆپكە سېلىپ چىقارمىساق نېمە ئامال بار؟

## نېمىشقا قۇياشقىمۇ چىقىپ باقمىدىڭ؟

سەلەي چاقچاقان پات - پات ئوغلى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن، بىر كۈنى ئوغلى ئۇنىڭدىن:

— دادا، كېچە ئۇچار كېمىگە ئولتۇرۇپ ئايغا چىقىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوبدان چۈش كۆرۈپسەن بالام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — لېكىن، سەن ئەخمەقلىق قىپسەن، ئايغا چىققان ئادەم نېمىشقا قۇياشقىمۇ چىقىپ باقمىدىڭ؟

## قورقماسلىق

سەلەي چاققاننىڭ مەھەللىسىدە بىر خەسىس باي ئۆتكەنىكەن. بىراق ئۇ ناھايىتى قورقۇنچاق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنى يۈرەكلىك دەپ ماختىنىدىكەن.

— مەن ئۆمرۈمدە قورقۇپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ باي بىر سورۇندا.

— ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ باي، — مەن كىچىك چېغىمدىن باشلاپلا ھېچنېمىدىن قورقماس ئىكەنمەن. موماممىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەن تۇغۇلۇپ ئەمدىلا ئون كۈنلۈك بولغان چېغىمدا يېنىمدىن بىر چاشقان ئۆتۈپتىكەن، قىلچە پىسەنت قىلماي يېتىۋېرىپتىكەنمەن.

— ھە، ئەمدى ئىشەندىم باي ئاكا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ» دېگەن گەپ سىزدىن قالغانىكەن ـ دە!

## سەمىمي گۇۋاھچى

بىر يىلى يۇرت قازىسى سەلەي چاققاننى قازىخانىغا چاقىرتىپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، سەن گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىلگىرى مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، شەرىئەت ئالدىدا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن ئىشلارنىلا سۆزلەيسەن، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان

ئىشلارنى سۆزلىمەيسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ ــــ دەپتۇ قازى.

ــــ ئۇقتۇم، تەقسىر.

ــــ سەندىن سورايدىغان بىر نەچچە سوئالىم بار، ــــ دەپتۇ قازى دەررەسىنى ئوينىاپ تۇرۇپ، ــــ ئالدى بىلەن دەپ باقە، سەن قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟

قازىنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن سەلەي چاققان دەررۇ:

ــــ تەقسىر، بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن، چۈنكى، بۇنى ماڭا ئانام ئېيتىپ بەرمىگەنىدى، ــــ دەپتۇ.

## بىر ئاي ۋە يېرىم كۈن

سەلەي چاققان ئوپال بازىرىدا سودا - سېتىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە مەھەللىدىكى بىر جازانىخور باي ئۇنىڭدىن بىر جۈپ ئاياغ سېتىۋاپتۇ.

ــــ ۋاي سەلەي ئاخۇن، دۇكىنىڭىزدىن سېتىۋالغان بىر جۈپ ئاياغنىڭ يېرىم ئاي بولمايلا چەمى چىقىپ كەتتى، ــــ دەپتۇ ئاغرىنغان باي.

ــــ باي ئاكا، ماڭا قارىغاندا كۆپ تەلەيلىك ئىكەنسىز، سىزغۇ بىر ئاي ئىشلىتىپسىز، ــــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ــــ سىز پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، مەن شۇ پۇلغا سوپۇن سېتىۋېلىپ، مەھەللىدىكى يېتىم - يېسىرلارغا يېرىم كۈن ئىچىدىلا تارقىتىپ تۈگەتتىم.

## تەلەي

سەلەي چاققاننىڭ مەھەللىسىدىكى بىر چالا موللا نامازدىن

كىيىن، تەلەي ھەققىدە ئۇزاق ۋەز ئېيتىپتۇ. بىر كىشى ئۇنىڭدىن:
— ئۇنداق بولسا، تەلەي دېگەن زادى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تەلەي دېگەن تەلەي، — دەپتۇ موللا ئالىيىپ.
ئەھۋالنى سەزگەن سەلەي چاقئان:
— تەلەي دېگىنىمىز، ئادەم ھايات ۋاقتىدا تارتقان بارلىق ئازاب ياكى ھايات ۋاقتىدا ئېرىشكەن ئامەتلەردۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— شۇنداقمۇ، — دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالغان موللا.

## بوي - تۇرقۇمنىمۇ بېرەي

بىر يىلى ھېيتتا سەلەي چاقئان بازاردىن بىر بەقەسەم تون سېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر پىخسىق ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن:
— ئاداش، قوشنا يېزىغا تويغا بارماقچى ئىدىم، تونۇڭنى ئالغان بەقەسەم تونۇڭنى ئارىيەت بېرىپ تۇرساڭ. ئۆزۈمنى ياقا يۇرتتا بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ.
— ماقۇل ئاداش، — دەپتۇ سەلەي چاقئان، — تونغا قوشۇپ بوي - تۇرقۇمنىمۇ بېرەي.

## بىلمەيدىغان گەپ نەدە؟

سەلەي چاقئان ھېيتگاھتىن ئۆيگە قايتىۋاتقانىكەن، يولدا بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ.
— بۈگۈن كەچلىك تائامنى بىزنىڭ ئۆيدە بىللە يەيلى، —

دەپتۇ سەلەي چاقچان مېھماندوستلۇق بىلەن.
— بولىدۇ، بىراق ئايالىڭىز بىلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.
— بىلمەمدىغان، مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرىم سائەتتىن كۆپرەك جېدەللەشتىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچان قىزىقچىلىق قىلىپ.

## كەنجىسى

سەلەي چاقچاننىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغلىدىن بەكلا پەخىرلىنىدىكەن. بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ خوتۇنى:
— سەلەي ئاخۇن، كەنجى ئوغلىمىز بەك ئەقىللىك بالا بولىدىغان بولدى - دە، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچان:
— راست ئېيتىسىلە خوتۇن، مەنمۇ سىز بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆينىڭ كەنجىسى ئىدىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تېرە سىرتىغا بەرسەملا ئىش پۈتىدۇ

سەلەي چاقچان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوپالدىكى باي ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپتۇ.
— سەلەي ئاخۇن، سىز جىنىمنى ئاغرىتماي ئوكۇل سالالامسىز؟
— چاتاق يوق، سالالايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچان.
— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ باي

خورسەن بولغان ھالدا، — ئۇنداقتا نېمە چارىڭىز بار؟
— چارە دېگەن تولا گەپ، — دەپتۇ سەلەي چاقعان بۇ ئاچ كۆز بايغا مەنىلىك قاراپ، — ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى تېرە سىرتىغا بەرسەملا ئىش پۈتىدۇ.

## جىمى گۇناھ بۇرنۇمدا

سەلەي چاقعان يامۇلدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا، بىر مەزگىل ئامبالنىڭ مەپىسىنى ھەيدەپتۇ. بىر قېتىم مەپىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ چاۋۇشلارنىڭ باشلىقىنى سوقۇۋېتىپتۇ.
— ھۇ قارىغۇ، مەپىنى كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدىسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ چاۋۇشلارنىڭ باشلىقى.
— كەچۈرۈڭ چاۋۇش بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقعان، — جىمى گۇناھ بۇرنۇمدا، ئوڭ كۆزۈمگە قاراي دېسەم بۇرنۇم توسۇۋېلىپ كۆرگىلى قويمىدى.

## سىلى كەتكەندىن كېيىن

بىر يىلى شەھەر ھاكىمى ئوپالغا مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ئۇ بىر سورۇندا سەلەي چاقعاننى قەستەن مازاق قىلىپ:
— ھەي سەلەي ئاخۇن، نېمە كويلاردا يۈرىسەن؟ ھازىرمۇ يەنە خوتۇنۇڭدىن قورقامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يوقسۇ تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقعان، — ئۆزلىرى ئوپالدىن كەتكەندىن كېيىن، بۇ يۇرتتا خوتۇنىدىن قورقىدىغانلار قالمىدى.

## يەر شارى

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدە بىر چالا موللا ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر قېتىم سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، كىشىلەر يەر شارى ئايلىنىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە راست.

— ئۇنداق بولسا، بىز نېمىشقا ئايلانمايمىز؟

— موللام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سىز نېمانچە ئەخمەق، بىز يەر شارىدەك يومىلاق بولمىساق.

## توسما تام ئۆرۈلۈپ چۈشتى

سەلەي چاقچاق ساراي غوجايىنىنىڭ ھوزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، سارايدا بىر نەچچە ياش بالا غوۋغا كۆتۈرۈشۈپ، يېرىم كېچىگىچە كىشىلەرنى ئارام ئالغىلى قويماپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق ئۇلارنى قورقۇتماقچى بولۇپ:

— دىققەت قىلىڭلار باللار! توسما تام ئۆرۈلۈپ چۈشتى، — دەپتۇ.

— قاچان؟ — دەپ سوراپتۇ ياش باللاردىن بىرى قىزىقسىنىپ.

— بۈگۈن يېرىم كېچىدە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## كىملەر ئەڭ سېخىي؟

ئوپالدا ئەمەل دېسە ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى سېخىي كۆرسىتىپ، مال -

مۈلكىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ سەلەي چاقچاقتىن:
— سەلەي ئاخۇن، دەپ بېقىڭا، يۇرتىمىز ئوپالدا كىملەر ئەڭ سېخىي؟ — دەپ سوراپتۇ.
— پارا بەرگۈچىلەر بولمامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟ — يەنە سوراپتۇ ئۇ.
چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — شۇڭا سىز ئەڭ سېخىي.

## نېمىگە مىنەلەيدۇ، نېمىگە مىنەلمەيدۇ؟

سەلەي چاقچاق شەھەر مەدرىسىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھەمىشە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى موللام ساۋاقداشلاردىن سوراپتۇ:
— قېنى دەپ بېقىڭلار، پىل بىلەن چىۋىن ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟
— پىلنىڭ بۇرنى بار، ئەمما چىۋىننىڭ بۇرنى يوق، — دەپتۇ ئۆسكىلەڭ بىر شاگىرت.
— پىلنىڭ قانىتى يوق، قوتازغىراق ئوخشايدۇ، — دەپتۇ پەتەكرەك يەنە بىر شاگىرت.
— موللىكا، مەن ھىندىستانغا بارمىغان. پىلنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقى شۇكى، چىۋىن پىلنىڭ ئۈستىگە مىنەلەيدۇ، لېكىن پىل چىۋىننىڭ ئۈستىگە مىنەلمەيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## خۇشامەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ

سەلەي چاقچاق خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە

كەمبەغەللەرگە يان بېسىپ، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا ئېگىلمەيدىكەن، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. بىر قېتىم ئامبال ئۇنى چاقىرىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ئوردىدا ئوبدان ئىشلەپ يۈرۈپسەن. بىراق، بىر ئىشىڭ ياقمىدى. مەن دېگەن بۇ يۇرتنىڭ ئامبىلى، سەن نېمە ئۈچۈن ماڭىمۇ ئېگىلىپمۇ قويمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئامبال بېگىم، سىزنىڭ پۇللىرى بولغان بىلەن ماڭا بىكارغا بىر تىيىن بەرمەيلا. مەن نېمە دەپ سىزگە ئېگىلىمەن؟

— ئۇنداق بولسا ساڭا مال - دۇنيارىمنىڭ ئوندىن ئىككىسىنى بەرسەم ماڭا ئېگىلەمسەن؟

— بۇ ئادىللىق ئەمەس، مەن ئېگىلمىسەم نېمە بوپتۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ماڭا زۆرۈرىيىتى يوق! — دەپتۇ سەلەي چاقچاق تېرىكىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن مال - دۇنيارىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەي، — دەپتۇ ئامبال، — ئەمدىغۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ «ئامبال غوجام» دەپ ئېگىلىپ قويارسەن؟

— ئۇنداقتا ئىككىمىز تەڭ - باراۋەر بولۇپ قالىمىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ئۇ ھالدا ئۆزلىرىگە ئېگىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

— ھەي سەلەي ئاخۇن، سەن نېمىدېگەن ئەخمەق، — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ، — مال - دۇنيارىمنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا بىر يۈرۈش ئۆيۈمنىمۇ ساڭا بېرەي. ئەمدىغۇ گەپ يوق ماڭا ئېگىلىپ ھەر كۈنى تەزىم قىلارسەن؟

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت ئامبال بېگىم، راستىنلا شۇنداق بولسا، مەن قەشقەر بويىچە كاتتا باي بولۇپ كېتىمەن... — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۆزلىرىگە خۇشامەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. مېنى كەچۈرسىلە!

# قەسەم ئىچتىم

سەلەي چاققان بەگنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بەگ بىلەن بىر مەرىكىگە بېرىپتۇ. بەگ تۆردىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى سەلەي چاققانغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئالدىراپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. توي تۈگىگۈچە سەلەي چاققاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى ھېچ كىشى چىقماپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ تاقىتى - تاق بولغان سەلەي چاققاننىڭ تازا غەزىپى كەپتۇ، كەچ كىرگەندە بەگ تويدىن قايتىپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن بەگ:

— سەلەي ئاخۇن، بۈگۈنكى تويدا ساڭا بىرنەرسە تەگدىمۇ - يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەگدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — جانابلىرىدىن ئاشقان سۆڭەكنى ئېلىپ چىقىپ ئازگالغا تۆككەندە چاچراپ كېلىپ يوتامغا تەگدى.

— ھەي تەرسا، دەپتۇ بەگ، — بىرەر نەرسە يېدىڭمۇ، قانداق؟ دەۋاتىمەن!

— يېدىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان:

— ئۇنداق بولسا، نېمە يېدىڭ؟

— بېگىمنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ، قورسىقى يوغان ئىدى، تويغانمىدۇ، تويمىغانمىدۇ؟ — دەپ غەملىرىنى يېدىم.

— مېنىڭ سوراۋاتقىنىم، — دەپ تېرىكىپتۇ بەگ، — سېنىڭ بىر نەرسە ئىچكەن - ئىچمىگەنلىكىڭ؟

— ئىچتىم بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان «بۇنىڭدىن كېيىن بېگىم بىلەن توي - مەرىكىگە ھەرگىزمۇ بىللە بارماسمەن»، — دەپ قەسەم ئىچتىم.

## يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن

سەلەي چاققان يۇڭ چەكمەن چاپان تىكىشكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئوپالنىڭ بېگى سەلەي چاققاننىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپاننىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئىككى يېڭىنى ئۇچلاپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە «يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن» دەپ تاپىلاپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى سەلەي چاققان چاپاننىڭ بىر پېشىنى كېسىپ، ئىككى يەڭنى ئۇچلاپ، بەگنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بەگ بۇ تون چاپاننى كىيىپ تالاغا چىقسا، جامائەت بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلگىدەك. بەگ ئۇستىبېشىغا قارىسا، چاپاننىڭ بىر پېشى ئۇزۇن، بىر پېشى قىسقا تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن بەگ سەلەي چاققاننى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، چاپاننىڭ بىر پېشى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، چاپاننىڭ پېشى ئىككى يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدا، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

كىم سىزگە شۇنداق قىل دېدى، — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ بەگ.

— تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە، — ئۆزلىرى «يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن» دېگەن ئىدىلىغۇ، مەن دېگەنلىرىدەك قىلدىم.

## كۆزى چۈشۈۋاتىدۇ

سەلەي چاققان بىر يىلى بىر نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ ئىلىخوغا تىرىكچىلىك قىلىشقا چىقىپتۇ. مەھەللىدىكى بىر سودىگەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، سەلەي چاققاننىڭ

دادىسىدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنگە بىرەر يىلچە بولۇپ قالدى، ھەقىچان جىق پۇل تاپقاندۇر دەيمەن.

— پۇل تاپتىمۇ ـ تاپالمىدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، — دەپتۇ دادىسى.

— ئۇنداقتا نىمىسى مەلۇم؟ يەنە سوراپتۇ سودىگەر.

— نىمىسى مەلۇم بولاتتى؟ ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ بەك كۆزى چۈشۈۋاتىدۇ.

— قانداق چۈشۈۋاتىدۇ؟

— قانداق چۈشەتتى؟ — دەپتۇ سەلەي چاققاننىڭ دادىسى:

— يامۇل ھازىر ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى تېپىپ بەرگەنلەرگە 30 تەڭگە مۇكاپات بېرىمىز دەيدۇ.

— ھە، راست كۆزى چۈشۈپتۇ، — دەپتۇ سودىگەر قىزىرىپ.

## ئىسمى «پەرھىز»

بىر يىلى سەلەي چاققاننىڭ ئۆيىگە ياقا يۇرتتىن بىر مۇنچە ئادەم مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئۇ مېھمانلارغا داستىخاننىڭ يۈزى كۆرۈنمىگۇدەك قىلىپ قەنت ـ گېزەك ۋە تائام قويۇپتۇ. مېھمانلار داستىخاننى قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن، ئاردىكى بىرسى:

— سەلەي ئاخۇن، ئۈزۈم بىلەن نان يېيىش سۈننەت ئىدى، ئۈزۈم تاپسىلىچۇ؟ — دەپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال ئۈزۈم ئېلىپ كەپتۇ. ئارقىدىن يەنە بىرسى:

— سەلەي ئاخۇن، بېھىش نېمىتى ئىچىدە قوغۇن ـ تاۋۇز ئەڭ ئۇلۇغ مېۋە. بۇنى يېيىشنىڭ ئۆزى سۈننەت ئىدى، —

دەپتۇ. سەلەي چاقچاق قوغۇن - تاۋۇزنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆيگە سەلەي چاقچاقنىڭ ئالتە ياشلىق بىر قىزى كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى - كالانلار:

— سەلەي ئاخۇن بۇ قىز سىزنىڭ قىزلىرى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، شۇنداق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— قىزلىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپى نېمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ بىرسى.



— قىزىمنىڭ ئىسمى «پەرھىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ.

بۇنى ئاڭلىغان مولللاردىن بىرى يەنە:

— سەلەي ئاخۇن، «پەرھىز» دەپ ئىسىم قويساق كىتاب ھۆكمىگە دۇرۇس بولمايتتى، — دەپتۇ.

— راست ئېيتىشتىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — قىزىمنىڭ ئېتى زىننەت ئىدى، زىننەت دېسەم قۇلاقلىرىغا «سۈننەت» دەپ ئاڭلىنىپ كېتىپ، بۇ قىزىمدىنمۇ قۇرۇق قالماي دەپ، «پەرھىز» دېگەنىدىم.

# ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

سەلەي چاقچاقان بىلەن خوتۇنى جازانىخور بايغا بىر يىل ئىشلەپ، يىل ئاخىردا ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. مەككار باي سەلەي چاقچاقاننىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ «قورسىقىدىكى ھامىلە يېرىم كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق يېدى» دەپ، ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قاپتۇ. سەلەي چاقچاقانمۇ گەپ - سۆز قىلماپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ بىر بوغاز قويى سەلەي چاقچاقاننىڭ بۇغدايلىقىغا كىرىپ بۇغداي يەۋاتقاندا، سەلەي چاقچاقان كۆرۈپ قېلىپ، سولاپ قويۇپتۇ. باي قوينى ئىزدەپ كەلگەندە، سەلەي چاقچاقان ئىككى قوي يېگەن بۇغداينىڭ پۇلىنى تۆلىسە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باينىڭ سەپرايى ئۆرلەپ:

— قوينىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئىككى دەيسەن؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقان:

— باي ئاكا، قويىڭىزنىڭ بوغاز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ! — دەپتۇ.



— بوغاز بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چوشمىگەن پاقلان قانداق بىرنەرسە يېيەلىسۇن؟ — دەپتۇ باي بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ.

— ئۇنداقتا تۇغۇلمىغان بوۋاق قانداق بىر نەرسە يېيەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق باينىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ.

باي ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا تەن بېرىپ، سەلەي چاقچاقنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بېرىپ، ناماقۇل بوپتۇ.

# ئىككى پارچە رەسىم

شەھەردىكى بىر باي سەلەي چاقچاقنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. ئۇ مېھمانخانىسىغا ئىككى پارچە رەسىم سىزدۇرۇپ چاپلاپ قويغانىكەن. بىر پارچە رەسىمدە سەرپۇش تۇماق كىيگەن بىر ئادەم دۇكاندا ئولتۇرۇپ، قولىنى ئىڭىكىگە تىرەپ كۈتۈپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئاستىغا «سودىگەر» دەپ يېزىلغانىكەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە بىر ئادەم نان يەۋېتىپ تەرەت سۇندۇرۇۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئاستىغا «دېھقان» دەپ يېزىلغانىكەن. سەلەي چاقچاق داستىخاندا ئولتۇرۇپ، تائامغا ئەمدىلا ئېغىز تەگكۈزەي دەپ تۇرۇشىغا، سودىگەر:

— سەلەي ئاخۇن، — تامدىكى رەسىملەرنى كۆردىڭىزمۇ؟ نېمىدېگەن رەسىم ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كۈلۈپ.

كۆردۈم سودىگەر ئاتا، بەك مەنىلىك رەسىم ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئاۋۇ رەسىمدىكى سودىگەر دېھقاننىڭ قولىدىكى ناندىن ئازىراق بەرسىكەن، دەپ دۇئا قىلىپتىكەن. دېھقان: ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق سودىگەر تېزىكىمنى يېسۇن، دەۋېتىپتۇ.

## بىرسىنى ئىسسىق، بىرسىنى سوغۇق

سەلەي چاقچاقان يەكەندە بولغان كۈنلەردە ئانچە ـ مۇنچە ياغاچچىلىق قىپتۇ. ئۇ چۈشكەن سارايىنىڭ غوجايىنى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بەك پىخسىق، ئاچ كۆز بولغاچقا، سەلەي چاقچاقانغا ئىش قىلدۇرۇۋېلىپ، قورسىقىدىن خەۋەر ئالماپتۇ.

بىر كۈنى غوجايىنىنىڭ خوتۇنى لەڭمەن ئېتىپتۇ. ئۇ ئاشنى سۈزۈپ راسلاۋېتىپ، سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:

— ئۇستام، ئىسسىق يەملا، سوغۇقمۇ؟

— بىرنى ئىسسىق، بىرنى سوغۇق — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان كۈلمەي تۇرۇپ.

## ئۈلپەت بولغاندۇ

سەلەي چاقچاقان كوچىدا كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر ھاراقكەش ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، مۇنداق كېچىدە نېمە ئىزدەپ يۈرۈيسىز؟

— ئېشىكىم باغلاقلىق يەردە يوق تۇرىدۇ، شۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئېشىكىڭىز ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يىقىلىپ قاپتۇ، — دەپتۇ ھاراقكەش ھىجىيىپ.

سەلەي چاقچاقان دەرھال باش لىڭشىتىپ:

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز، مەنمۇ شۇنداقراق گۇمان قىلغان. ئۇنىڭ سىزگە ئوخشاش بىر قانچە ئاغىنىلىرى بولىدىغان، ئېھتىمال شۇلارغا ئۈلپەت بولغاندۇ.

## مېنىڭ پۇلۇم ھالال

سەلەي چاقچاق ئۇپال بازىرىدا كېتىۋاتسا، نامى چىقچاق بىر ئوغرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— سەلەي ئاكا، بۇ پۈتۈن پۇلنى ئۇششاق پۇلغا تېگىشىپ بەرسىڭىز قانداق؟
— پۇلۇمنىڭ ھەممىسى ئون تەڭگىلىكتىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.
بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى سەلەي چاقچاقنىڭ يانچۇقىدا خېلىلا پۇل بارلىقىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:
— سەلەي ئاكا، پۇل ـ پۇلغا ئوخشىشىدۇ، ئۇنداق قىلماي تېگىشىپ بېرىڭ.
ئوغرىنىڭ يامان نىيىتىنى چۈشەنگەن سەلەي چاقچاق:
— راست پۇل — پۇلغا ئوخشىشىدۇ، بىراق، مېنىڭ پۇلۇم ھالال، ئۇنى ھارام قىلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

## ناھەقچىلىك مۇشۇ يەردە تەڭشىلىدۇ

ئامبالنىڭ يايىسى سەلەي چاقچاقنى «بىدە ـ سامان تاپشۇرمىدىڭ» دەپ بىر تەستەك ساپتۇ. سەلەي چاقچاقنىڭ يامۇلدىكى بۇرادەرلىرى بۇنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ:
— يايى بېگىم، سەلەي ئاكام ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ بولغان، بۇ گۇناھسىز ئادەمنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ.
— بۇ شەھەردىكى ھېچكىم ماڭا ئېيۋەن قويالمايتتى، ئەجەبا، بۈگۈن ھەر قايسىڭ مەندىن ئېيۋەن تېپىشىۋاتىسەن، بۇنداق ناھەقچىلىك نەدە تەڭشىلەر؟ — دەپتۇ يايى «سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي» دەپ.

— خاپا بولماڭ يايى بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى، — بۇ ناھەقچىلىك مۇشۇ يەردە تەڭشىلىدۇ!

ئۇلار يايىنى تۇرغان جايىدىلا يەرگە بېسىپ ئۇرۇپ، ئەدىپىنى تازا بېرىپتۇ.

## گىلەم سودىسى

سەلەي چاقچاقان بىر گىلەم سېتىۋالماقچى بولۇپ، شەھەرلىك بىر سودىگەردىن سوراپتۇ:

— باي ئاكا، بىر گىلەم ئالغۇم بار ئىدى. ئۆيلىرىدە بارمىدۇ؟

— ياخشى گەپ، ئىزلەپ ئاۋارە بولماڭ، بىزدىلا بار، — دەپتۇ ئۆزىگە بۇيرۇتۇپ توقۇتقان بىر چوڭ گىلەمنى كۆرسىتىپ.

— بولمىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— ھەي سەلەي ئاخۇن، بۇنچىۋالا چوڭ گىلەمنى نەگە سالارسىز؟ — دەپتۇ سودىگەر ئۇنى كەمسىتىپ.

— كۆلۈڭگە سېلىپ قوياي دېگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقانمۇ بوش كەلمەي.

— بۇنچىۋالا چوڭ گىلەم كۆلۈڭگە پاتسا، ئۆيىڭىز قانچىلىك باردۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ سودىگەر.

— قانچىلىك بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ، — ئۆيۈمنىڭ پەگاھىدا ۋارقىرىسا، تۆرگە ئاڭلانمايدۇ.

## ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەلەي چاقچاقان ئىشىكىگە مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. يول تۆپىسىدە شەھەر

قازىسىغا يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە ئىشەكتىن چۈشۈپ قازىغا سالام قىپتۇ. لېكىن، ئىشىكى قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، زادى تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ.

ــ ھە، سەلەي ئاخۇن، ئىشىكىڭىز نېمانچە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىدۇ؟ ــ دەپتۇ قازى.

ــ تەقسىر، ئىشەكتە ئېبۇەن يوق، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ــ بۇگۇن ھاۋا بەك دىمىق بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ يەلپۈۋاتىدۇ.

## گازىر ساتىدۇ

سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىدىن پۇل سوراپتۇ:

ــ تۈنۈگۈن بەرگەن پۇلنى نېمە قىلدىڭ؟ ــ دەپتۇ ئانىسى.

ــ مەن ئۇ پۇلنى ناھايىتى نامرات بىر مومايغا بېرىۋەتتىم، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان دەرھاللا.

ــ سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى بالا بولۇپسەن، ــ دەپتۇ ئانىسى ناھايىتى خوش بولۇپ، ــ ئۇنداقتا مەن ساڭا يەنە پۇل بېرەي، بىراق ئۇ مومايغا نېمانچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭنى دەپ بېرەلەمسەن؟

ــ ئۇ موماي گازىر ساتىدۇ، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

## چاپان بېلىتى بارمىدۇ؟

يەكەنگە بارغان بىر يىلى، سەلەي چاققان كىنوخانىغا كىرگەنىكەن، ئولتۇرغۇدەك بوش جاي تاپالماپتۇ. قارىسا نۇرغۇن

ئورۇندۇقلارغا قول ياغلىق، چاپان قويۇلغان، چاپاننى ئېلىۋېتىپ ئولتۇراي دېسە، ئىگىسى ئولتۇرغىلى قويماپتۇ. ئاخىر ئۇ بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەپتۇ:

— ئۇكام ، ئادەم بېلىتىگە ئورۇن قالماپتۇ، چاپان بېلىتى بارمىدۇ؟

— ھە...

## پىخسىق

ئۇپالدا ھەمىشە باشقىلارنىڭكىدە يەپ ـ ئىچىپ، ئۆزى زادى مېھمان چاقىرمايدىغان بىر پىخسىق باي ئۆتكەنىكەن. سەلەي چاقچاق بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلەپتۇ. بىر قېتىم باينىڭ قوشنىسى مېھمان چاقىرىپ، ئۆيىگە سىغمىغان مېھمانلارنى ھېلىقى باينىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەھەللىدىكى كىشىلەر سەلەي چاقچاقتىن:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە گەپ؟ باي غوجام بۇگۈن ئەجەب مېھمان چاقىرىپ قاپتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— نەدىكى گەپنى قىلمۋاتىسىلەر ، باي ئاتام ھازىر ئەمەس، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاندىن مېھمان چاقىرىدۇ، — دەپتۇ. ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان باي:

— ھەي سەلەي، كىم سېنى ۋەدە بەر دېدى؟ شۇ چاغدىمۇ مېھمان چاقىرامدىم، چاقىرمامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، دەپ كايىپ كېتىپتۇ.

## دوكلات ئىچىدە

ئۇپالدا كۆچەت قويۇش مەزگىلىدە، تەرلەپ ـ تەپچىرەپ كۆچەت قويۇۋاتقان سەلەي چاقچاقتىن بىرسى سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، سىلەر نېمىشقا ھەر يىلى مۇشۇ بىر يەرگىلا كۆچەت قويۇسىلەر؟

— بۇ يەردە بۇلتۇر كولانغان تەييار ئورەكلەر بار، بۇ يىل يەنە ئورەك كولىمىساقمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ئۇنداقتا بۇلتۇر قويغان كۆچەتلىرىڭلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

— ۋاي ئۇكام نېمانچە سوراۋېرىدىغانسەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇلتۇرقى كۆچەتلەر دوتەي يامۇلىغا يوللانغان دوكلات ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## كۆچمىگىنىڭ تۇزۇك

ئۇسال مىجەزلىك بىر ئادەم قولۇم - قوشنىلىرىدىن ئاغرىنىپ، ياقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ، سەلەي چاقچاقتىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئۆزۈڭ كۆچمىسەن ياكى مىجەزىڭ كۆچەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق ئۇنىڭدىن:

قانداق گەپ بۇ؟ — دەپتۇ ئۇ ئادەم رەنجىپ، — مىجەزىنىمۇ تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا كۆچمىگىنىڭ تۇزۇك. سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ بىلەن ئاسمانغىمۇ پاتمايسەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## يېڭى بولۇش ئۇچۇن

سەلەي چاقچاق ھېيت نامىزىدىن يېنىشىغا، خەلپەت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ھېلى دۇئا - تىلاۋەت قىلغىنىڭىزدا

خۇدادىن كۆڭلۈك يېمەكلىك بېرىشنى تىلىدىڭىز، نېمىشقا ئىككى كۆڭلۈك، ئۈچ كۆڭلۈك ھەتتا ھەپتىلىك يېمەكلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلمايسىز؟

سەلەي چاقچاق خەلپەتنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:



— ۋاي خەلپىتىم نېمە دېسەم بولار، — يېمەكلىكلەرنىڭ يېگى بولۇشى ئۈچۈن ـ دە.

## قەنتتەك گەپ قىلدىڭىز

سەلەي چاقچاقنىڭ بىر باي قوشنىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن چوڭقۇر كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۇقمىغاچقا ساراڭلارچە تولاپ قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپتۇ.

— بىر ئاز تەخىر قىلىڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۆل بويىدا چېپىپ يۈرۈپ، — مەن دەرھال ئۆيگە كىرىپ سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان بىلىدىغان خىزمەتكارلارنى چاقىرىپ چىقاي.

— سەلەي ئاخۇن، توختاپ تۇر، ھازىر كۈن قايسى ۋاخ

بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ كۆل ئىچىدە پالاقشىپ يۈرگەن باي.
— چۈش بولاي دېدى.
— ئۇنداقتا مەن يەنە ئازىراق چىداپ تۇراي، ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئىشتىنى چۈشكەندە ئاندىن چاقىر.
— قەنتتەك گەپ قىلدىڭىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، ھايال ئۆتمەي باينىڭ ئۆلۈشىنى بىلىپ، — دېگىنىڭىزدەك بولسۇن.

## كۆرەلمەيۋاتىمەن

ئوپالدىكى بىر باي مېھمان چاقىرىپتۇ. لېكىن، ئۇ ناھايىتى پىخسىق بولغانلىقتىن، داستىخانغا نازۇ نېمەتلەرنى بەكمۇ ئاز تىزىپتۇ. مېھمانلار ئانچە - مۇنچە قول ئۇزىتا - ئۇزاتمايلا داستىخان قورۇقدىلىپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچاق بايغا قاراپ:
— باي ئاتا، چىراغ بولسا ئېلىپ كەلسىڭىز، — دەپتۇ.
باي ھەيران بولغان ھالدا:
— كۈپكۈندۈزدە چىراغنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاقچاق دەرھال:
— كەچۈرۈڭ، داستىخاندىكى نەرسىلەرنى ھېچ كۆرەلمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ.

## تاق سان ۋە جۈپ سان

سەلەي چاقچاق بالىلىقىدا ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، موللام

ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
سەلەي ئاخۇن، تاق سان ۋە جۈپ ساننى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم.
— ئۇنداقتا، دەپ باقە، ئۇچاڭغا كىيگەن بىر ئىشتان تاق سانمۇ ياكى جۈپ سانمۇ؟
— نېمە دېسەم بولار، — دەپ كۈلۈپتۇ سەلەي چاققان، — ئۈستى تاق سان، ئاستى جۈپ سان.

## ئاندىن شام پۇلىنى تۆلەيمەن

سەلەي چاققان شەھەردىكى بىر سارايدا قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى غوجايىن ئۇنىڭغا:
— سەلەي ئاخۇن، بىر ئاخشامغا 40 سوم تۆلەيسىز، — دەپتۇ. سەلەي چاققان ھەيران بولۇپ:
— غوجايىن بىر ئاخشامغا 40 سوم ئالامسىلەر؟ بۇ ساراي بەك كىچىك، كارىۋاتلىرى تېخىمۇ كىچىك ئىكەن. ئۇخلىيالماي ئامالسىزلىقتىن سەندەلدە ئولتۇرۇپ، چاچ - ساقاللىرىمنى ئېلىپ، تاڭ ئاتقۇزدۇم، — دەپتۇ. ساراي غوجايىنى:
— بۇ ئىشىمۇ بار دەڭ! ئۇنداق بولسا يەنە بەش سوم پۇلنى شام ئۈچۈن قوشۇپ تۆلىسىڭىز بولغۇدەك، — دەپتۇ.
ئۇنداق بولسا ئېلىۋەتكەن چاچ ساقىلىمنى ئورنىغا كەلتۈرۈپ بېرىڭ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئاندىن شام پۇلىنى تۆلەيمەن.

## ئىككى قېتىملىق چاۋاك

بىر كۈنى ئىدارە باشلىقى نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ:

— مەن ئىلگىرى كۆپچىلىككە سۆز قىلغاندا، گېپىم توگىشى بىلەنلا ئىككى قېتىم چاۋاك چېلىنغانەك بولاتتى. ھەيران قالاتتىم، كېيىنچە ھەممىنى چۈشەندىم، — دەپتۇ.

— نېمىنى چۈشەندىلە؟ — سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— چالغان چاۋاكنىڭ مەنىسىنى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىزنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغانلارنىڭ چالغان چاۋىكى مۈگدەپ قالغانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم چاۋاك چېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— ۋاي شۇنداقمۇ؟

شۇنداق، ئىشەنمىسىلە قاراپ باقسىلا.

باشلىقنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ئالدى رەتتىكىلەر قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. ئارقىدىن يەنە بىر چاۋاك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران قالغان باشلىق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## يېيىش ئۈچۈنمۇ ياكى تانسا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟

سەلەي چاققان «ئەتىرگۈل» رېستورانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ياش بايۋەچچە كىرىپ قورۇما بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاققان بىر تەخسە توخۇ گۆش قورۇمىسىنى ئەكېلىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆز ئىشىغا مېڭىپ تۇرۇشىغا، مېھمان ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي مۇلازىم، بۇ قانداق بولغىنى؟ تەخسىدىكى توخۇنىڭ بىر پۇتى ئۇزۇن، بىر پۇتى قىسقا تۇرىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەي ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ، —

كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، سىز بۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن بۆيرۈتتىڭىزمۇ؟ ياكى تانسا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟

## ئايالىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن

سەلەي چاققان ئايالىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرگەنىكەن، قولۇم - قوشنىلىرى كەچتە قايتىپ چىققان سەلەي چاققاندىن:

— سەلەي ئاكا، شەھەر قانداق ئىكەن، نېمىنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھەر دېگەن ئاجايىپ چىرايلىق بولىدىكەن، ئادەملەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىقى، ئىللىق - پاكىزلىقى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. بىز سەھرالىقلار ئۇلاردىن ئوبدان ئۆگەنسەك بولغۇدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— شەھەردە نېمىنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە قوشنىسى.

— بىر ئاخشام ئايال بىلەن سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «باللىت» دەيدىغان ئويۇنغا كىردۇق. ئويۇن باشلانمايلا ئايالىم ئۇخلاپ قالدى، پەردە ئېچىلغاندا 20 ~ 30 دەك قىز - يىگىت سەھنىگە چىقىپ، ئايالىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇسسۇلنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئويناپ سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىۋالسۇن دەپ

سەلەي چاققان ئۇپال بازىرىدىن سېتىۋالغان توخۇنى كۆتۈرۈپ كۆۋرۈك بويىدىكى مەنمەنچى باينىڭ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، باي بوغۇق ئاۋازدا:

— سەلەي ئاخۇن، مېكىيانلىرىنى قەيەرگە ئويناتقىلى ئېلىپ ماڭدىلا؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. سەلەي چاققان:

— باي ئاكا، خاتا كۆرۈپ قاپلا، بۇ مېكىيان ئەمەس،خوراز.

بۈگۈن بازار كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ مېكىيانلىرى بىلەن ئويناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ بۇ مەھەللىگە ئېلىپ كېلىشىم، — دەپتۇ.

باي بۇ ئىزا - ئاھانەتتىن كېكەچلەپ:

— ۋاي كىسىپۇرۇچ، — دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

## قالغىنىنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا...

سەلەي چاققان شەھەردە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە كېسەل بولۇپ قېلىپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭدىن كېسەللىك جەريانىنى سورىغانىكەن، ئۇ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ دوختۇر بىمارلارغا ساختا دورا بېرىپ، جان باقىدىغان ئاچ كۆز ئىكەن. ئۇ سەلەي چاققاننىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆپرەك پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە:

— يەنە قەيېرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — دەپ قايتا - قايتا سوراپتۇ.

— بولدى قىلىڭ! — دەپتۇ سەلەي چاققان دوختۇردىن بىزار بولۇپ، — قالغىنىنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەبرائىلغا سۆزلەپ بېرىمەن.

## يۇتۇق تالغان يەرگىچە بار

سەلەي چاققان تۇرپانغا بارغان دەسلەپكى كۈنلەرنىڭ

بىرىدە، شەھەر كوچىسىغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جامائەت ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بىراق، بىر ھۇرۇن ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەلەي ئاكا، سىز شۇنداق ئۇزاق يەردىن مېڭىپ كەپسىز، مەن سىزنى دوراپ ماڭسام قەيەرگىچە بارىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نەگە باراتتىڭ، — دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ، — ئىككى يېنىڭدا توخسۇن، پىچان بار، ھەرىكەت قىلساڭ ئوڭشىلىپ قالارسەن، پۇتۇڭ تالغان يەرگىچە بار.

## تاغار ۋە چىپتا

سەلەي چاققان ئۇيالدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىكەن. ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپتۇ. ئاتا - بالا پاراڭلىشىۋاتقانىكەن، ئۇنى كۆرگەن ئىنىسىنىڭ ئوغلى:

— كەپقاپسەنغۇ تاغا، مۇھىم ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. تاغا بىلەن تاغار ئاھاڭداش سۆز ئىكەن، — قىزىق ئىكەنسەن ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — قىزىقچىلىق قىلىپ، — «تاغا» دەپ ئېيتقىچە، «چىپتا» دېمىدىڭ تايىنلىق.

ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## قايتا ئۇمىد يوقتە!

سەلەي چاققان ئوردا ئالدىدا كېتىپ بارغانىكەن، قازىلىق مەنسىپىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىرسى ئۇنى كۆرۈپ:

— ھە سەلەي ئاخۇن، بۇرۇن ئۇردىدىن كېتەلمەيتتىڭ، ھازىر راۋاب چېلىپ، قوشاق ئېيتىدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ؟! — دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ، — پارىنى خېلى كۆپ ئېلىپ قويىنۇم توشۇپ قالدى. قازىلىق مەنسىپىگە قايتا ئولتۇرۇشقا ئۇمىد يوقتە!

## لەت قىلغىلى ماڭدىم

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدە ئوغرى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بىركۈنى سەلەي چاقچاقان بازارغا ئالدىراپ كېتىپ بارسا يول ئۈستىدە قولى ئەگرى قوشنىسى ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ، — ۋاي سەلەي ئاكا، قاق سەھەردە مۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. سەلەي چاقچاقان جاۋاب بېرىپ:

— سىزدەك ئالدىراپ كەتكىنىم يوق، مەن تاڭ ئاتقاندا ماڭدىم، سىز كېچىسى ماڭىسىز، چۈشەنمەسلىك بولۇپ قالمىسۇن، مەن سىزنىڭ يالغانچى شېرىكىڭىزنى لەت قىلغىلى ماڭدىم.

## « ۋەزىپەم » تۈگىمىدى

سەلەي چاقچاقان سەھرادا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېقىن ئاغىنىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەچ كىرگۈچە تاماشا قىپتۇ. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇرادىرى:

— ۋاي ئاداش، كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ. بۇلاقسۇغا بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، كېچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگۈچە كەتمەيلىمۇ؟ — دەپتۇ.

— كېتىمىز.

— ھەممە ۋەزىپە تۈگىگەندۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ بۇرادىرى.

— ئۆزۈم ۋە بالىلىرىمنىڭ سودا - سېتىق ئىشى تۈگىدى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — لېكىن، بىزنىڭ ھېلىقى پاششاپ بېگىمگە ئالىدىغان «ۋەزىپەم» تۈگىمىدى.

## يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ ئىشى

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ئورمان بەلبېغىدا تۇرغانىكەن. ئۇنى كۆرگەن پونكىت باشلىقى:

— ھە سەلەي ئاخۇن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ قويغان كۆچەتلىرىڭ تۇتۇپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇتۇپتۇ، لېكىن زايە بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

باشلىق سۇندۇرۇۋېتىلگەن بىر نەچچە تۈپ كۆچەتنى كۆرۈپ، سەلەي چاقچاقتىن قايتا سوراپتۇ:

— بۇ قانداق ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟

— قانداق ئادەمنىڭ ئىشى بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — كۆچەت قويۇشنىلا سۆزلەپ، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيدىغان، ھاشانى تولا سېلىپ دەل - دەرەخكە ئارام بەرمەيدىغان، يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ ئىشى.

## شۇڭا ئىچمەيمەن

سەلەي چاقچاقنىڭ ئىككى ساقچى ئاغىنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار سەلەي چاقچاقنىمۇ چاقىرىپ سوۋغات قىلغان ھاراق بىلەن ئولتۇرۇش قىپتۇ. سەلەي چاقچاق سورۇندىكى گۆش -

كاۋاپلارنى ئىشتىها بىلەن يەپ ـ يەۋېلىپ ھاراق ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان پىيەنچۇك ساقچى:
— ھە، سەلەي ئاكا، نېمە ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش مەي ئىچمەيلا؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— نېمىدىن قورقىلا؟ — قايتا سوراپتۇ ھاراقكەش ساقچى.
— مەن ئۆيۈمدە بىرەر ـ ئىككى كىلو گۆش يېسەممۇ مەست بولمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىراق، ھارامدىن كەلگەن ھاراقتىن ئازراق ئىچتىممۇ مەست بولۇپ قالىدىغان كېسىلىم بار، شۇڭا ئىچمەيمەن.

# خىيالىم پۇلدا بولغاچ

سەلەي چاقچاق قومۇلغا بېرىپ ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە شەھەردىكى بىر كاتتا باي چېچىنى چۈشۈرگىلى كىرىپتۇ.
سەلەي چاقچاق بۇ باينىڭ ئىنتايىن ساختىپەز، قىزىل كۆزلۈكىنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ، چاچنى ئېلىۋېتىپ باينىڭ بېشىنى كېسىپ ساپتۇ. باي مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە سەلەي چاقچاقنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ. سەلەي چاقچاق مەھكىمىگە چاقىرتىلىپتۇ، قومۇل ۋاڭى ئۇنى سوراق قىلىپ:
— سەلەي ئاخۇن، سىز شۇنچە ئۇزاق يەردىن كېلىپ يۈرتىمىزنىڭ كاتتا ئاقساقىلىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپسىز، جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنسا قانچە پۇل تۆلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ.

— ۋاڭ بېگىم، پۈتۈن خىيالىم بۇ ئاقساقالنىڭ ماڭا نەچچە تەڭگە پۇل بېرىشىدە بولۇپ كېتىپ كېسىپ ساپتىمەن. جاۋابكارلىقنى خىيالىمنى بۆلۈۋەتكەن ھېلىقى پۇلغا ئارتساق قانداق؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## باشنىڭ رولى

بىر يىلى قۇربان ھېيتتا، ئوپالنىڭ بېگى باشقا يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. سەلەي چاقچاقان ئوپال خەلقىنىڭ دەردۇ - ھالىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىجازەت ئالمايلا بەگنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشتىن نارازى بولغان بەگ:
— ھەي، سەلەي ئاخۇن! بەگنىڭ خانىسىغا كىرگەندە كاللا ئىشلىتىش لازىم، بولمىسا كاللىنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان مەنىلىك كۈلۈپ، — نېمە كېرىكى بولاتتى؟ تۇماق كىيگىلى بولىدۇ. مانا ئىككىمىزنىڭ كاللىسىدا تۇماق بار ئەمەسمۇ؟

## ئوبدان بولامتى؟

نەغمە - ناۋا قىزىغان بىر توپىدا ئوپالنىڭ بېگى سەلەي چاقچاقاننى كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا راۋابىنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ غۇرۇرىدە ئاچچىقى كېلىپ:
— سەلەي ئاخۇن، — دەپ توۋلاپتۇ، — سىز دانىشمەن ئادەم، يەنە نېمە ئۈچۈن ياش باللارغا ئوخشاش راۋاب چېلىپ، بۇرۇت قويۇپ ئۆزىڭىزنى ياساپ يۈرىسىز. بۇ قىلىقىڭىز ئوبدان بولماپتۇ، — دەپتۇ.
— بېگىم «ياشلىقىم — پادىشاھلىقىم» دېگەن گەپ بار،

— دەپتۇ سەلەي چاققان، — ياش باللارغا ئوخشاش پاكىز، رەتلىك يۇرۇش ئەدەپتۇر. بۇ كۆڭۈلنىڭ قىرىمغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەگ غوجاملارغا ئوخشاش قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆي ياسىسام ئوبدان بولامتى؟

## «بەك»

سەلەي چاققاننىڭ ئايالى ناھايىتى مېھرىبان ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ تاماق ۋاقتىدا يېقىنچىلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، شورپىنىڭ گۆشى تەملىك بوپتىمۇ؟

— ناچار ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان تازا ئىرەن قىلماي.

— سەۋزە، چامغۇرى ياخشى پىشىپتىمۇ؟

— بولغۇدەك.

— پىيازچۇ؟

— ئادەتتىكىدەك.

— بەكنى قوشۇپ دېيەلمەمسىز؟ — دەپتۇ ئايالى خاپا بولغان ھالدا ئېرىگە شورپىنى سۇنۇۋېتىپ.

سەلەي چاققان شورپىنى بىر ئوتلاپتۇ - دە ۋارقىراپتۇ:

— بەك، بەك قىزىق ئىكەن.

## يۇرتقا نەزىر بېرىۋېتىڭ

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر باي ئادەم كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، سىزنى يەنە كېسەل كۆرەلەيدىكەن دەپ ئاڭلاپ كېلىشىم. ئۆزاقتىن بۇيان مەن ئۆزۈمنى «توخۇ» دەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ نېمىدىن بولىدۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ بېخىل باي.

— بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق، — سەل ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ قاپتىمۇ - قانداق؟

— ۋاقتىدا كەلمەكچىدىم، بىراق، ئايالىم بىزگە تۇخۇم كېرەك، دەپ ماڭدۇرمىدى، — دەپتۇ باي.

— ئامال يوق. — دەپتۇ سەلەي چاقچاق پىخسىق باينىڭ ئالاقىزادە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، — تېزرەك ئۆيگە بېرىپ توخۇدىن توققۇزنى ئۆلتۈرۈپ يۇرتقا نەزىر بېرىۋېتىڭ.

## ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىم؟

سەلەي چاقچاق ھېيتگاھ مەسچىتىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىر بايۋەچچە بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. بۇ بايۋەچچىنىڭ پۇل، مېلى كۆپ بولسىمۇ، ئىلمى يوق ئىكەن. لېكىن، دائىم ئۆزىنى نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسى دەپ ماختاپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ:

— سەلەي ئاخۇن دەپ باقە، بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئەڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلشىر نەۋايى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۇ ئۇنچىۋالا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمىگەنغۇ؟

— ياق، بايۋەچچە، بىز ئوقۇپ ئۆگىنىۋاتقان، قولىمىزدىكى بۇ قېلىن كىتابلارنى ئەلشىر نەۋايى يازغان، ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، نەۋايىنىڭ ئۆمرى كىتابى ۋە بىزگە قالدۇرغان ئىلىم - ھېكمىتى بىلەن ئۇزۇن — دە!

## سەۋەب دېگەن شۇ

سەلەي چاقچاق تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشمىلىق[1] تىكى بىر باي كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن بىر سەۋەب قىلىڭ، يېقىندىن بۇيان كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

— باي ئاكا، ئۆتكەن قېتىم مەن سىزگە «ئۇخلىيالمىسىڭىز سان ساناپ يېتىڭ» دېگەنىدىمغۇ، سىز شۇنداق قىلىپ باقتىڭىزمۇ ـ قانداق؟

— ۋاي، شۇنداق قىلدىم ئۇكام، مەن بىردىن تارتىپ تاكى يەتتە تۈمەن، 777 گىچە سانىدىم.

— ئاندىنچۇ؟ ئۇخلاپ قاپسىزمۇ؟

— ۋاي، ياق، — دەپتۇ باي، ساناپ بولۇپ قارىسام تاڭ ئېتىپتۇ.

— ھەببەللى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سەۋەب دېگەن شۇ.

## ئەلۋەتتە كىرىدۇ

سەلەي چاقچاق يەكەندە ساماۋرخانىغا كىرىپتۇ. بىر توپ كىشىلەر دېھقان توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانىكەن، شەھەرلىك بىر بايۋەچچە سەلەي چاقچاقنى مەسخىرە قىلىپ:

— سەلەي ئاخۇنكا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى راست، ئەمما دېھقانلارنىڭ ئات ـ ئېشەكلىرى ئۆلۈپ قالسا، ئۇلارمۇ دوزاخ ـ جەننەتكە كىرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

---

[1] تاشمىلىق — كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇرتنىڭ نامى.

سەلەي چاقچاقان قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەلۋەتتە كىرىدۇ. ئەگەر كىرمىسە بايۋەچچىلەر مەيدە ئۆلتۈرۈپ، ئاش تېرىپ جاپا چەككەن دېھقانلار جەننەتتە پىيادە قالامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## باج تۆلەش

سەلەي چاقچاق ئاشلىق بازىرىدىن بىر تاغار گۆرۈچنى سېتىۋېلىپ يۈدۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا باجگىر كېلىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، ئاۋۋال باج تاپشۇرۇڭ، بولمىسا گۆرۈچنى ساتقۇزمايمىز، — دەپتۇ.

— باجگىر ئۇكام، بۈگۈن بۇ گۆرۈچنى ساتمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يەتتە ئايلىق بولغان بالام بار ئىدى، شۇ بالامنىڭ ئات قويۇش تويىغا ئىشلەتمەكچىمەن.

— تۇغۇلمىغان بالىغا قانداق ئات قويغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باجگىر.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ساتمايدىغان گۆرۈچكە قانداق باج تۆلىگىلى بولسۇن؟!

## ئۆلارمۇ كەلسۇن

سەلەي چاقچاقان بىر پېخسىق باي ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ. 4 ~ 5 كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ كەتمەپتۇ. سەلەي چاقچاقاننىڭ كېتىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى پەملىگەن

باي تەخىرسىزلەنگەن ھالدا:

— سەلەي ئاخۇن، كەلگىنىڭىزگە بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى، ئايالىڭىز ۋە بالىچاقىلىرىڭىزنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دېگىنىڭىز توغرا، بەكمۇ سېغىندىم، بۈگۈن مەن ئۇلارغا خەت يازاي، كەچ كىرگۈچە ئۇلارمۇ كەلسۇن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق خۇشال بولۇپ.

## قولىقى يۇمشاق ئەر

بىر يولۇچى سەلەي چاقچاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ كەتكەن چىرايلىق قىز بالىنى يۆلەپ قويۇپتۇ ـ دە، ھاسىراپ تۇرۇپ سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— ئۇ يېنىڭىزدا يىقىلىپ چۈشسە نېمىشقا يۆلەپ قويمايسىز؟

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنى يۆلەپ قويالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئايالىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مەن يېنىمدا يوق چاغدا ھەر قانداق ئايالغا قولىڭىز تېگىپ قالسا «نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنىدى.

## باجگىرمىكىن دەپتىمەن

سەلەي چاقچاق بۇلاقسۇ بازىرىدا باققاللىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ناتونۇش بىرى ئۇنىڭغا:

— ماۋۇ سومكا يېنىڭىزدا تۇرۇپ تۇرسۇن، قايتاشىمدا ئېلىۋالارمەن، — دەپتۇ ـ دە، بىر تىيىنمۇ بەرمەي كېتىپ

قاپتۇ. بىر قانچە كۈنگىچە ناتونۇش ئادەم كەلمەپتۇ.

سەلەي چاقچاقان ھەپتە بولغاندا سومكىغا لىق شاپتۇل قاچىلاپ، ھېلىقى كىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. بىراق، سومكىنى قويغان كىشى كەلمەي ئۇنىڭ ئىنىسى كەپتۇ. سەلەي چاقچاقان سومكىنى تەڭلەپتۇ.

— ياق، مەن شاپتۇل ئالمايتىم، ئاكامنىڭ سىزگە ساقلىغىلى بەرگەن سومكىسىنى ئالغىلى كەلگەنىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— مەن سىزنىڭ ئاكىڭىزنى باجگىرمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان جاۋابەن، — شۇڭا سومكىغا بېغىمىزنىڭ شاپتۇلىدىن قاچىلاپ قويغان.

## شورپا

يەكەن دەرياسى بويىدىكى بىر پىخسىق باي ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى نىيەت قىلىپ سەلەي چاقچاقاننى مېھمانغا چاقىرىپ داستىخان سالپتۇ. سالام ـ سائەت، گەپ تولا، غىزا ـ تائام ئاز ئىكەن، باي ئۆزىنىڭ مېھماندوستلىقىدىن ماختىنىپ:

— سەلەي ئاخۇن، سىز قەشقەردىن كەلدىڭىز، سىزنىڭچە قولىڭىزدىكى شورپىنىڭ تەمى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر بۇنى شورپا دېيىشكە توغرا كەلسە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بىز شورپا ئىچىدە ئىككى ھەپتە قولۋاق ھەيدەيتتۇق، سىز بىلىدىغان زەرەپشان دەرياسىمۇ قېپقالاتتى.

## تەسىرات

ئوما مەزگىلىدە ئۇزاق ۋەز ئېيتىپ گېپىنى ئاياغلاشتۇرغان چالا موللام جىلىچىلىكتە ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان سەلەي

چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، بۈگۈنكى زىكىر - سۆھبەت قىلىشىمىز قانداقراق بولدى؟ سىزنىڭ تەسىراتىڭىز قانداق؟

— زىكىرىڭىز «يېقىملىق» ناخشىدەك قالتىس بولدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىر جۈملە سۆز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى.

— ھە، مەسىلەن، قايسى جۈملە؟ — سوراپتۇ موللام.

— «مېنىڭ نەسىھەت قىلىشىم تۈگىدى، ۋاللاھۇ ئەلەم» دېگەن جۈملە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## قوي

سەلەي چاققاننىڭ ناھايىتى زېرەك بىر ئوغلى بار ئىكەن، بىر كۈنى بالىسى تاماق ئالدىدا ئويۇنچۇق ئويناۋاتسا:

— قوي!؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ سەلەي چاققان.

— بۇ قوي ئەمەس دادا، — دەپتۇ سەلەي چاققاننىڭ بالىسى، — ئويناۋاتقىنىم ئويۇنچۇق.

## سەلەي چاققان نوچى

سەلەي چاققان ئوردىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە يامۇلدىكى چاۋۇشلار راۋاقتىن پەسكە قارىشىپ، شەھەردىن ئەخلەت توشۇۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ مازاق قىلىشىپ كۈلۈشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاۋۇش:

— قانداق قىلساق ئاۋۇلار «بىز» نى «نوچى» دەپ تونۇلايدۇ، — دەپتۇ.

— تەڭگە پۇل چاچساق.

— ياق، تىللا چاچساق.

ئەمما ھېچكىم بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. ئۇلارنىڭ غوۋغاسىنى ئاڭلاپ تۇرغان سەلەي چاقچاق:

— ئەمىرلىرىم، بولدى تالاشماڭلار، مۇشۇ تاپتا پېقىر ھەر قايسىڭلارنى بۇ ئېگىز راۋاقتىن تۆۋەنگە ئىتتىرىۋەتسەم، ئاشۇ پۇقرالار خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي «سەلەي چاقچاق نوچى!» دەپ تووۋلايدۇ، — دەپتۇ.

## ئۆي پۇلى ئېلىش

يېرىم كېچىدە كارىۋات ئاستىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن ئايالى سەلەي چاقچاقنى ئويغىتىپ:

— ھوي دادىسى، ئۆيگە ئوغرى كىرگەندەك قىلىدۇ، ئۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا، بىزنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىمىزنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالدىمۇ، نېمە؟ ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى ھەرگىز ئويغىتىۋەتمەيلى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئاستا پىچىرلاپ، — بىزمۇ ئۇخلاۋېرەيلى، تاڭ ئاتقاندا بىز ئۇنىڭدىن ئۆي پۇلىنى ئېلىۋالساقلا بولمىدىمۇ؟

## ئەمدى بىلدىم

سەلەي چاقچاق تۇرپانغا بارغاندا موللا زەيدىن بىلەن ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسە بىر كىلوگىرام ئېغىر كەپتۇ. موللا زەيدىن بۇنىڭغا تەن بەرمەي باشقىدىن ئۆلچەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. سەلەي چاقچاق ماقۇل بولۇپ گىر ئۈستىگە قايتا چىققاندا موللا زەيدىن بىردىنلا:

— ئەمدى بىلدىم، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— نېمىنى؟ ! — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق.
— سەن ئەسلىدە ئىككى قولۇڭنى يانچۇقۇڭغا سېلىۋالغانىكەنسەن، — دەپتۇ موللا زەيدىن.
— ھە... مەنمۇ ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ھەييارلىق قىلىپ.

## لايىق ئىزدىدىم

سەلەي چاقچاق ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە بارغانلىكى يەردە باھانە كۆرسىتىپ نەپ ئۈندۈرۈۋېلىشنى ئويلايدىغان ئاچ كۆز ھاكىم:
— سەلەي ئاخۇن لايىق بەك مۇھىم، ئەتە ئىشقا كېلىشتىن بۇرۇن، خوتۇنۇڭ تۇغمىلىرىڭنى تولۇق قاداپ بەرسۇن، — دەپ كايىپتۇ.
بىر تال تۇغمىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا شۇنچىلا رەنجىتكەن ھاكىمدىن سەلەي چاقچاقنىڭ كۆڭلى قېلىپ بىر نەچچە كۈن ئىشقا بارماپتۇ. ھاكىم كوچىدا سەلەي چاقچاقنى ئۇچرىتىپ:
— سەلەي ئاخۇن، نەچچە كۈن بولدى ئىشقا كەلمىدىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— كەچۈرسىز ھاكىم، نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈمگە لايىق ئىزدىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق تەنە قىلىپ.

## تىلەمچىنىڭ سوئالى

سەلەي چاقچاقنىڭ سەدىقىسىگە دائىم ئېرىشىپ تۇرىدىغان بىر تىلەمچى سەلەي چاقچاقتىن:
— سەلەي ئاخۇن، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى. ئىككى يىل ئىلگىرى ماڭا ئون تەڭگە بېرەتتىڭىز. ئۆتكەن

يىلى بەش تەڭگە بەردىڭىز. ھازىر بولسا بىر تەڭگە بېرىۋاتىسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى يىل ئىلگىرى مەن بويتاق ئىدىم كۆپرەك بەرگەن، ئۆتكەن يىلى توي قىلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىپ تېپىپ يەرسەن.

## زەن سالمىسام

يولدا بىر نەچچە چوكان ئۇچراپتۇ. سەلەي چاقچاقانغا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان خوتۇنى بىلەن بازارغا بارغۇچە يۇقىرىقى ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى:

— سىز نېمىشقا خەقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىغا زەن سالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— زەن سالمىسام سېنىڭ ئۇلاردىن چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى قانداق بىلىمەن؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئەتىۋارلىق ئادەم بولمامدىمەن؟

ئاپاق غوجا خانىقاسى ئالدىدا بىر توپ تامچى ئۇستاملار تۇرۇشقانىكەن. بىر ئىشان ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ھە، ئۇستاملار، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشنى خالامسىلەر ياكى دوزاخقىمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىشنى خالايمىز، — دەپتۇ جامائەت. ئارىدا تۇرغان سەلەي چاقچاقان ئېرىنىپ، گەپ قىلماي سۈكۈتتە تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىشان:

— ھە، سەلەي ئاخۇن، گەپ قىلماي جىم تۇرغىنىڭىزدىن

قارىغاندا سىز دوزاختىقا كىرىشنى خالايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— تەقسىر، مەنمۇ جەننەتكە كىرىشنى خالايتتىم، بىراق، ئۇلار ھەممىسى جەننەتكە كىرسە، دوزاختا ئادەم قالمايدۇ. ئەگەر دوزاختا مەن بىرلا تامچى بولسام، ناھايىتى ئەتىۋارلىق ئادەم بولمامدىمەن؟ — دەپتۇ.



## ئانا يوق دېيەرلىك

سەلەي چاقىقان كىچىك ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كېتىدىغان ئادەملەر ئۆكسىمەيدىكەن. بىر كۈنى بىر مېھمان سەلەي چاقىقاندىن:

— ئاپىڭىز ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — بىزنىڭ مەھەللىدە ئانا يوق دېيەرلىك.

— ئۇنداقتا، ئاتىڭىزچۇ؟

— ئاتامۇ سىزگە ئوخشاش، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — ئادەم ئىزدەپ كېتىپ قالدى.

# توڭلاپ ئۆلسۇن

بىر كۈنى بىر پىخسىق باي سەلەي چاققاننى ئۆيگە چاقىرتىپتۇ. مېھمان چاقىرىش بۇ يىللاردا باي ئۈچۈن تۈنجى ئىش ئىكەن. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. باي داستىخانغا قەنت - گېزەك تىزىۋاتقاندا، بىر چىۋىن تاۋاقتىكى قېتىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ئاپلا، قېتىققا چىۋىن چۈشۈپ كەتتى، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ باي گاڭگىراپ.

— «بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس» — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بوپتۇ، توڭلاپ ئۆلسۇن.

# ئۆزلىرىنى تونۇغاچ...

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر تويغا بارغانىكەن، بىر ياسانچۇق چوكان ئۆزىنىڭ شەھەردە چۈشكەن سۈرىتىنى داملىتىپ سوراپتۇ.

— قاراڭا، سەلەي ئاكا، بۇ رەسىم كىمگە ئوخشايدۇ؟

— بۇ رەسىم بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان چاقچاق قىلىپ.

— كۆزىڭىز ئادەم تونۇمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ رەسىم سىزنىڭ، — دەپتۇ چوكان رەنجىگەن ھالدا.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۆزلىرىنى تونۇغاچ راست گەپنى دېدىم.

## توختاپ قالغان ياش

ئوپالنىڭ چوڭ بېگى قاتناشقان بىر توي مەرىكىسىدە ياش سورۇشتىسى بولۇپ قاپتۇ.

— بەگ ئاكا، بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەنلا؟ — دەپ سوراپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

— بۇ يىل دەل ئاتمىشقا كىردىم، — دەپ ياش يوشۇرۇپتۇ بەگ.

باشقىلار بۇ گەپكە چىنپۇتمەي، بەگنىڭ قوشنىسى بولغان سەلەي چاقچاقنىغا قاراپتۇ.

— بەگ ئاتام راست ئېيتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — قوشنام ئاتمىش ياشقا كىرىپ توختاپ قالغىلى توپتوغرا بەش يىل بولدى.

## توڭۇپ كېتىپتۇ

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەلەي چاقچاق بىر سەيپۇڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇلار تامچىلىق قىلىۋاتقانىكەن. سەيپۇڭ ئۇستام زەمبىلنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇۋالغان شاگىرتىغا كايىپ:

— ھوي ئۇكام، نېمە ئولتۇرىسەن، ھېرىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ دەپ تەنە قىپتۇ.

گەپنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالغان سەلەي چاقچاق شاگىرت بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ دەپتۇ:

— ئۇستام، شاگىرتىڭىز ھېرىپ قالماپتۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىمەن، دەپ قولى توڭۇپ كېتىپتۇ.

## بەڭگىنىڭ ئۆيى

سەلەي چاقچاقان يول ئۈستىدە ئۇسساپ كېتىپ، مەسچىت يېنىدىكى بىر بەڭگىنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، نېمە بولدى ساڭا؟ ئىشىكنى ئالدىراپلا چېكىپ قالدىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بەڭگە.

— بولسا بىر چىنە سۇ بەرسىڭىز؟

بەڭگە سەلەي چاقچاقانغا ئەمدىلا دەملەنگەن قەنت چاي ئاچىقىپ بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاقان بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ:

— مەھەللىدىكى جامائەت سىزنى «پىخسىق» دەيتتى، قارىغاندا سىز خېلى سېخىي ئىكەنسىز جۇمۇ! — دەپتۇ.

بېخىل بەڭگە ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ:

— ئەگەر پىيالىدىكى چايغا چىۋىن چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا چاي تۈگۈل بىر پىيالە سوغۇق سۇمۇ بەرمەيتتىم، بىلەمسەن، بۇ دېگەن كىمنىڭ ئۆيى؟ — دەپتۇ.

— بىلىمەن، بىلىمەن، بۇ بەڭگىنىڭ ئۆيى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان چاينى تۆكۈۋېتىپ.

## تامنىڭمۇ قۇلىقى بار

سەلەي چاقچاقان بىر قېتىملىق غىزادىن كېيىن ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— دادا، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، دېگەن زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— تامنىڭ ئارقىسىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان ئادەم بار دېگەنلىك.

— ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان «ئادەم» ئەسكى ئادەممۇ؟
— ئەلۋەتتە ئەسكى ئادەم.
— ئانام دائىم، سىز بىلەن موماممنىڭ قىلىشقان گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ، ئۇنداقتا ئانامىمۇ ئەسكى ئادەممۇ؟
— بۇ ئۇنىڭ سىرتىدا، — دەپتۇ سەلەي چاقماقان ئوغلىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ قويۇپ.

## بابلاش

سەلەي چاقماقان ئۇپال بىلەن توققۇزاق ئارىلىقىدا كىراكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇپالدىكى بىر بەگنىڭ خوتۇنى سەلەي چاقماقاننىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، توققۇزاققا كەپتۇ.
— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق، كىرا ھەققىگە ئالتە تەڭگە بېرىڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقماقان.
— نېمە، نېمە، بىز بىر ئادەم ئۈچ تەڭگە دېيىشكەندۇققۇ، — دەپتۇ بەگنىڭ خوتۇنى.
— شۇنداق دېيىشكەن، ئەمما، بايا سىز ماڭا «ئاستا ھەيدەڭ، قورسىقىمدا بالام بار» دېگەن ئەمەسمۇ؟
— ھە...

## بىر ئاش پىشىمچە تۇرسا...

سەلەي چاقماقان ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ياساۋۇللار بېگى سەلەي چاقماقانغا ئەمىر قىپتۇ:
— سەلەي ئاخۇن، ئۇپالغا بېرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە قىشلاقلارنى ئارىلاپ قاۋاشلىق، سەزگۈر بىر ئىت تېپىپ كېلىڭ!

سەلەي چاقچاقان ئەكسىچە ناھايىتى ياۋاش بىر ئىت ئەكەپتۇ.

— ئەخمەق ئادەمكەنسىز، — دەپتۇ ياساۋۇللار بېگى، — سىزگە تازا قاۋايدىغان ئىت تېپىپ كېلىڭ دېسەم، نەدىكى بىر ئۆلەرمەن ئىتنى تېپىپ كەلگىنىڭىز نېمىسى؟

— بېگىم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا! — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بۇ ئىت يانلىرىدا بىر ئاش پىشىمچە تۇرسا، سىز ئويلىغاندىنمۇ ئالغۇر، يامان بولۇپ كېتىدۇ.

## قوغۇن ئېلىپ بېرەيمۇ؟

سەلەي چاقچاقان قىشنىڭ تازا سوغۇق بىر كۈنى، بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، پەيزىۋاتقا بېرىپتۇ. ئۇلار كوچا ـ كويىنى ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا، بالىسى:

— دادا، بەك توڭلاپ كەتتىم، — دەپ يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن تىت ـ تىت بولغان سەلەي چاقچاقان:

— بالام چىدىغىن، پەيزىۋات دېگەن مۇشۇ، توڭلىغان بولساڭ قوغۇن ئېلىپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

## ئوت يېسە ئۆلۈپ كېتىدۇ

سەلەي چاقچاقان تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆيىدە بىر نەچچە قوي بېقىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تالادىن ئالدىراش كىرىپ ئوغلىدىن:

— بالام، مەن قارىيالمىدىم، قوي ئوت يېدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادا، نېمانداق گەپ قىلىسەن، — دەپتۇ بالىسى، — قوي ئوت يېسە ئاشقازىنى كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتمەمدۇ؟

ئاتا ـ بالا قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئارىلاشتۇرۇپ ياغلاڭ

قەشقەرنىڭ شەھەر سېپىلى ياسىلىۋاتقان يىللاردا بىر ھاشارچى يىگىت سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، كىشىلەر سىزنى چېچەن دەيدىكەن، ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەتسىلە، قانداق قىلسام سېپىل سوقۇش ھاشارىدىن قۇتۇلىمەن؟

— ئامبالنىڭ گېلىنى ياغلاڭ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، — دەپتۇ ھاشارچى يىگىت، — ئۇلارنىڭ گېلىنى قانداق ياغلايمەن؟

— ياغلىماق بەك ئاسان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — كىرسىن بىلەن زىغىر يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق پاختا بىلەن ياغلاڭ.

## چوڭ بولغاندا

ئوردىنىڭ ياساۋۇللار بېگى ناھايىتى زالىم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئەركە ـ نايناق ئوغلىنى جامائەت ئالدىدا ماختاپ:

— مېنىڭ بالام كىچىك تۇرۇپ بەك ئەقىللىك، چوڭ بولغاندا قانداقراق ئادەم بولاركىن؟ — دەپتۇ.

جامائەت ئارىسىدا تۇرغان سەلەي چاقچاقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قانداق ئادەم بولاتتى؟ چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنى دورىسا بويىنى يۇمشاق، پوقرانى شىلىپ يەيدىغان تەمەخور بولىدۇ، ئانىسىنى دورىسا كۆزى كىچىك، نەپسى يوغان بالاخور بولىدۇ، — دەپتۇ.

## ئەتە ئاغرىپ قالىمەن

سەلەي چاقچاق ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە دوتەيىنىڭ شەخسىي دوختۇرىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا:
— دوختۇر، مەن ئەتە ئاغرىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ئىككى قۇر ئارام ئېلىش ئىجازەتنامىسى يېزىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.
— قىزىق ئىكەنسىز سەلەي ئاكا، ئەتە ئاغرىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ دوختۇر.
— دوتەي پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ قۇمۇش ئورۇغىلى سوخوغا[1] چىقىدىكەنمىز، شۇنىڭدىن بىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

## يۈگۈرۈش ئۇنۇمى

سەلەي چاقچاق بىر قېتىم ئىسپورتچى بولۇپ، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپتۇ. ئاچا يول دوقمۇشىغا كەلگەندە باشقىلاردىن كېيىن قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ ـ دە، ئۈچ ئايلىنىدىغان مۇساپىنى بىرلا ئايلىنىپ ئاخىرقى نىشانغا بېرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى ھەيران بولۇپ:
— سەلەي ئاخۇن، بۇ قانداق قىلغىنىڭىز؟ ئۈچ قېتىم ئايلىنىدىغان مۇساپىنى بىر ئايلاندىڭىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەي ئاكا، شۇنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن ـ دە، بۇ مېنىڭ يۈگۈرۈش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرگەنلىكىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

---

[1] سوخو — (ساۋخۇنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى) قەشقەر يېڭىشەھەردىكى جاي ئىسمى.

## ئۆيۈمگە كەتكىنىم تۈزۈك

سەلەي چاققان مەھكىمە شەرئىيدە پۈتۈكچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئىشنى ئادىل قىلغاچقا، كۈندىن - كۈنگە ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇ. بۇنىڭغا ھەسەتى كەلگەن قازى بىر كۈنى سەلەي چاققاننى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئىشتىن بوشاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. سەلەي چاققان خاپا بولماي، خوشلىشىپ ئىشىككە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان قازى:

— سەلەي ئاخۇن. سېنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن تۇرسام خاپا بولماقتا يوق، بىز بىلەن خوشلىشىۋاتىسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىزگە ئەقىل ئۆگىتىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆيۈمگە كەتكىنىم تۈزۈك، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

## تونۇرنى ئەۋەتىپ بەرسۇن

ئوپالنىڭ يۈز بېشى ئۆز چاكىرى ئارقىلىق سەلەي چاققانغا تونۇر قىزىتىش ئۈچۈن ئىككى ھارۋا جىگدە ئوتۇنىنى ئەۋەتىپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. لېكىن، سەلەي چاققان بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋېرىپتۇ. ئاخىر يەنە بىر چاكار كېلىپ:

— ھەي، سەلەي ئاخۇن يۈز بېشى قاراپ قالدى، ئوتۇننى قاچان ئاپىرىپ بېرىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. جۇدۇنى تۇتقان سەلەي چاققان ھېچ بىر ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا:

— باي ئاكاڭغا دەپ قوي! باغلىرىمىزنىڭ چىت -

ئوتۇنلىرى توشۇلۇپ تۈگىدى. باي خاپا بولماي تونۇرنى ئەۋەتىپ بەرسۇن، — دەپتۇ.

## گۇمانخورلۇق بەدىلى

سەلەي چاققاننىڭ بىر خوتۇن بېدىكى قوشنىسى بار ئىكەن، ئۇ ياقا يۇرتتىن قايتىپ كەلگەن كۈنى سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— يېقىندىن بۇيان ئۆيىمىزگە بىرەر كىم كەلدىمۇ؟

— كەلدى.

— كىم كەلدى؟

— ئاۋۋال سىز ماڭا بەش تەڭگە بېرىڭ. ئاندىن مەن سىزگە ئۆيىڭىزگە كىم كېلىپ قونۇپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

گۇمانخور خوتۇن بېدىكى قوشنىسى ھەميانىدىن بەش تەڭگىنى چىقىرىپ، سەلەي چاققاننى ئالدىرىتىپتۇ.

— تېزرەك دەپ بەرسىڭىز سەلەي ئاكا، بولۇڭ!

سەلەي چاققان بەش تەڭگىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— سىزنىڭ قېيىنئاتىڭىز كېلىپ قونۇپ قالدى.



## تىپىلىپ قالار

ئىلىخو، تۇرپانلارنى ئايلىنىپ سەپەردىن قايتىپ كەلگەن سەلەي چاقچاق مەھەللىگە كىرىشى بىلەن تەڭلا يۇرت ئەھلى ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىپتۇ. ئارىدىن بىر كىشى:

— سەلەي ئاكا، ئۇزاق بولدى، يوقاپ كەتتىڭىز، سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرىدۇق، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت. راست، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئۆزۈمدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم، بەختىمگە يارىشا تىپىلىپ قالدىم، — دەپتۇ.

## قورقىمەن

سەلەي چاقچاق مەھەللىدىكىلەر بىلەن قىشنىڭ ئاپتىپىغا قاقلىنىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان بىر كۈنى بىر ئەمەلدار قوشنىسى سەلەي چاقچاقتىن:

— ئوھۇي قوشنام، سىز مۇشۇ دۇنيادا نېمىدىن «بەكرەك قورقىسىز؟» — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، سىز قورقىمىغان ئىشتىن بەكرەك قورقىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ۋاي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن سىز بەك قورقىدىغان ئىشتىن قورقمامدىكەنمە؟

— قورقمايسىز، سىز ئەزەلدىن «تەخسە تۇشۇپ، چاپان يېپىپ» جان باقىسىز. مەن ئۇنداق قىلىشتىن بەك قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

# بىر ئايدىن كېيىن «ئەما» بولۇپ قالىدىكەنلا

سەلەي چاقچاقان تېۋىپ بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بىمار سەلەي چاقچاقانغا ئۆزىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن كەپتۇ.
— ھەي سەلەي ئاخۇن، نېمە سەۋەبتىندۇر، يىراقنى تازا ئېنىق كۆرەلمەيمەن، ياخشىراق قاراپ باقسىلا، — دەپتۇ بىمار.
— دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان بىمارنىڭ كۆزىنىڭ جىيەكلىرىنى قايرىپ، — بىرەر نەرسىنى كۆرەلىدىلىمۇ - قانداق؟
— مەن كۈننىلا كۆرەلىدىم.
— بەللى، بەللى، ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئاللا ئۆزلىرىگە ھەممەت قىلىپ كۈن نۇرىنى كۆرسىتىپتۇ. بولمىسا ئۆزلىرى يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئەما بولۇپ قالىدىكەنلا.

# مېنىڭ قۇلىقىم گاس

سەلەي چاقچاقان ئۆيىدە سېۋەت توقۇپ ئولتۇرسا، مەھەللىدىكى بىر كۆلالچى كىرىپ كەپتۇ - دە، «ئۇ ئۇنداق، بۇ مۇنداق» دەپ غەيۋەت - شىكايەت باشلاپتۇ. ئەمما، سەلەي چاقچاقان پەرۋايىغا ئالماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن كۆلالچى:
— ۋاي سەلەي ئاخۇن، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتامدىمەن، تام - تورۇسقىمۇ؟ — سىزمۇ بىر نەرسە دېمەملا؟ — دەپتۇ رەنجىپ.
— توغرا. بۇ گەپلەرنى مەن تۆگۈل تام - تورۇسمۇ ئاڭلىمايدۇ. بۇ گەپلەرنى غەيۋەت بازىرىغا ئاپىرىپ ساتسىلا،

مېنىڭ قولىقىم گاس، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ئاقمايدۇ

سەلەي چاقچاق غۇلجىغا بېرىپ تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەردە بىر ياغاچچى بىلەن تونۇشۇپ، دوست - بۇرادەر بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ياغاچچى:
— ۋاي ئاداش، مېنىڭ ياسىغان نەرسە - كېرەكلىرىم بازاردا زادىلا ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ۋاي ئاغىنە، سېنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىڭ بازاردا ئاقمىغىنى بىلەن ئىلى دەرياسىدا راسا ئاقىدۇ: مېنىڭكىنى دېمەمسەن؟ دەريادا ئاقماقتا يوق، سۇغا چۆكۈپلا كېتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ياماق يوق ئىكەن

سەلەي چاقچاق بازاردىن كېلىۋاتسا، يول ئۈستىدە تۇرغان بىر چوكان:
— ھە، سەلەي ئاكا، بازارغا بارغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەئە، بارغان.
— دۇكانغا يېڭى رەخت ساپتىمۇ؟
— ساپتۇ.
— قانداق رەخت ئىكەن؟
— بەقەسەم، چىپەرقۇت، ئىنگىلىشىن، شىنگىلىشىن...
سەلەي چاقچاقنىڭ بۇ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىگەن ھېلىقى ئايال قايتا سوراپتۇ:
— بۇ رەختلەر ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، مەن يېڭىسىنى دەۋاتىمەن.

— ھەممىسى يېڭى ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ھېچقايسىسىدا ياماق يوق ئىكەن.

## ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق

سەلەي چاقچاق ئوردىدا مىرزا - پۈتۈكچى بولۇپ تۇرغان چاغلار ئىكەن. بىر كاس - كاس بەگ ئۇنىڭغا ئەرزنامە تاپشۇرۇپتۇ.

سەلەي چاقچاق ئەرز خەتنى تەتۈر تۇتۇپ پىچىرلاشقا باشلاپتۇ. ھەيران بولغان بەگ:

— مىرزا جانابلىرى، خەتنى ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇمامدىلا؟ — دەپتۇ.

— ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇسام شارىلداپ كېتىپ مەزمۇننى ئۇقالماي قالىمەن. قېنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قىسقارتىپ بىر سۆزلەپ باق. ئېيتقانلىرىڭ ئەرزىڭنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشامدىكەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق گەپنى كېسىپ.

## نۆۋىتىم ساتىراشخانىدا...

سەلەي چاقچاق ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرغىلى ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. خېلى ساقلىغان بولسىمۇ، بۇرۇن كىرگەنلەر قېلىپ، سەلەي چاقچاقتىن كېيىن كىرگەنلەر ساقىلىنى ئالدۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— ۋاي ئۇستام، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — سوراپتۇ سەلەي چاقچاق جىلە بولۇپ، — بىز قاچانغىچە ساقلايمىز؟

— ھازىر كىرىپ چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرغانلار دۇكانغا ھەرقايسىڭلاردىن بۇرۇن كىرىپ، سودا - سېتىق ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتكەنلەر. ئۇلار ئۆز نۆۋىتى بويىچە ساقال ئالدۇردى، — دەپتۇ ئۇستام چۈشەندۈرۈپ.

— ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق

تالاغا مېڭىۋېتىپ، — مەنمۇ چىقىپ ئىش - پىشلىرىمنى تۈگىتىپ كىرەي. ئۈزۈم چىقىپ كەتكەن بىلەن نۆۋىتىم ساتىراشخانىدا تۇرۇپ تۇرسۇن.

## تائامنى قىزىق يېگەندە

يۇرتنىڭ ئاقساقىلى سەلەي چاقچاقنىڭ تىمەنلىكىگە ھەسەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەلەي چاقچاقنىغا:

— سەلەي ئاخۇن، قورسىقىڭىز كاۋىدەك يوغىناپ كېتىپتۇ، تائامنى تولا يەۋەرمەڭ! — دەپتۇ.

— قورسىقىمنىڭ يوغىناپ كېتىشى تائامنى كۆپ يېگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى قىزىق تاماق يېگەنلىكتىندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق مەنىلىك قىلىپ.

يۇرت ئاقساقىلى سەلەي چاقچاقنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، قايتا سوراپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، تاماقنى قىزىق يېگەنگە قورساق چوڭىيىپ كېتەمدۇ؟

— چوڭايمامدۇ تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۆزلىرى ئۆتكەن نۆۋەت «شەيئىلەر ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقتىن كىچىكلەيدۇ» دېگەن ئەمەسمىدىلە؟

## ساقال بىلەن قول بىرلىشىۋالىدىكەن...

بەگنىڭ ئوغلى سەلەي چاقچاقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، كەينىگە كىرىۋاپتۇ. نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇ بەگنىڭ ئوغلىنى بىر كاچات ساپتۇ. ئوغلىنىڭ يىغلاپ كىرگىنىنى كۆرگەن بەگ سەلەي چاقچاقنى ئىزدەپ تېپىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا كايىپ:

— مەن دېگەن يۇرتنىڭ كاتتىسى، سىز يوغانلا بىر ئادەم نەۋرىڭىزدەك بالىنى ئۇردىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياقەي باي ئاكا، مۇشۇ ساقىلىم بىلەن مۇشتەك بالىنى ئۇرامدىمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقان.

— بالىنىڭ يۈزىدىكى ساقالنىڭ ئەمەس، قولىڭىزنىڭ ئىزىغۇ؟! — دەپتۇ يۇرت بېگى نارازى بولۇپ.

— غەزەپكە كەلگەندە ساقال بىلەن قول بىرلىشىۋالىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان چىقىپ كېتىۋېتىپ.

## مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرساق كېلىپ چىقتى

سەلەي چاققان ئوپالدا مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دوسكىغا بىر مىسالنى يېزىپلا، ئارقىسىغا جاۋابىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بىر تالىپ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— بىز گاڭگىراپ قالدۇق، بۇ مىسالنىڭ جاۋابى قانداق كېلىپ چىقتى، ئالدىرىماي ئىشلەپ، چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— ئۇنداق بولسا دوسكىغا قاراڭلار، بۇ مىسالنىڭ جاۋابى — خەتنى يېزىپ مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرساق كېلىپ چىقتى، — دەپتۇ.

## ئۇرۇق تېگىشىش

سەلەي چاققان ئىجارە يېرىگە بۇغداي تېرىپ، ياخشى ھوسۇل ئاپتۇ. ئۆز كۆڭلىدە «زىيان تارتتىم» دەپ ئويلىغان

جازانىخور باي بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇرۇقتىن كۆرۈپ:
— سەلەي ئاخۇن، ئاشلىقىڭلار ئوبدان ئوخشىدى. بۇ يىلقى بۇغداي ئۇرۇقىدىن بىر ئاز ئالماشتۇرۇپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دەپتۇ.
— گۇناھ ئۇرۇقتا ئەمەس، ئۆزلىرىدە، سىلە ئەجىر قىلمىدىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقچى جاۋابەن، — بۇغداي ئۇرۇقىدا ئەمەس، مېنىڭ ئۇرۇقۇمغا تېگىشسىلە.

## سېۋەتنى كۆتۈرۈشۈپ بەر

سەلەي چاقچاقچى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بولاقسۇ بازىرىغا بېرىپتۇ. سېۋەتكە ئوتياش ئېلىپ تەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، بالىسى يىغلاپ:
— دادا، ھېرىپ كەتتىم، مېنىمۇ كۆتۈرۈۋال، — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاقچى:
— ھېرىپ كەتكەن بولساڭ، ماۋۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈشۈپ بەر، — دەپتۇ كۈلۈپ.

## كۆزۈم كۈندۈزدىكىدەك كۆرمەيدۇ

باي بىلەن سەلەي چاقچاقچى قوشنا كەنتكە تويغا بېرىپتۇ. كەچتە تويدىن يانغاندا سەلەي چاقچاقچى تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
پۇرسەت كۈتكەن باي:
— ھە سەلەي ئاخۇن، كۆزلىرى كۆرمەمدۇ نېمە؟ يىقىلىپ چۈشتىلىغۇ؟ — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاقچى بۇ باينىڭ بىر كۆزىنىڭ ئالغاي ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە دەرھال:

— ھەئە، كۆزۈم كۈندۈزدىكىدەك ئېنىق كۆرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بىزنىڭ ئۆي ئىشىك ئالدىدا

سەلەي چاققان باينىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۆيگە بېرىشقا چولىسى تەگمەپتۇ. ئۇ باينىڭ ئويناپ يۈرگەن كىچىك بالىسىنى تۇۋلاپ، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى خوتۇنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن، باينىڭ بالىسى ھۇرۇنلۇق قىلىپ:
— سەلەي ئاكا، سىزنىڭ ئۆيىڭىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىزنىڭ ئۆينى تېخىچە بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىزنىڭ ئۆي بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا.

## ياقىسىغا چىگىپ قويسىلا

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئەل - جامائەت بىلەن بىر تويدا داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپتۇ. يوغان سەرپۇش تۇماقنى كۆزىگە كىيىۋالغان بىر سوپى - ئىشان مەسخىرە قىلىپ:
— سەلەي ئاخۇن، بېشىمدىكى تۇماق دائىم كۆزۈمگە چۈشۈۋالىدۇ، قانداق قىلسام بېشىمدا تۇرار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنسىتمەي، — تۇماقلىرىنىڭ ئارقىسىنى يىپتا باغلاپ، چاپانلىرىنىڭ ياقىسىغا تارتىپ چىگىپ قويسىلا!

## شەيتان ئازدۇرىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان بازارغا مېڭىش ئالدىدا خوتۇنى:

— سەلەي ئاخۇن بازاردىن بۆرۈنراق قايتىپ كەلسىلە، كەچ قالسىلا يولدا شەيتان ئازدۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— سەلەي چاقچاق باش لىڭشىتىپ كېتىپ قاپتۇ. كەچتە خوتۇنى ئۇنى سىناش ئۈچۈن باشقىچە ياسىنىپ يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ئايالىنىڭ ئويۇنىنى تويۇپ قالغان سەلەي چاقچاق چاندۇرماي ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ.

— يولدا شەيتان ئۇچرىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ.

— ھەئە، ئۇچرىدى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق جاۋاب بېرىپ، — بەكمۇ بىر سەت شەيتان ئىكەن، قارىماي ئۆتۈپ كەتتىم.

## ئەگەر ئۇ يولمۇ تۈپتۈز بولۇپ كەتسە

ئىككى نادان سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، سەلەي چاقچاق ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر نادان:

— ھەي سەلەي ئاخۇنكا، توختىڭا، مەھەللىمىزدىكى بىر ئەپەندى ئىلىم - پەننىڭ يولى ئەگرى - توقاي دەيدىغۇ، سىزچە بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ھازىر ھەممە يوللار تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئىلىم - پەننىڭ يولىلا ئەگرى - توقاي بولىدۇ؟ — دەپتۇ يەنە بىر نادان.

— ئەگەر ئۇ يولمۇ تۈپتۈز بولۇپ كەتسە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇ چاغدا نادان، سامان قورساق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يولغا كىرىۋالامدۇ؟

## چاتاق چىقمايدۇ

بىر يىلى ھەزرەت سەيلىسىدە سەلەي چاقچاق بىر مەيكەش ئاغىنىسى بىلەن بىللە قاۋاقخانىغا كىرىپ مەي ئىچىپتۇ. ئاغىنىسى ھەدەپ ئۆزى ئىچمەي سەلەي چاقچاقنى ئىچىشكە زورلاپتۇ، ئىككىيلەن گەپ بىلەن جىق ئىچىشىپتۇ.

— مەن يەنە ئىچسەم بولمايدۇ، تالاغا قارىسام ئاۋۇ يول ئىككى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— چاتاق يوق، يەنە ئىچىۋەرسەڭمۇ بولىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇ يول ساڭا ئۈچ كۆرۈنگەندە ئاندىن مەپەڭنى ھەيدە!



## ھەممىڭ دۆت

سەلەي چاقچاق يەكەنگە بارغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇچىسىغا مەللە تون كىيىپ يامۇل ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ يامۇل ئىچىگە قاراۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشكەن دەرۋازىۋەن:

— ھەي، مەللە دۆت، بۇياققا ئۆت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

غەزەپلەنگەن سەلەي چاقچاق چىرىككە تىكىلىپ:

— سەن تېخى ئۆزەڭچە مەنلا «دۆت» دەۋاتامسەن؟! يالغۇز سەنلا ئەمەس، مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ھەممىڭ دۆت! — دەپتۇ.

## ئېگىز تەرىپىنى كەستىم

سەلەي چاقچاق ئىشىك ئالدىدا كەكە بىلەن قوزۇق ياساپ ئولتۇرسا، بىر ئىشان كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ياغاچچىلىقنىمۇ بىلىدىكەنسىز، مۇنۇ ھاسا بىر غېرىچ ئېگىز ئىكەن، زىيادىسىنى كېسىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق ھاسىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئۈستى تەرىپىدىكى ئەگمە تۇتقۇچتىن بىر غېرىچ كېسىپ تاشلاپتۇ ـ دە، ئىشاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئىشان ھەيران بولۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، تۇتقۇچىنى كېسىپ تاشلاپ، ئېشەك ھەيدەيدىغان تاياق قىلىپ قويۇپسىزغۇ؟ — دەپ رەنجىپتۇ. — ھاسام ئېگىز دېگەنتىڭىز، ئېگىز تەرىپىنى كەستىم ـ شۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

## داستىخان بولمىسا چۆننىمۇ بولمايتتى

ياز كۈنلىرىدىكى بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى سەلەي چاقچاقنى چۆپ قورۇشقا قويۇپتۇ.

سەلەي چاقچاق بۇ ئىشقا كۆڭلىدە نارازى بوپتۇ. ئۇ قانچە قورۇسىمۇ چۆپنىلەر داستىخاندىن نېرى كەتمەپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن سەلەي چاقچاق داستىخاننى تارتىپ ئېلىپلا ئوتقا تاشلاپتۇ:

— ھەي سەلەي ئاخۇن بۇ نېمە قىلىق؟! — دەپتۇ سورۇندىكىلەر ھەيران بولۇپ.

— نېمە قىلىق بولاتتى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقچى، — مۇشۇ داستىخان بولمىسا، چۈنىمۇ بولمايتتى.

## دەڭنى چاقىمەن

بىر يىلى سەلەي چاقچاقچى ئاغىنىسىدىن سوراپ ئالغان ئاتنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئاتنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ، سودا - سېتىق قىلغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسە، دەڭدە نۇرغۇن ئاتلار باغلاقلىق تۇرغۇدەك. ھەممە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئېگەر - كۆرپىلەر بار ئىكەن. سەلەي چاقچاقچى قايسىسى ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئات ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئۇ دەڭنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:

— ھەي خالايىق، مەن ھازىر دەڭنى چاقىمەن، ئات - ئۇلاغلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار. ئاقىۋەتتە مەن ئىگە ئەمەس، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەر تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دەڭدە بىرلا ئات قاپتۇ. سەلەي چاقچاقچى خۇشال بولۇپ:

— ھە، مەن مىنىپ كەلگەن ئات مۇشۇ ئوخشايدۇ، — دەپ ئۇ ئاتنى مىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## گەپ ئاڭلاش

سەلەي چاقچاقچى كىچىكىدىن زېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ قورۇق بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ يول بويىدا خېلى ئۇزاق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساقچى ئۇنىڭدىن:

— ھە شاكىچىك، بۇ يەردە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ دەپ سوراپتۇ.
— ئانام ئاچچىقسۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى، — دەپتۇ ئۇ.
— ئۇنداقتا يولۇڭغا ماڭمامسەن؟ — دەپتۇ ساقچى.
— ئانام ماڭا «ماشىنا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يولنى كەسلەپ ئۆت» دېگەنىدى، شۇنچە ساقلىساممۇ بىرە ماشىنا ئۆتمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## سەن ماڭا بەش تەڭگە بەر، تەڭلىشىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان يولدا قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئەتراپقا قارىسا مەھەللىدىكى باينىڭ ئوغۇت ئازگىلى تۇرغۇدەك. ئۇ ئازگالدىكى قىغ ئۈستىگە تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان باينىڭ چاكىرى:
— ھەي سەلەي ئاخۇن، باي كۆرسە خاپا بولىدۇ، بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن دەرھال بەش تەڭگە تۆلىۋەت! — دەپتۇ.
بۇ، قىغ چۈشۈرىدىغان ئازگال ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سەن ماڭا بەش تەڭگە بەر، تەڭلىشىدۇ.

## سوئالغا لايىق جاۋاب

مەھەللىدىكى بىر ئەدەپسىز بالا سەلەي چاققانغا ھال ئېيتىپ:
— سەلەي ئاكا، قاراڭ، دادامنىڭ دەردىدە قانداق قىلارمەن؟ «نەسىھەت قىلىمەن» دەپ قۇلىقىمنى پاك قىلىۋەتتى، ماڭا بىر كۈنمۇ خۇشلۇق يوق، — دەپتۇ.
— داداڭ نەسىھەتكوي بولسا، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك قىلىپ، — ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئازدۇر-

كۆپتۈر پۇل قوشۇپ ئوبدانىراق «دادا» دىن بىرنى سېتىۋال، ئاندىن ھەممە كۆنۈك خۇشلۇق بىلەن ئۆتىدۇ.

## گېپىڭىزگە ئاساس سېلىۋاتىمەن

سەلەي چاقچاق چوڭ سارايدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، پۇرسەت چىقىرىپ ئانچە - مۇنچە، يېتىم - يېسىرلارنى يوقلاپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قالغان ساراي غوجايىنى:

— سەلەي ئاخۇن يېقىندىن بويان سارايغا كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— غوجايىن ئاكا، مەن پەقەت سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىۋاتىمەنغۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— مەن ساڭا، سارايغا يېرىم كېچىدە قايتىپ كەل دېگەنمىدىم؟

— كەچۈرۈڭ غوجايىن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سىز دائىم مېنى ئىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتا: «ئوغۇل بالا دېگەن يۈرەكلىك بولىدىغان» دەيتتىڭىز، بۇ گەپ يادىمدا تۇرغاچ كېيىنرەك كەپقالدىم. گېپىڭىزگە ئاساس سېلىۋاتىمەن.

## سۆسەر تۇماق بەچچە

بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى ئۇنىڭدىن:

— دادا، كۆل بويىدا بىر توپ كىشىلەر بىر ئادەمنى «تەخسىكەش» دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باي، ئەمەلدارلارغا يېقىنلىشىۋېلىپ ياخشى - يامان، ئاق - قارىنى ئايرىماي، شۇلارنىڭ دېپىنى چېلىپ نەپ

ئالغۇچىلارنى «تەخسىكەش» دەيدۇ. — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ يۇرتتا تەخسىكەش بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە بار، بالام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇ ئوپال بىلەن شەھەردىكى قازىخانا ئارىلىقىدا.
— ئۇ كىم؟
— ئەنە ئۇ، سۆسەر تۇماق كىيىۋالغان بەچچە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئات مىنىپ كېتىۋاتقان بەگنى كۆرسىتىپ.

## ئۇلگۇرەلمەي قالدىم

سەلەي چاقچاق كىچىك ۋاقتىدا، تالادا ئويناۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇستىبېشى لايغا مىلەنگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپتۇ.
— ماۋۇ قىلغان ئىشىڭنى قارا، — دەپتۇ ئانىسى كايىپ، — بىر ئوبدان ئىشتان بىلەنمۇ يىقىلغان بارمۇ؟
— مېنى كەچۇرگىن ئانا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق يىغلامسىراپ، — يىقىلغان چېغىمدا ئىشتاننى ئالماشتۇرۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي قالدىم.

## ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدە بىر قوي ئوغرىسى بار ئىكەن. كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.
سەلەي چاقچاق كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئوغرىنىڭ خوتۇنى ھەدەپ ئوغلىنى ئۇرۇۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق:
— يەڭگە، ئۇنى نېمانچە ئۇرىسىز؟ چىرايلىق گەپ قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغرىنىڭ خوتۇنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ:
— قاراڭ، سەلەي ئاخۇن، بۇ شۇمتەككە! ئۇ چوڭ بولغاندا ئوغرى تۇتىدىغان ساقچى بولماقچىمىش تېخى! — دەپتۇ.
— ئوھوي، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن شۇ ئىكەن - دە.

## ساقال بىلەن نەسىھەت قىلسىڭىز...

پاشىشاپ بەگنىڭ تولىمۇ كەپسىز بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ ھەيۋىسىدە ھەددىدىن ئېشىپ مەھەللىدىكى ياۋاش ئادەملەرنى بوزەك قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاققان بار يەردە بىرەيلەن پاشىشاپ بەگكە ئەرز قىپتۇ:
— پاشىشاپ بېگىم، بالىڭىزغا بىر نەسىھەت قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئۇلۇشكۈن بىرىنىڭ تەشتىكىنى تاش بىلەن سوقۇپ چېقىۋەتتى، تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆينىڭ مورىسىغا پاخال قاپلاپ قويۇپتۇ. بۈگۈن يېنىمىزدىكى ھويلىغا كىرىپ كۆپ (يام) دىكى سۇغا چالما تاشلاپتۇ.
— مېنى نەسىھەت قىلمايدۇ دەمسىز؟ — دەپتۇ پاشىشاپ بەگ، — مۇشۇ ساقىلىم بىلەن كۈندە نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلساممۇ گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سەلەي چاققان دەپتۇ:
— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ پاشىشاپ بېگىم، ئېغىز بىلەن ئوبدان نەسىھەت قىلماي، ساقال بىلەن نەسىھەت قىلسىڭىز كار قىلامتى؟

## ئۇيقۇم «ئېغىر»

سەلەي چاققان ئوپالدىن شەھەرگە كىرىپ بىر سارايغا

چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاخشىمى ساراي غوجايىنىغا:
— ماڭا پۇختىراق كارىۋات قويۇلغان ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە بەرسىلە، ھەققىنى تۆلىسەم، — دەپتۇ.
— نېمىشقا؟ — دەپتۇ غوجايىن.
— كارىۋات پۇختا بولمىسا بولمايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — چۈنكى مېنىڭ ئۇيقۇم بەك «ئېغىر»، كۆتۈرەلمىسە يىقىلىپ چۈشىمەن.

## يوقمايدىغان كېسەل

سەلەي چاقچاق تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە باينىڭ دوغىسى:
— سەلەي ئاخۇنكا، مەن كۆپ تېۋىپلاردىن سوراپ ئېنىق جاۋاب ئالالمىدىم، بىر دەپ باقسىڭىز، بۇ دۇنيادا زادى يوقمايدىغان كېسەل بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاقچاق دوغىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ:
— بار، يوقمايدىغان كېسەل — سۇنۇق. سىزمۇ ئۆتكەن يىلى بىرەيلەندىن تاياق يەپ، قولىڭىز سۇنۇپ كەتكەندە ھېچ كىشىگە يوقمىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## چىشىنى ساناڭ

بىر يىلى قەشقەر ئامبىلى سەلەي چاقچاقنى ھەمراھ قىلىپ ئوپالنىڭ يوقىرىسىدىكى چوڭ سازلىقتا كېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن:
— سەلەي ئاخۇن، بۇ سازلىقتىكى پاشىلارنىڭ قانچە چىشى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ـ دە، پاشا چاقچاقان يېرىنى قاشلاپتۇ.
— بىلمەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئامبالنىڭ

غەرىزىنى ئۇقۇپ.

— ئۇنداقتا سەن بېرىپ، مۇشۇ سازلىقتىكى پاشىدىن بىرنى تۇتۇپ كەل، — دەپتۇ ئامبال بۇيرۇق قىلىپ.

— تۇتۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان،

— «تۇت!» دېگەندىكىن تۇتۇپ كەل! — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلاپ.

سەلەي چاققان ئاتتىن چۈشۈپ يوغان پاشىدىن بىرنى تۇتۇپ كەپتۇ.

— ھەببەللى، ئەمدى بولدى، — دەپتۇ ئامبال، — پاشىنىڭ قانچە چىشى بار، ئۆزۈڭ بىر ساناپ باقە!

— كەچۈرۈڭ ئامبال بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن تازا ئېنىق سانىيالمايمەن. مەن پاشىنى غىدىقلاي، ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ كۈلگەندە سىز دەرھال ئۇنىڭ چىشىنى سانىۋېلىڭ.

## ئۆلۈپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك ئىكەن!

سەلەي چاققان شەھەرگە كىرىپ بىر چوڭ سارايغا چۈشۈپتۇ. ساراي غوجايىنى دەپمەن - دۇنياسى ئىنتايىن كۆپ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن بېخىل ئىكەن. ئۆيلىنىشنى ئويلىسىمۇ، خوتۇنىنىڭ قورسىقىنى بېقىشتىن قورقۇپ ئۆيلەنمىگەن، ئاش - تاماق ئېتەي دېسىمۇ ئۇن - ياغ، ئوتۇن كېتىشتىن قورقۇپ ئوچاق سالمىغان ئادەم ئىكەن. بېخىللىقتىن يېمەي - ئىچمەي يۈرۈپ، ئاجىزلاپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، — دەپتۇ ساراي غوجايىنى، — شەھەردىكى تېۋىپلار مېنى «تېرىگە ئالسا ساقىيىدۇ» دەۋاتىدۇ، قوي ئۆلتۈرۈپ تېرىسىگە كىرەي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ بىر جانغا

زامىن بولغۇم كەلمىدى، سىزنىڭچە قانداق قىلغىنىم تۇزۇك؟

— مەن شەھەرگە كەلگۈچە يولدا بىر قوي ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ تېرىسىنى ئېلىۋالغانىدىم، شۇ تېرىگە ئېلىپ قويسام قانداق؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

بۇ مەسلىھەت ساراي غوجايىنىغا ناھايىتى يېقىپتۇ. سەلەي چاقچاقان خورجۇنغا قاتلاپ سېلىۋالغان قۇرۇق تېرىنى سۇ پۈركۈپ يۇمشىتىپ، بېخىل غوجايىننى تېرىگە يۆگەپتۇ، لېكىن تېرىدىكى قوي پىتى غوجايىننى چېقىۋاپتۇ، سەلەي چاقچاقان ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ، تەكچىدىكى ئۆچكە چۈپۈرنى ئالغانىكەن، غوجايىن:

— ئۇنىڭغا تەگمەڭ، ئارغامچا ئەشتۇرىمەن، — دەپتۇ، سەلەي چاقچاقان يەنە بىر تەكچىدە تۇرغان پاختىنى كۆرۈپ نوكچا قويماقچى بولغانىكەن، غوجايىن:

— ئۇنىڭغا تەگمەڭ، ئۇنىڭغا يىپ ئەشتۇرىمەن، — دەپتۇ.

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئامالسىز، — چۈپۈر بىلەن پاختىنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىدىن سىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىڭىز تۇزۇك ئىكەن!

## گۇمان

سەلەي چاقچاقان كوچىدا كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر ھاراقكەش ئۇچراپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، مۇنداق كېچىدە نېمە ئىزدەپ يۈرىسىز؟

— ئېشىكىم باغلاقلىق يەردە يوق تۇرىدۇ. شۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— ئېشىكىڭىز ھاراق ئىچىپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا مەستلىكتىن يىقىلىپ قاپتۇ، — دەپ مەسخىرە قىپتۇ ھاراقكەش.

سەلەي چاقچاق دەرھال ئۇنىڭغا جاۋابەن:
— دۇرۇس ئېيتتىڭىز، مەنمۇ شۇنداقراق گۇمان قىلغانىدىم، ئۇنىڭ سىزگە ئوخشاش بىر قانچە ئاغىنە - بۇرادەرلىرى بار ئىدى، ئېھتىمال شۇلارغا ئۇلپەت بولغاندۇ، دەپتۇ.

## مانا، مانا، بۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى

سەلەي چاقچاق ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان كۇنلەردە يامۇلدىكى گۇندىپاي كىرىپ كەپتۇ.
— بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى نېمە تارتىدىكىن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— ئاغزىمغا تېتىغۇدەك يېگى بىر نېمە يېگۇم بار، — دەپتۇ گۇندىپاي.
— بايىلا سويۇلغان قوينىڭ جىگىرى بولسا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق.
— بولمايدۇ، مەن ھايۋانلارنىڭ ئىچ - باغرىدىكى مەينەت نەرسىلەرنى ھەرگىز يېمەيمەن.
— ئۇنداق بولسا نېمە يەيدىلا؟
— توخۇ تۇخۇمىدىن بەش - ئالتىنى ئەكەلدۇرۇپ پىشۇرۇپ بېرىڭ. لېكىن، ئۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى بولسۇن، — دەپتۇ گۇندىپاي.
— مانا، مانا بۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئىككى ھەپتە ساقلاپ قويغان كونا تۇخۇمنى تەخسىدە ئەكېلىپ، — قېنى باقسىلا.

## بۇمۇ بىر قالتىس ھۇنەر - دە

سەلەي چاقچاقنىڭ يېقىن ئاغىنىسى بىر ئامبالغا

خىزمەتكار ئىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاققان ئۇنىڭدىن:
— بۇرادەر، كىشىلەر پاختىنى قارا بولىدۇ دېسە، ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاغىنىسى:
— ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئارقىدىن سەلەي چاققان:
— قاغىنىڭ ئېقى، تاۋۇزنىڭ قېقى، ئوغرىنىڭ سېقى بولامدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن. ئاغىنىسى ئىككىلەنمەستىنلا:
— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— سەلەي چاققان ئاغىنىسىنىڭ بۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ كۈلۈۋېتىپتۇ - دە:
— سەن مۇنداق دېيىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئامبالدىن.
— دۇرۇس، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئامبال نېمە دېسە، خىزمەتكارمۇ شۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزى بىر قالتىس ھۈنەر - دە.

# قېلىپ

خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان بىر بىناكارلىق غوجايىنى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا قارىشىۋاتقان سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:
— سەلەي ئاخۇن، ئاتام سەكسەنلەرگە كىرىپ قالدى. بىر مەخسۇس ئۆي سېلىپ بېرەي دەۋاتىمەن، شۇ ئۆيگە مورىسى بار ئوچاق سېلىش لازىم ئىدى، شۇنىڭغا لايىق قېلىپ تېپىپ بېرەلەمسىز؟
— تازا نادان ئىكەنسىز غوجايىن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئاتىڭىزنىڭ بۇرنى سىز سالىدىغان ئۆينىڭ

مورىسىغا تازا باب قىلىپ ئەمەسمۇ؟

## توخۇ سۈتى ئىچسىلە

سەلەي چاققان ئوردا خىزمەتكارى بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئەلنى قاقشاتقان بىر ئەمەلدار مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ شەھەردىكى خېلى ئۇستا دوختۇر - تېۋىپلارغا كېسىلىنى كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، شىپا تاپمىغاندىن كېيىن، سەلەي چاققاننى ئىزدەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، ئاڭلىشىمچە، ئۆزلىرىنىڭ كېسەل كۆرۈشتىنمۇ خەۋەرلىرى بار ئىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خېلى كۆپ دوختۇر - تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ باقتىم، ھەتتا بىر مەزگىل تۆگە سۈتىمۇ ئىچىپ كۆردۈم. ئەمما، كېسىلىم ساقىيىش تۈگۈل، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كېسىلىمنىڭ زادى داۋاسى بارمۇ - يوق؟ ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە، قانداق؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە داۋاسى بار، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— قانداق داۋا ئۇ؟ — سوراپتۇ ئەمەلدار خۇشلۇقتىن.

— بۇ مۇنداق داۋا. سىزگە تۆگە سۈتىمۇ پايدا قىلمىغان بولسا، ئەمدى توخۇ سۈتى دورا بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، توخۇ بازىرىغا ئادەم چىقىرىپ، ئاز - تولا توخۇ سۈتى تېپىپ ئىچىپ باقسىلا، چوقۇم ساقىيىپ كېتىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆزىڭىزگە باب كېلىدۇ

سەلەي چاققان پاشىشاپ بەگ بىلەن بىللە بازارغا بارغاندا، خوتۇنىغا ئاتاپ تىكتۈرگەن بىر بوغچا كىيىم - كېچەكنى

يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە بوغچىنى پاششاپ ئوغرىلىۋالغانىكەن.

— خوتۇن، مەن سىزگە بازاردىن يېڭى كىيىم ئەكەلدىم، كىيىپ بېقىڭلار! — دەپتۇ پاششاپ ھېلىقى بوغچىنى كۆرسىتىپ.

پاششاپنىڭ قولىدا پۇلنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدىغان خوتۇنى:

— ھوي دادىسى، ئۆزلىرى ھەمىشە «راست گەپ قىلىڭلار» دەپ تاپىلايتتىلە. كىيىم ئالغان بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىلا! — دەپ سوراپتۇ.

— «ئوغۇل بالىنىڭ قىرىق بىر يانچۇقى بار» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ دائىم راست گەپ قىلىپ ئىش پۈتمەيدۇ - دە، — دەپتۇ پاششاپ بەگ. پاششاپنىڭ خوتۇنى:

— كۆڭلۈم تويۇپ تۇردۇ، بوغچىنىڭ ئىگىسى ئىزدەپ كېلىپ قالمىغىيدى، — دەپتۇ. راست دېگەندەك سەلەي چاقچاقان يىتكەن بوغچىنى ئىزدەپ پاششاپنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئالدىراش بوغچىنى يېشىۋاتقۇدەك.

— پاششاپ بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن، بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى سىلەرگە ئاتاپ تىكتۈرۈپ قويغانىدىم. مېنى ئاۋارە قىلماي ئۆزىڭىزلا ئېپكەپسىز، كەيسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ باب كېلىدۇ.

## ئۆركۈپ كەتمىسۇن دەپ...

سەلەي چاقچاقان بىر كۈنى سەھەردە ئېشەك ھارۋىغا ئوتۇن بېسىپ شەھەرگە ساتقىلى كىرىپتۇ. ئوتۇن بازىرىدىكى قىستاڭچىلىق دەستىدىن ئۇياق - بۇياققا ئادەملەر ئۆتەلمەپتۇ. ئوتۇن ئالغىلى كەلگەن سېمىز بىر غوجايىن سەلەي چاقچاقانغا:

— ئېشىكىڭنى سەل ئالدىغا ھەيدىمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەلەي چاقچاقان ئالدىغا قارىسا ھارۋا قىستالغۇدەك

ئورۇن يوق. نائىلاج نۇقتىنى سىلكىپ قويۇپتۇ.
— ھەي تومپاي، «خىت» دەپ چىڭراق ۋارقىرىساڭ ئاندىن ماڭىدۇ، ئىشەك دىگەن، — دەپتۇ غوجايىن.
— «خىت» دەپ ۋارقىرىسامۇ ۋارقىرايتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان غوجايىنغا قاراپ، — شەھەرنىڭ ئىشەكلىرى ئۇركۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.

## ياقا يۇرتلۇقلار ئاز

سەلەي چاققان خوتەندە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كىچىك ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئۈچ دانە تۇخۇم بىلەن بىر قاچا شورپا بۇيرۇتۇپتۇ. ھېسابات قىلغاندا ھەر بىر تۇخۇمنىڭ باھاسى ئىككى داچەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ قايتىش ئالدىدا ئاشخانا غوجايىنىدىن:
— غوجايىن، سىلەرنىڭ بۇ يەردە توخۇ بەك ئازمۇ، قانداق؟ تۇخۇم بەك قىممەت ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.
— ياق، سەلەي ئاخۇن، — دەپتۇ غوجايىن، — خوتەندە توخۇ ئاز ئەمەس، بىراق ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئاز.

## ئۇ چوقۇم يەككە تىجارەتچى

بازار ئىگىلىكى تازا قىزىغان بىر يىلى، زاۋۇت باشلىقى يىغىن ئېچىپ، ئىشچىلارغا يوليورۇق بېرىپتۇ. يىغىندا سەلەي چاققانمۇ بار ئىكەن.
— چۈمۈلە ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەش ھەسسە ئېغىر نەرسىنى ئېلىپ ماڭالايدۇ. سىلەر ئىشچىلار بۇنى ئۆزۈڭلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار. سىلەر قانداق يەكۈن چىقىرىسىلەر؟ ئۇ

زادى كىم؟

بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاققان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇ چوقۇم يەككە تىجارەتچى، بولمىسا ئۇنچىۋالا ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ماڭالامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## شام يېقىپ تۇرۇپ كۆرەي

تېلېۋىزور يېڭى بارلىققا كەلگەن يىللار ئىكەن. سەلەي چاققان يېڭى كىنو بارلىقىنى ئاڭلاپ دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، مەھەللىدىكى باللار يېڭى كىنو بار ئىكەن دەيدۇ، بۈگۈن ئاخشام تېلېۋىزور كۆرەي.

— تېلېۋىزور كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئاڭلىسام كەچتە توك توختايدىكەن، — دەپتۇ دادىسى.

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ دادا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمىسە، مەن شام يېقىپ تۇرۇپ كۆرەي.

## ئىككىلىسى ئوخشاش

سەلەي چاققان شەھەردە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە گۆش ئېلىشقا چىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قاسساپقا:

— ئۇستام، ماڭا توققۇز سەر گۆش بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، نېمە دەۋاتىسىز؟ توققۇز سەر گۆش ھېسابقا توغرا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇستام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، ئەمەلىيەتتە ئوخشاش گەپ. مەن ھەر قېتىم جىڭلىتىپ بىر جىڭ گۆش ئالغىنىمدا، سىزنىڭ ماڭا بېرىدىغىنىڭىز ئاشۇ توققۇز سەر گۆشقۇ؟ ئىككىلىسى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

## بىر كۆزۈم كۆرمەيدۇ

بىر يىلى سەلەي چاقچاقنى كىنو كۆرۈش ئۈچۈن، شەھەرگە كېلىپ ھارۋىلىرىنى سارايغا قويۇپتۇ. سارايۋەن:
— سەلەي ئاخۇن، سىز ئالتە تەڭگە تاپشۇرۇڭ، بۈگۈنكى كىنو ئىككى چاس، — دەپتۇ.
— مەن پەقەت ئىككى تەڭگە تاپشۇرسام بولىدۇ، چۈنكى مېنىڭ بىر كۆزۈم كۆرمەيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## 50 داچەن بەرسەم بولار

بىر قېتىم سەلەي چاقچاق مەھەللىسىدىكى مەشرەپكە بېرىپ، سەل كېيىن بولۇپ قاپتۇ. قايتاشىدا بىر بولاڭچى ئالدىنى توسۇپ:
— ھايات قالاي دېسەڭ، 100 داچەن تاپشۇر، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان سەلەي چاقچاق:
— ئالدىمنى توسما بۇرادەر، مەن ھازىر يېرىم ئۆلۈك. 50 داچەن بەرسەم بولار، — دەپتۇ جاۋابەن.

## «ئۈزمەي تۇرۇڭ»

سەلەي چاقچاق بىر باغقا كىرىپ، شاختىكى ئەڭ چوڭ قىزىل ئالمىنى كۆرسىتىپ:
— ئاۋۇ ئالما نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:
— بىر سوم بەرسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاق:
— ھازىر يېنىمدا پەقەت 50 تىيىنلا بار ئىدى، — دەپتۇ.
باغۋەن شاختىكى يەنە بىر كۆك ئالمىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ئالمىنى بەرسەم ئالارسىزمۇ؟ — دېگەنىكەن، سەلەي چاقان:

— بولىدۇ، ئەمما ھازىرچە ئۈزمەي تۇرۇڭ، مەن ئىككى ھەپتە ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن كېلەي، — دەپتۇ.

## ئاپىسى تۇغەپ كەتتى

بىر يىلى سەلەي چاقان ئۆيدىن 100 سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا ساياھەتكە بېرىپتۇ. ئۇ يەرلەردىكى ئاجىز - مېيىپلارغا شەپقەت قىلىپ، ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. ئايالى ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېلىقى چوڭ پۇل تۇغدىمۇ، قانداق؟ يېنىڭىز خېلى تومپىيىپ قاپتۇ.

— تۇغدى خوتۇن، تۇغدى، — دەپتۇ سەلەي چاقان يانچۇقىدىن بىر سوملۇقتىن بەش قەغەز چىقىرىپ، — ئەپسۇس، بۇلارنىڭ ئاپىسى تۇغەپ كەتتى.

## قايسىسى راست؟

بىر يىلى ئوپالدىكى چوڭ يىغىلىشتا بىر كىشى سەلەي چاقاندىن:

— بەزىلەر يىلنىڭ بېشى ئۇلۇغ، بۇ كۈنى ئۆلگەن ئادەم ئۇلۇغ دەيدۇ، بەزىلەر يىلنىڭ تۈگەنچىسىدە ئۆلگەن ئادەم ئۇلۇغ دەيدۇ. قايسىسى راست؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقان:

— يىلنىڭ بېشىدا ئۆلمەي، يەنە ئۈچ - تۆت ئاي ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلگەن تېخىمۇ ئۇلۇغ. كېۋەز تېرىغان مەزگىلدە ئۆلمەي، يەنە ئىككى - ئۈچ ئاي ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلگەن، ھېچبولمىغاندا كۈزدە زىرائەت يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆلگەن

ئۇلۇغ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## پولۇ ئېتىپ يەۋەرسىڭىز بولامدۇ؟

سەلەي چاقچاق قومۇلدا سەي ـ كۆكتات سېتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ساددا چوكان دۇكان ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

ـــ سەلەي ئاكا، ئېرىم بىر يىل ئىلگىرى ياڭيۇ سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەنچە، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. سىز كۆردىڭىزمۇ؟ ئەمدى قاچانغىچە ساقلارمەن؟

ـــ ۋاي ، سىز نېمىدېگەن ئەخمەق، شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدىغان؟ ـــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق، ـــ سىز ئۇ ئەخمەقنىڭ ياڭيۇسىنى ساقلاپ تۇرماستىن، سەۋزە ئېلىپ پولۇ ئېتىپ يەۋەرسىڭىز بولامدۇ؟

## مال دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ

سەلەي چاقچاق دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باجگىر دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ ـ دە:

ـــ سەلەي ئاكا، مەن توخۇ چىلللىغاندا ئورنۇمدىن تۇرىمەن، ئىشنى كالىدەك قىلىمەن، تاماقنى بۆرىدەك يەيمەن، چوشقىدەك ئۇخلايمەن، لېكىن مىجەزىم بوش بولۇپ كەتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ باجگىر ئۇكام، دېگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا، كېسىلىڭىز ئېغىرراق تۇرىدۇ ـــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق، ـــ ئاشۇنداقلا بولۇپ قالغان بولسىڭىز، دەرھال مال دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

# ئىشلىگەنلەر ئۆز ھەققىنى ئالدى

بىر يىلى ئوپال كۆكچىدىكى ھاجى ئەلىماخۇنۇمنىڭ دادىسى قەشقەردىن بىر قىسىم ئامباللارنى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى باغ سەيلىسىگە چاقىرىپتۇ. مېھمانلار تازا تويغۇچە يەپ - ئىچىشىپتۇ. بىراق، داستىخاندا قوغۇن پىچىلماپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق تۆت، بەش ئاغىنە - بۇرادىرىنى ئېلىپ قوغۇنلۇققا بېرىپتۇ. قارىسا ھاجىمنىڭ قوغۇنلىرى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن. بىراق، غوجىدار ئۇلارغا بىرەر قوغۇن پىچىپ بەرمەپتۇ. ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۇرگەن سەلەي چاقچاق 10 ~ 20 ياش باللارنى ئەگەشتۇرۇپ ھاجى ئەلىماخۇنۇمنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا مېھمانلار ھەدەپ يەپ - ئىچىشىۋاتقۇدەك، سەلەي چاقچاقنى ئورىۋالغان ياش باللار دەرۋازا ئالدىدا ئويۇن - تاماشا چىقىرىپتۇ. ئاۋازى بەلەن بىر ياش يىگىت مۇنداق تەلقىننى ئوقۇپتۇ:

ھەي... ئاللا نۇرىدىن،
يۆتىلە بۇرنىدىن.
ئۆستەڭگە تاشلا!
سۇزسۇن نورىدىن.

ھەممەيلەن ئويۇن تاماشاغا بەند بولۇۋاتقان پەيتتە بىر قىسىم ياش باللار قايتىدىن قوغۇنلۇققا بېرىپ، قوغۇنلارنى خىللاپ ئۈزۈپ ئۆستەڭگە تاشلاپتۇ. ئۈچ ياش بالا تۆگمەن نورىدا ئولتۇرۇپ قوغۇنلارنى سۇزۇپ، تاغارغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەلىماخۇنۇم ناھايىتى

خاپا بولۇپ سەلەي چاقچاقنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ بەش مو يەردىكى قوغۇنلۇقنىڭ قوغۇننى ئۈزۈپ ئېلىپ كەتكەن ئىشمۇ بارمۇ؟

— تەقسىر، راست شۇنداق ئىش بار، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — ئىشلىگەنلەر ئۆز ھەققىنى ئالدى، ئەلىماخۇنۇم ئۇقمايلا قالدى،

## ئىككى دادىنىڭ گەپلىرى

سەلەي چاقچاق تام قوشنىسى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇللىرى ھەققىدە سۆزلىشىدىكەن.



— بالا ئوقۇتماق تەس ئىكەن، مەن ئوغلۇمدىن خەت كەلسە كۆل بېشىدىكى قوشنامغا ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولىمەن، — دەپتۇ قوشنىسى.

— سىزنىڭ ھەر ھالدا ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مېنىڭ ئوغلۇمدىن خەت كەلسە، مەن دەل

پوچتىخانىغا پۇل سېلىشقا چاپىمەن.

## توۋت تىلىم يەي

سەلەي چاقاقان بىر يىلى پەيزىۋاتقا بارغاندا، بىر قوغۇن سېتىۋاتقان باققالدىن سوراپتۇ:

— ئۇستام قوغۇننىڭ تىلىمى نەچچە پۇلكىن؟

— تاتلىق بولمىسا بىكارلىق...

ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقاقان، — لاۋزا يېرىدىن توۋت تىلىم يەي.

## بويۇم يەتمىسە

سەلەي چاقاقان دادىسىغا ئەگىشىپ كوچارغا بارغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كوچارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەلەي چاقاقان ۋە ئۇنىڭ دادىسىمۇ بار ئىكەن. ئاقساقال مولللار ئارىسىدا «قىيامەت قايىم قاچان بولىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا سۆھبەت قىزىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقاقاننىڭ گەپ قىلغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، دېيەلمەي ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر چىدىيالماي بىر قانچە ئېغىز گەپ قىپتۇ.

— چوڭلار گەپ قىلغاندا ئېغىز غېرىچلىماڭ، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ، — دەپتۇ دادىسى نوقۇپ.

— دادا، مەن دېگەن بىر كىچىك بالا. چوڭلارنىڭ ئاغزىغا بويۇم يەتمىسە، قانداق غېرىچلايمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقاقان.

سۆھبەتكە قاتناشقان كۈچالىقلار:

— بالىسى مۇشۇنداق گەپدان بولغان يەردە، دادىسى قانچىلىك ياماندۇر، — دەپ ھەيران قاپتۇ.

## لەنىتى ھاۋارايى

رادىيودا ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلىپ، قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇۋاتقاندا، سەلەي چاقچاقنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپتۇ:

— ئايالىم ئاغرىپ قالدى، ياردىمىڭىزگە موھتاجمىز، — دەپتۇ تېلېفون بەرگۈچى.

— ياردەم بېرىشنى خالايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بىراق، ماشىنا رېمونتتا، سىز مېنى ئالغىلى كېلەمسىز - يا؟

## ئاجايىپ ئەقىل

سەلەي چاقچاق يامۇلدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قولىغا بىر ئالاقە تېگىپتۇ. بۇ ئالاقە مانجۇ ئامباللىرىدىن كەلگەنىكەن. ئۇ ئالاقىنى سۇنۇپ ھەربىي ئەمەلدارغا بېرىپتۇ:

— ياخشى، ياخشى، چوقۇم جىددىي يوليۇرۇق بار — دەپتۇ ھەربىي ئەمەلدار، — قېنى سەلەي چاقچاقان، سەن بۇنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەر!

— سىېنىڭ دۆتلۈكۈڭ ۋە ئىقتىدارسىزلىقىڭدىن بۇ زېمىندا پۇقرالارنىڭ غەلىيانى توختىمىدى. بىز قۇيرۇقىمىزنى قىسىپ تىكىۋېتىشكە تاس - تاماس قالدۇق. سەن بەئەينى چوشقا ئىكەنسەن، — دەپ ئوقۇپتۇ سەلەي چاقچاق ئاستا پىچىرلاپ.

— بۇ بىر مەخپىي ئالاقە ئىكەن، ئۇنى تېز تەرجىمە قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ھەربىي ئەمەلدار.

سەلەي چاقچاقان ۋە مەيداندىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## ئۇ قانداق قىلاركىن؟

ئوپال بازىرىدا بىر تەمەخور موللام ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاقچاق بىلەن خوتۇنى چۆشلۈك تاماق يېمەكچى بولۇپ، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، خوتۇنى دېرىزە تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— دادىسى، كۆردىڭىزمۇ؟ ھېلىقى موللام يەنە كېلىۋاتىدۇ، كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ چۈشلۈك تاماق يېمىگەن ئوخشايدۇ دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق ئىككى تال چىش كولىغۇچنى ئېلىپ، بىرىنى ئايالىغا سۇنۇپ دەپتۇ:

— تېز بول، مېھمانخانىغا چىقىپ چىشىمىزنى كولىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالايلى، ئۇ قانداق قىلاركىن؟

## ئۆتنىگە لايىقۇت

سەلەي چاقچاق بىلەن خوتۇنى ناھايىتى ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ھويلىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋېتىپ:

— خۇدايىم نېمىشقا ئايالLARنى چىرايلىق، ئەمما دۆت ياراتقاندۇ! — دەپ چاقچاق قىپتۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، — دەپتۇ خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ.

— قانداقچە؟

— بىز قىز - ئايالLAR چىرايلىق بولغاچقا، سىلەر بىزنى ياخشى كۆرىسىلەر. بىز دۆت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز.

— پاھ، ئۆتنىگە لاپقۇت، دېگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆيىمىزگە ئوت كەتكەندە

سەلەي چاققان ئاتۇشقا بارغاندا، بىر سودىگەر بايۋەچچە ئۇنى گەپتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن سوراپتۇ:

— ئاڭلىسام، سىزنىمۇ خوتۇنىدىن قورقىدۇ، دەيدۇ. ئىككىڭلارنىڭ گېپى راستىنلا بىر يەردىن چىقامدۇ؟

— قۇرۇق گەپ.

— ئۇنداق بولسا ھۆل گەپ قايسى؟

— خوتۇنۇم بىلەن توي قىلغاندىن بۇيان بىرلا قېتىم گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى.

— قاچان؟

— ئۆيىمىزگە ئوت كەتكەندە.

— قانداق بولۇپ؟

— شۇ چاغدا ئىككىمىز تەڭلا «ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىدۇق، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ھە؟ — دەپتۇ بايۋەچچە ھودۇقۇپ ئۆزى ئۆتكەن جۈمە مۇشۇنداق ئىشنى باشتىن كەچۈرگىنىنى يادىغا ئېلىپ.

## مانا بۈگۈنلا چىقتى

مەھەللىدىكى بىر نەچچە ھۆرۈن، بىكار تەلەپ ياش بالا، سەلەي چاققاننىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە قوغۇن، تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىشقا ھەيران قالغان سەلەي چاققانغا قاراپ:

— سەلەي ئاكا، قوغۇنلىرى بۇ يىل راسا ئوخشاپتۇ.

ئۆزلىرى چېۋەر بولغاچقا قوللىرىنىڭ خاسىيىتىدە قوغۇنلۇقلىرىغا يا شۇمبۇيا چىقماپتۇ. يا تو چۈشۈپ كەتمەپتۇ، راستمۇ؟ — دەپتۇ.

— راست ئۇكام، راست، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقچى ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ، — سىلەر ھېلى دېگەندەك، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇمبۇيا چىقمىغانىدى. مانا بۈگۈنلا چىقتى.

## مېنى ئاپار

سەلەي چاقچاقنىڭ خوتۇنى يېڭى توي قىلغان كۈنلەردە، قولىغا نېمە چىقسا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇيدىكەن.

بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. بىراق، سەلەي چاقچاقان پەقەت چاندۇرماپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئايال ئۇياق - بۇيىقىغا قاراپ، قولىغا چىققۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماي:

— توڭگەن ئوخشايدۇ، ئەمدى نېمە ئاپىرارمەن؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قالغان سەلەي چاقچاقان دەپتۇ.

— مانا مېنى ئاپار! مەن قالدىم.

## مەنىسى مۇنداق

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلەي چاقچاقان جەمئىيەت ئەھۋالى توغرۇلۇق ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— دادا، سەن دائىم يۇرت بەگلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويىدىكەنسەن. بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— ۋاي بالام، سەن بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەنسەن،

— دەپتۇ سەلەي چاققان چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىم «كەمتەرلىكىم»، دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويغىنىم «گېپىمنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ياۋاش بول!» دېگىنىم.

— بولدى، بولدى، ھەممىنى چۈشەندىم، — دەپتۇ ئوغلى مەنىلىك كۈلۈپ.

## چۈشۈمدە كۆرگەن

سەلەي چاققان بىلەن ئايالى دائىم چاقچاقلىشىدىكەن، بىر كۈنى ئاچچىقى كەلگەن خوتۇن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھوي دادىسى، راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز ئاخشام جۆيلۈپ ئىسمىنى چاقىرغان خوتۇن زادى كىم؟

— سىزنى ماشىنا سوقۇۋەتكەندە قۇتقۇزۇپ، سىزنى داۋالىغان دوختۇر خوتۇن شۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— يالغان، مېنى قاچان ماشىنا سوقۇۋېتىپتىكەن؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئاخشام چۈشۈمدە، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئىككى خىل مۇھىملىق

سەلەي چاققان شوپۇر بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا بەك غەزەپلىنىدىكەن.

— سەلەي ئاخۇن ئۇستام، دادام بولالمايۋاتىدۇ، ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ، دادامنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز؟ — دەپتۇ پېنسىيەگە چىققان بىر ئىشچىنىڭ بالىسى يالۋۇرۇپ.

— مەنغۇ خالايتتىم. بىراق، ئۇنىڭدىن مۇھىم بىرسى بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم قانداق ئىش ئىكەن ئۇ؟ — سوراپتۇ بالا.

— كەچۈرسىز ئۇكام، ماشىنا باشلىقىنىڭ ئوغلىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ياشلارنى تەربىيەلەش بەك مۇھىم - دە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئىچ ئاغرىتىپ بالىغا.

## تەمنى تېتىۋاتىمەن

سەلەي چاقچاقنىڭ ئۈسمۈرلۈك دەۋرى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ يولنىڭ بۇلۇڭىدا تاماكا چېكىۋاتسا، مەھەللىنىڭ دورغا بېگى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھە، كىچىككىنە تۇرۇپ تاماكا چېكىشنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— چەكمىدىم، دورغا بېگىم، دادام دۇكاندىن ئاچچىق تاماكا ئەكەل، دېگەنتى. بۇ تاماكا ئاچچىقمۇ، تاتلىقمۇ، تەمنى تېتىۋاتىمەن.

— ياپىرىم، بۇنىڭ گەپدانلىقىنى، — دەپ كېتىپ قاپتۇ دورغا بەگ.

## قانچە پۇل ئىكەن

سەلەي چاقچاقنىڭ ياشلىق دەۋرى ئىكەن. ئۇ توي قىلىدىغان قىز ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىز چوڭ دادامنىڭ يېنىغا توگۇۋالغان نۇرغۇن پۇلى بار، ئۇنى كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدۇ، دېگەنتىڭىز.

ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟
— تېخى تونۇگۈن بىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.
— ناھايىتى ياخشىغۇ، زادى قانچە پۇل ئىكەن، — دەپتۇ قىز.
— ئىككى... — دەپ قولىنى كۆرسىتىپتۇ سەلەي چاققان.
— نېمە، ئىككى؟ تېزرەك دەڭە، — دەپ ئالدىراپتۇ قىز.
— ئىككى تال قوۋۇرغىسى زەخىملىنىپ شۇنى تېڭىۋالغانىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## مۇنداق چاغلاردا...

سەلەي چاققان ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ھەسەت قىلىدىغان بىر قوشنىسى بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— سەلەي ئاخۇن، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار قارىماققا بەك ئىناق ئۆتىدىكەنسىلەر. ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار قانداق چاغلاردا بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئۇرۇشۇپ قالىسىلەر؟
— ئۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، قوشنىسىنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، — ئايالىم ئۆز ئاتا - ئانىسىغا سوۋغا - سالام، زەللە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مەن دادام - ئانامغا پۇل بەرگەن چاغلاردىلا.
— مۇنداق دەڭ! — دەپتۇ قوشنىسى كېتىشكە ئالدىراپ خىجىل بولۇپ.

## ئۇنداق ھېساب يوق

سەلەي چاققان ئوپالدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، خەلپەت ئوقۇغۇچىلاردىن:
— ئەگەر بىر موللام كۆنىگە ئۆچتىن نان يېسە، ئۇ بىر يىلدا قانچە نان يەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۇنداق ھېساب يوق خەلپىتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق، — بىر يىللىق ناننى بىر موللام، بىر ئادەم يەۋالسا باشقىلار نېمە يەيدۇ؟

## يېغىلىق يارىتىش

سەلەي چاقچاق كەپتەر بېقىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بىر كۆنى بىر نەچچە كەپتەرۋاز بىلەن سۆزلىشىپ قاپتۇ. گەپ ئارىدا سەلەي چاقچاق دەپتۇ:



— بۇرادەرلەر، بىلەمسىلەر؟ مەن ھازىر كەپتەر بىلەن شاتۇتىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ، يېڭى سورت يېتىشتۈرۈۋاتىمەن.
— نېمىشقا؟ — سوراپتۇ بىرسى.
— نېمىشقا بولاتتى؟ دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مۇبادا كەپتەر يولدىن ئادىشىپ قالسا، ئۇ ئۆزى يول سورىيالايدۇ - دە.

## ئۆزىدىن سوراپ باققىن

سەلەي چاققاننىڭ خوتۇنى يېڭى كۆچۈپ كەلگەن ئۇدۇل قوشنىسىدىن رەنجىپ شىكايەت قىپتۇ:

— كىشىگە بەزدەك قاراپ تۇرىدىغان ئەجەب بىزەڭ كىشى ئىكەن. سەلەي چاققان:

— راستمۇ - قانداق؟ ئۆزىدىن سوراپ باققان بولساڭ بوپتىكەن، — دەپتۇ خوتۇنىغا.

— نېمىدەپ سورايتتىم؟

— بەز يەۋالغانمىدىڭىز، دەپچۇ! — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئەمما، يەلنى ئازراق يېگىن

سەلەي چاققان مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھە، نەگە ماڭدىڭ؟

— يەل - يېمىش يەپ كېلەي دەپ باغقا — دەپتۇ ئاغىنىسى.

سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يېمىش يېگىنىڭگە پىكرىم يوق. ئەمما، يەلنى ئازراق يېگىن، — قالما چاتاققا! — دەپتۇ.

## كەندىر يېغى

بىر كۈنى سەلەي چاققان كەندىر يېغىدا ئەتكەن پولۇ يەپ، بېشى قېيىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە كۆزىگە خوتۇنىنىڭ بېشى ئىككى، پۇتى تۆت بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — بېشىڭ ئىككى، پۇتۇڭ تۆت بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

سەلەي چاقچاقنىڭ ئايالى ئەھۋالنى تۇيۇپ قېلىپ دەپتۇ:

— ھە، شۇنداق بولدى. ئىككى بېشىمغا ئىككى غىجىم رومال، تۆت پۇتۇمغا تۆت ئاياغ ئېلىپ بېرىڭ!

سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا:

— ئىككى بېشىڭنىڭغۇ كارى چاغلىق، تۆت پۇتۇڭنى قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

## سامسا

بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنىڭ ئايالى مانتا ئەتكەنىكەن، ئېرى چۈشتە ئۆيگە كەلمىگەنلىكتىن، مانتىدىن ئېلىپ قويۇپ، تونۇرغا نان يېقىشقا تۇتۇش قىپتۇ. سەلەي چاقچاق كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە، ئايالى ئۇنىڭدىن:

— ئىسسىق نان يەمسىز ياكى مانتىمۇ؟ چۈشتە ئېلىپ قويغان مانتا سوۋۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— ياق، ياق، نان يېمەيمەن، مەن سامساڭنى ياخشى كۆرىمەن، سامسا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش

سەلەي چاقچاق تۇرپانغا بارغاندا تامچىلىق قىپتۇ. ئۇ بىر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىكەن. بىر كۈنى باي ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، سىز قەشقەردىن كەلگەن ئۇستا تامچى

ئىكەنسىز. ئۇزۇم قۇرۇتىدىغان بۇ چۆنچە ئۆينى ياخشىراق پۈتتۈرۈپ بېرىڭ. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىرىنچى دەرىجىلىك ئىش، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش ـ ھە! — دەپتۇ.

— باي ئاكا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — ئانام ماڭا تۇرپانغا بارغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىشلە، بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش ساڭا ئالمىخانغا ئوخشاش خوتۇن ئېلىپ بېرىش، دېگەنىدى.

— ھە؟...

## پىكىر ساندۇقى ئەكېلىپ بېرەي

سەلەي چاقچاق «ئاق ئەتىرگۈل» رېستورانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر غوجايىن رېستورانغا كىرىپتۇ ۋە بىر ئىش يادىغا كەپتۇ ـ دە:

— ھەي مۇلازىم، تېلېفون دەپتىرىڭلارنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭە، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئادرېسنى تېپىۋالاي، — دەپتۇ.

ئىسراپخور غوجايىننىڭ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن سەلەي چاقچاق:

— كەچۈرۈڭ، غوجايىن، بىزنىڭ بۇ يەردە تېلېفون دەپتىرى يوق، ئەمما مەن سىزگە پىكىر ساندۇقىنى ئەكېلىپ بېرەي، سىز ئۇنىڭدىن بۇ شەھەردىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ ئادرېسىنى تاپالايسىز، — دەپتۇ.

غوجايىن ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

## يوقلاپ كەلدى

سەلەي چاقچاق ناۋايخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە

غوجايىن بىلەن چاقچاقلىشىپ قالىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ غوجايىندىن:
— سىز ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە تىرىلىپ قوپىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق، ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ غوجايىن.
— ئۇنداقتا ئىش ئايدىڭلاشتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق قوش نىكاھلانغان غوجايىننى قورقۇتۇپ، — تۇنۇگۇن سىز جان كۈچىسىدىكى ھېلىقى خېنىمىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانتىڭىز، سىز كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى خېنىم بۇ يەرگە سىزنى يوقلاپ كەلدى.
— ھە؟...
غوجايىن ھوشىدىن كېتىپتۇ.

## دادام ئادۋوكات

سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئېيتىپتۇ:
— يېقىندىن بۇيان سەن دەرسلەرگە تىرىشمايدىغان بولۇپ قالدىڭ، مەن داداڭ بىلەن بىر كۆرۈشمىسەم بولمىدى.
سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرگە ھەيران قېلىپ:
— مۇئەللىم، ئەڭ ياخشىسى كۆرۈشمەڭ! — دەپتۇ.
— نېمىشقا؟
— مېنىڭ دادام ئەڭ قىزىقچى ھەم ئەڭ چوڭ ئادۋوكات، ئۇ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن ئادەمدىن سائەت بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئالىدۇ. يانچۇقىڭىزدا پۇل قالماسمىكىن؟
— ئاللا بېشىم — دەپتۇ مۇئەللىم.

## ئالمىشىش

سەلەي چاقچاق ئوپالدىن قەشقەر شەھىرىگە كەلگۈچە ئاپتوبۇس ناھايىتى قىستاڭچىلىق ئىكەن. ئۇ ئەدەپ بىلەن يېنىدا ئۆرە تۇرغان چىرايلىق چوكانغا قاراپ دەپتۇ:

— خېنىم، مېنى كەچۈرسىلە! ئەسلىي ئورنۇمنى ئۆزلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرسەم بولاتتى. بىراق، مەن يېقىندىلا «جىم ئولتۇرۇش كۇلۇبى» غا قاتناشقانىدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ چوكان، — مېنىمۇ كەچۈرسىلە. ئەسلىي مەن ئۆزلىرىگە مۇنچە تىكىلىپ قارىمىسام بولاتتى. لېكىن، مەن «تىكىلىپ قاراش كۇلۇبى» نىڭ ئەزاسى ئىدىم.

— ئوھوي، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ھېلىقى چوكاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرنىڭ كۇلۇبقا ئالمىشىپ، ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشنى قارار قىلدىم.

— ۋاي، بۇ نېمىدېگەن قىزىق ئادەم، — دەپتۇ چوكان.

## دەرەختە ئوت - چۆپ يوق

ئوپالدىكى چاقچاقلار مەھەللىسىدە بىر تۈپ ئۆجمە دەرىخى بار ئىكەن. ياز كۈنلىرى يىراق - يېقىندىكىلەر ئىرغىتىپ ئۆجمە يەيدىكەن.

ئۆيىگە يېقىن تۇرغان ئۆجمىگە بىر ئادەمنىڭ چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگەن مەھەللىدىكى باي ۋارقىراپتۇ:

— ھەي، سەلەي ئاخۇن، تەپتارتماي نېمىشقا مېنىڭ

ئۇجمىگە چىقىۋالىسەن؟

— تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، مەن ئوغرى ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئوغرى بولمىساڭ، نېمىشقا چىقىۋالدىڭ؟ — يەنە سوراپتۇ باي.

— ھە، ئازراق ئوت - چۆپ تېرىۋالاي، دەپ ئويلىغانىم، — دەپتۇ ئۇ.

— ھۇ كالۋا، قىلغان گېپىنى! نەدىمۇ دەرەختە ئوت - چۆپ ئۆسكەن ئىش بار؟

— شۇنداق، باي غوجام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — شۇڭا مەن ئۇجمىگە تويۇۋېلىپ دەرەخلەردىن يېنىپ چۈشتۈم.

## ئىچىپ بولالمىغان تۇرسا

سەلەي چاققان بىر يىلى بېلىق بېقىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا قاراپ:

— بالام، بېلىق قاچىسىدىكى سۇنى يەڭگۈشلىۋەتكىن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ئوغلى، — بېلىق تېخى قاچىدىكى سۇنى ئىچىپ تۈگەتمىگەن تۇرسا؟

سەلەي چاققان ئوغلىنىڭ قىزىقچىلىق ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ.

## ئەڭ ئېھتىياجلىق سۆز

سەلەي چاققان بىر يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇ. ئۇ قايتىش ئالدىدا ئايالىغا تېلېگراما بېرىۋېتىش ئۈچۈن، پوچتىخانىغا كىرىپتۇ. خىزمەتچى قىز ئۇنىڭغا تېلېگراما مەزمۇنىنى

تولدۇرىدىغان بىر پارچە قەغەز ۋە قەلەم بېرىپتۇ ۋە تېلېگراممىدىكى ھەربىر سۆزگە تۆلەيدىغان پۇل سانىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاق پۇل قاپچۇقىغا قارىسا، پۇلى يېتىشمەي كەملىگۈدەك. ئۇ خىزمەتچى قىزغا قاراپ دەپتۇ:

— سىڭلىم، تېلېگراممىدىكى «سۆيۈملۈكۈم» دېگەن بىر سۆزنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز، يېنىمدىكى پۇل تېلېگراممىا ھەققىگە بىر ئاز كەملەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ قىز ئۆزىنىڭ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تۇرۇپ: — سۆيۈملۈكۈم دېگەن سۆزنى ئېلىۋەتمەيلى، مەن كەم پۇلىڭىزنى تۆلەپ قوياي. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىدىن كۈتىدىغان، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان سۆزى «سۆيۈملۈكۈم» دېگەن بىر جۈملە سۆزدۇر، — دەپتۇ.

## «چاقچاق» كىم؟

سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا سومكىسىنى تەكچىگە قويۇپلا دادىسىدىن سوراپتۇ:

— بۈگۈن ئەدەبىيات ئىمتىھانىدا «چاقچاق» كىم؟ دېگەن سوئال چىقىپتىكەن، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم. كىم بولغىيتتى؟

— ۋاي ئەخمەق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — كۈندە نەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنتۇپ قالغىنىم زادى كىم بولغىيتتى؟ — دەپتۇ ئۇ تاپالماي.

— ماڭا قارا، «چاقچاق» دېگەن مەن بولىمەن. ئىسمىم سەلەي چاقچاق ئەمەسمۇ؟

— ھە؟

## كۆرمىسۇن دەيمەن

يۇرت بېگى سەلەي چاقدانىنى ناھايىتى ئۆچ كۆرىدىكەن، بىر كۈنى ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سەلەي چاقدانىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— سەلەي ئاخۇن، نېمانچە تېز ماڭدىڭىز؟ نېمىشقا يولدا داۋاملىق بىر كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقدان يۇرت بېگىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ:

— شۇنداق بېگىم، بىر كۆزۈم بولسىمۇ سىزگە ئوخشاش كىشىلەرنى كۆرمىسۇن، دەيمەن شۇڭا يۇمۇۋالغانتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## يۇتۇۋېتىش

سەلەي چاقدان كىچىك ۋاقتىدا كۆل بويىدا ئويناپ يۈرگەنىكەن. بىر ئىككى قات ئايال ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان سەلەي چاقدان بۇ ھامىلدار ئايالدىن:

— ئاچا، سىز قورسىقىڭىزدىكى بالىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىككى قات ئايال بۇ بالىغا زوقلىنىپ:

— ۋاي شاكىچىك، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن. ئۇ تۇغۇلسا سەندەك ئەقىللىك بالا بولىدۇ، — دەپتۇ.

سەلەي چاقدان بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئاچا، ياخشى كۆرىدىكەنسىزۇ، نېمىشقا ئۇنى يۇتۇۋەتتىڭىز؟

## يېرىم سائەتتە توختىتىۋېتىدۇ

سەلەي چاققان بىر يىلى ئىلىخوغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ياش يىگىتلەر ئۇنى باشلاپ يۇرۇپ ئىلى دەرياسى بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار دەريا مەنزىرىسىدىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىپتۇ. شۇ چاغدا شەھەرلىك بىر بالا شىددەتلىك سۇ ئېقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، سىز تەرەپتە مانا مۇشۇنداق مۆجىزىلەر بارمۇ؟

— يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمما، بىزدە بىر ماھىر ئۇستا بار، ئۇ مۇشۇنداق دەريانى يېرىم سائەتتە توختىتىۋېتەلەيدۇ.

— ھە؟...

## ئازراق ئۇخلىساڭ

سەلەي چاققان شەھەردە مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، تالىپلا ئۆزئارا مۇڭدىشىدىكەن. بىر كۈنى بىر تالىپ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا سوراپتۇ:

— ھەي ئاداش، مەن دائىم قەشقەرگە دوتەي بولۇپ چۈش كۆرىمەن. دوتەي دېگىنە؟ قانداق قىلسام چۈشۈم رېئاللىققا ئايلىنار؟

بۇ تالىپنىڭ ئەملەپەرەس مىجەزىنى بىلگەن سەلەي چاققان سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— سەۋر قىل ئاداش، ئازراق ئۇخلىساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن؟ چۈشۈڭ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ مەنىلىك كۈلۈپ.

## چاشقان دورىسى

سەلەي چاقچاقچان يەكەنگە بارغاندا، شەھەر ئىچىدە بىر دورا ـ دەرمەك ساتىدىغان دۇكان ئېچىپتۇ. بىر كۈنى بىر خېرىدار ئۇنىڭدىن:

— سەلەي ئاخۇنكا، سىلەر ماڭا سېتىپ بەرگەن ھېلىقى چاشقان دورىسى قانداق دورا ئىدى. چاشقانلار دورىنى يەپ ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەمرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنداق ئىش ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقچان، — سىز ئەنسىرىمەڭ، چاشقان دورىسىنى داۋاملىق سېتىۋېلىپ چاشقانلارغا بەرسىڭىز، چاشقانلار تولۇمدەك سەمرىپ كېتىدۇ، سىمىزلىكىدىن تۆشۈككە كىرەلمەيدۇ ـ دە، مۈشۈككە يەم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

## ھاراقتىن سۇ ئېغىر

سەلەي چاقچاقچان شەھەردە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بىر ئۆيگە مەشرەپكە بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ مىجەزى سەل غەلىتە ئىكەن.

— ئوخشاش ھەجىمدىكى سۇ بىلەن ھاراقنىڭ قايسىسى ئېغىر؟ — دەپ سوئال تاشلاپتۇ ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ.

— سۇ ئېغىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقچان.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئۆي ئىگىسى.

— ھاراق يەڭگىل بولغاچقا، يۇقىرىغا ماڭىدۇ، شۇڭا ھاراق

ئىچكەن ئادەمنىڭ پۇتى كالۋالىشىپ، بېشى قېيىپ كېتىدۇ. سۇ ئېغىر بولغاچقا، تۆۋەنگە ماڭىدۇ. شۇڭا، سۇ ئىچكەن ئادەمنىڭ كىچىك تەرىتى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

## ئۇنۇملۇك ئۇسۇل

سەلەي چاققان دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ سېمىز، ئەمەلدار ئاغىنىسى كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ.

— ئاداش، بەك سەمرىپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا ئورۇقلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان تولۇمدەك سەمرىگەن بۇ ئەمەلدار ئاغىنىسىگە قاراۋېتىپ:

— بىلەمسىز؟ ئورۇقلاشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، — دەپتۇ.

— قانداق ئۇسۇل ئۇ؟ — سوراپتۇ ئەمەلدار.

— ئۇ بولسىمۇ «باش چايقاش».

— نېمە؟ قانداق ۋاقىتتا «باش چايقايمەن؟» — يەنە سوراپتۇ ئەمەلدار.

— قانداق ۋاقىتتا بولاتتى؟ پۇقرالار سىزنى ئىشىمنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، دەپ رېستورانغا تاماققا تەكلىپ قىلغاندا.

## شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان

ئوپالدىن بىر نەچچە يۇرتدىشى شەھەرگە كېلىپ، سەلەي چاققانىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان ئاتنى كۆرگەن بىر يۇرتدىشى:

— سەلەي ئاخۇن، نېمە ئۈچۈن ئېتىڭىزنىڭ قۇيرۇقى ئىككى ياققا شىپاڭلىماي، يۇقىرى - تۆۋەن شىپاڭلايدۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ.

— جېنىم بۇرادەرلىرىم، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — سەھرا دېگەن كەڭ، شەھەردە ئۆيۈم بەك تار، بۇنى شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان.



## تەلەپ

سەلەي چاقىقان بولاقسۇدا يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر چىرايلىق چوكان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ:

— خېنىم، سىز گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنسىز؟

— سەلەي ئاكا، رەھمەت سىزگە.

— خېنىم، سىز ئاپتاپتەك ئىللىق ئىكەنسىز.

— رەھمەت سىزگە.

— خېنىم، سىز زەمزەمدەك پاك، سۈزۈك ئىكەنسىز.

— رەھمەت سىزگە.

— خېنىم، سىز ماڭا تېگەرسىزمۇ؟

— سىز خۇددى مېنىڭ ئېرىمدەكلا قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز.

— ھە؟...

## كېسەل يۇقىدۇ

سەلەي چاقچاق دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەلپىتىم دائىم ساۋاقداشلاردىن سوئال سوراپ، زېھنىنى سىناپ باقىدىكەن.

— ئادەملەر ھايۋاناتنى سۆيسە ھەرگىز بولمايدۇ، — دەپتۇ خەلپىتىم ئاگاھلاندۇرۇپ، — بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى قايسىڭلار بىلىسىلەر؟

— مەن بىلىمەن، چۈنكى كېسەل يۇقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇنىڭدىن كېسەل يۇقىشى راست، — دەپتۇ خەلپىتىم، — ئاخىر قانداق بولىدۇ؟

— قانداق بولاتتى؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ھامىمام ئامراقلىقىدىن دائىم شاتۇتنى سۆيۈپ قوياتتى. كېيىن، ئۇ شاتۇتى ئۆلۈپ قالدى.

## چۈمۈلىلەرنى ئالداش ئۈچۈن...

سەلەي چاقچاق تۇرپانغا بارغاندا، مەسچىت يېنىدىن بىر دۇكان ئېچىپتۇ. دۇكاننىڭ تىجارىتى ناھايىتى ياخشى ئېقىپتۇ. بىر خېرىدار بىر كۈنى بۇ دۇكانغا شېكەر سېتىۋالغىلى كىرىپتۇ. سەلەي چاقچاق ئۈستىگە «قارىمۇچ» دېگەن خەت يېزىلغان تارتمىنى ئېچىپتۇ.

— مېنىڭ ئالىدىغىنىم شېكەر، — دەپتۇ خېرىدار.

— بۇمۇ شېكەر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ئۈستىگە قارىمۇچ دەپ يېزىپ قويۇپسىلەرغۇ، ئەمىسە؟ — دەپتۇ خېرىدار.

— چۇمۇلىلەرنى ئالداش ئۈچۈن شۇنداق يېزىپ قويغان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## مەن سېنى قاچان تاپقان؟

بىر يىلى سەلەي چاقچاق قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە سەپەر قىپتۇ. ئۇ چوشكەن ماشىنىدا بىر يىگىت ئىككى كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. سەلەي چاقچاق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— يىگىت، نېرىراق ئولتۇرسىڭىز، — دەپتۇ. يىگىت قوپاللىق بىلەن:

— بۇ يەردە ئادەم بار، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن چىرايلىق بىر قىز ماشىنىغا چىقىپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ:

— بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، ئادەم يوق، — دەپتۇ يېنىنى كۆرسىتىپ.

بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاق خاپا بولغان ھالدا:

— يىگىت، بۇ يەردە ئادەم بار دېمىگەنمىدىڭىز؟ — دەپتۇ.

يىگىت قىزنى كۆرسىتىپ:

— مەن دېگەن ئادەم مۇشۇ بولىدۇ، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاقنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، دەپتۇ:

— تولا بىلجىرلىما، ئۇ دېگەن مېنىڭ قىزىم بولىدۇ. مەن سېنى قاچان تاپقان؟

## دادا بىلەن بالا

بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدا، خەلپەت سەلەي چاقچاقتىن قەشقەردىكى پۇقرالاردىن باج يىغىش پەرمانىغا كىمنىڭ ئىمزا قويغانلىقىنى سوراپتۇ:

— بىلمەيمەن ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق نارازى بولغان ھالدا.

خەلپەت سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسىنى مەكتەپكە چاقىرتىپ كېلىپ دادلاپ، سەلەي چاقچاقنىڭ بۇ قىلىقىدىن خاپا بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسى غەزەپلىنىپ، مەنىلىك ھالدا ئوغلىغا كايىپتۇ:

— راست گېپىڭنى قىل، ئەگەر سەن ئىمزا قويغان بولساڭ، مەن قىلدىم، باج ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. پۇقرالارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دە!

## ئوغرىلاپ كېتىدۇ

سەلەي چاقچاق مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، تەبىئەت دەرسى بېرىدىغان موللام سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— تۆمۈرنى سىرتقا قويۇپ قويساق، ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ داتلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا ئالتۇننى تالادا قويۇپ قويساق قانداق بولىدۇ؟

— قانداق بولاتتى، ئوغرى ئوغرىلاپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق ئورنىدىن تۇرۇپ.

## سەۋەب

قەشقەرنىڭ ئامبىلى بىر كۈنى سەلەي چاقىقاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، گەپ - سۆزىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭ بورىختاي[1]نىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئالاقىدار تەپسىلاتلاردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — مەن ئىلگىرى ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمدا يۇرتىنىڭ ئىگىسى - پەس ئىشلىرىنى ناھايىتى كۆپ بىلىپ كەتكىنىم ئۈچۈن، قارا تۇگمىلىك بۆك كىيگەن بىر «ئۇزۇن چاچ» مېنى ھەيدەتكۈزۈۋەتكەن، — دەپتۇ.

— ئەسلىي مۇنداق ئىكەن - دە، — دەپتۇ ئامبال قىزىرىپ كېتىپ.

## راست چىشقا ئوخشاش ئاغرىيدۇ

ۋات - ۋات قوشنىسىنىڭ چىش ئاغرىقى تۇتتىمىغاچقا، سەلەي چاقىقان ئۇنىڭغا چىشىنى ئالدۇرۇۋېتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ. چىش ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشنىسى قايتا - قايتا ئەينەككە قاراپ، خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، مېنىڭ يالغان چىشىم ياخشى سېلىنىدىمۇ؟

سەلەي چاقىقان خۇشال جاۋاب بېرىپتۇ:

---

[1] بورىختاي — ھازىرقى بۆلاقسۇ يېزىسى.

— ناھايىتى ئوبدان سېلىندى، سىز يەنە ئىلگىرىكىدەكلا گەپ - سۆز قىلىپ، ئاش - ناننى غەم قىلماي چايناۋەرسىڭىز بولىدۇ.

— ياق، ياق، — دەپتۇ قوشنىسى، — مېنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىم، چىشىم قاراشقا چىشقا ئوخشامدۇ - ئوخشىمامدۇ؟

— قاراشقا ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، ئاغرىغاندىمۇ راست چىشقا ئوخشاش ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقاقان مەنىلىك قىلىپ.

## ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتۇڭ

ھەر يىلى ئورمىدىن كېيىن قوغاندا ھەزرەت سەيلىسى قىزىپ كېتىدىكەن. جاي - جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر سەگىدەپ شەربەت كۆل بويىدا يېتىپ كېتىدىكەن. تۇيۇقسىز بىرەيلەن:

— ۋاي خۇدايىم، قانداق قىلارمەن، پۇل قاپچۇقۇم يوقاپ كەتتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاقاقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — ھەزرەت سەيلىسىدە ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتۇڭ، يەنى پۇل قاپچۇقىڭىز بىلەن ئايالىڭىزنى، سىز ماڭا قارىغاندا تەلەيلىك ئىكەنسىز، ئايالىم ھازىر يېنىمدا تۇراتتى...ئۇمۇ...

## ئىسمىنى سورىۋالسىڭىز بولغۇدەك

دەسۇ[1] مەھەللىسىدىكى بىر توپ ئايال ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغانىكەن، دەل شۇ ۋاقىتتا، سەلەي چاقاقان يولدىن

[1] دەسۇ — بۇلاقسۇدىكى جاي ئىسمى.

ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاياللاردىن بىرى سەلەي چاقىقانغا چاقچاق قىلىپ:

— سەلەي ئاخۇنكا دەپ بېقىڭا، ئېرىم ئۆيگە كىرگەندە ھەر دائىم كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدا قىزىل نەرسىنىڭ ئىزى بارلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. بۇ نېمە؟ — دەپ سورىسا، شوخلىنىڭ يۇقى، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەن زادى قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقىقان بۇ خوتۇننىڭ كۇندەشلىكىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ:

— يەڭگە، سىز ئۇ شوخلىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالسىڭىز بولغۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئۇنداقتا، مەن قېرىپ ئۆلسەم قانداق؟

پاشىشاپ بەگ بىر كۈنى، سەلەي چاقىقاننى «گۇناھ» ئۆتكۈزدى دەپ قازى مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەپتۇ. قازى ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا سەلەي چاقىقاننى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سەلەي چاقىقان بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي، قازىنى دارىتىملاپتۇ. ئاندىن قازىدىن كەچچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، سەن ئېغىر «گۇناھ» سادىر قىلدىڭ، قانداقمۇ كەچچىلىك قىلاي؟ بىراق، سەن قانداق ئۆلۈش ئۇسۇلىنى تاللىۋالساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ قازى.

— ئۇنداقتا، مەن قېرىپ ئۆلسەم قانداق؟ — دەپتۇ سەلەي چاقىقان.

— قازى گەپ سۆزدە يېڭىلىپ قالغانلىقتىن، سەلەي چاقىقاننى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

## مەن دېگەن نېگىر

سەلەي چاقچاق بىلەن خوتۇنى ناھايىتى ئىناق ئىكەن، بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ھەي دادىسى، مېنىڭ بىر گېپىم بار، ئۆزلىرىگە راست گەپنى دېسەم بولارمۇ؟ — دەپتۇ.

— قېنى دەڭلا .

— مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، سىزگە قاراپ - قاراپ تويمايمەن، لېكىن مەن رەڭ قارىغۇسى.

— كېرەك يوق خوتۇن، ئۇنداق بولسا مەنمۇ راست گەپنى قىلاي. مەنمۇ راۋاب چېلىپ يۈرىدىغان بىر نېگىر.

## تا مەن كەلگۈچە چىقىپ كەتمە

سەلەي چاقچاق مەھەللىدىكى ئوتلاقتا قوي بېقىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز ئوغلى كېلىپ دادىسىغا:

— دادا، دادا، ئات مىنگەن بىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، سەن تېز بارغىن، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق تېگىرقىغان ھالدا ئوغلىغا:

— بالام، ھازىر سەن ئەڭ تېز يۈگۈرۈپ ئۆيگە بار - دە، ئۇ ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورا، ئەگەر ھېلىقى كىشى ھاراقكەش بولۇپ قالسا، ئاشخانا ئۆيدىكى ئاچچىقسۇ شېشىسىنى تىقىپ قوي، ئەگەر ئۇ ساقچى بولۇپ قالسا، گۈرۈچ تۆككەن ئۆينى قۇلۇپلاپ قوي، ئەگەر ئۇ مال ساتقۇچى بولسا، سەن دەرھال ئاناڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋال، تا مەن كەتكۈچە چىقىپ كەتمە، — دەپتۇ.

## ئەپچىل سودا

سەلەي چاقچاقچى ھۆسەن تۇزەش ئورنىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بېشىدا چېچى قالمىغان بىر ھۆددىگەر كىرىپ كەپتۇ - دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەلەي ئاكا، ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشكە ئۇنارسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جېنىم بىلەن، مەن سىز ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— جېنىم سەلەي ئاكا، مەن چاچ كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغىلى كەلگەنىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ھۆددىگەر، — بىراق، مەن ئاغرىشتىن تولىمۇ قورقىمەن. ئەگەر سىز مېنىڭ چېچىمنى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۆزىگىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلالىسىڭىز ھەم ماڭا ئازاب، ئاغرىق ھېس قىلدۇرمىسىڭىز، مەن سىزگە بىر ئېشەك بېرىمەن.

— ياق، ئېشەك بولمايدۇ، مەن ئاتقا لايىق ئادەم، بىر موتو[1] بېرىڭ.

— ئۇنداق بولسا دېگىنىڭىزنى بېرەي.

— چاتاق يوق! — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئەمدى نامىڭىزغا تۇشلۇق ئىش قىلىدىكىز، — دەپتۇ - دە، تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ بىر موتوسىكلىتقا ئىگە بوپتۇ.

## سانىنى ئىلىپ قوياي

سەلەي چاقچاق ھېيتگاھتا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە

---

[1] موتو — موتوسىكلىت.

توساتتىن چىشى ئاغرىپ قېلىپ، چىش كېسەللىكلىرى ئامبۇلاتورىيەسىگە كەپتۇ. چىش دوختۇرىنىڭ قولى سەل ئەگرى ئىكەن.

— ھە، سەلەي ئاكا، كەپقاپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چىش دوختۇرى سەل ھودۇقۇپ.

ھە، چىشىم ئاغرىپ كېلىشىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق دەرھال يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ.

— پۇل تۆلەشكە ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ دوختۇر سەلەي چاقچاقنىغا قاراپ قويۇپ.

— مەن پۇل تۆلەشكە ئالدىرىغىنىم يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سىز مېنى ناركوز قىلىشتىن ئىلگىرى پۇلۇمنىڭ سانىنى ئېلىپ قويايمىكىن دەيمەن.

## تارتىنماڭلار

بىر يىلى سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ. يېزا - كەنتلەرنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى تەبرىكلەپ سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سەلەي چاقچاق قوغۇن - تاۋۇز، قەنت - گېزەكلەرنى داستىخانغا لىق تىزىپ، ئۇلارنى قارشى ئاپتۇ. لېكىن، بۇ رەھبەرلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى تەبىئىي بولماستىن، ناھايىتى تەكەللۇپ قىپتۇ.



— ئېلىڭلار، بېقىڭلار، دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، ئۇلارغا چاي سۇنۇپ. ئۇلار يەنە ئالماي، باقماي تارتىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ ئىچى پۇشقان سەلەي چاقچاقان:
— يۇرت چوڭلىرى تارتىنماڭلار، ئادەتتە ھۆكۈمەتنىڭكىنى يېگەندەك يەۋېرىڭلار، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن داستىخانغا قول سوزۇپتۇ.

## پاك - پاكىز يەپ تۈگەتكەن

پاششاپ بەگ سەلەي چاقچاقان ئاچقان ئاشخانىغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر قېتىم تاماق يېگىلى كىرىپ:
— سەلەي ئاخۇن، ماڭا بىر چىنە شورپا ئەكېلىپ بېرىڭ، لېكىن ئۇنىڭغا يەنە چىۋىن چۈشۈپ قالمىسۇن، تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە تاماق يېگەندە، شورپىدىن بىر تال چىۋىن چىقىپ قالدى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقانغا.
— بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بۈگۈن چىۋىن چىقىپ قالماسلىقىغا كاپالەت بېرىمەن، چۈنكى بۈگۈن بىز سىزگە يامانىياز دەرياسى بويىدىن تۇتۇپ كەلگەن ياۋا توخۇ قورۇمىسىنى ئەپچىقىپ بېرىمىز.
— بۇنىڭ چىۋىن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دەپتۇ پاششاپ بەگ.
— ئەلۋەتتە تازا مۇناسىۋىتى بار دەڭا، بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بىز ياۋا توخۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئاشخانىمىزغا قويۇپ بەرگەنىدۇق. ئۇ بۇ يەردىكى چىۋىنلەرنىڭ بىرەرىنىمۇ قويماي، پاك - پاكىز يەپ تۈگەتكەن.

## بىز كېيىن قالماپتۇق

بىر يىلى ئوپالدا توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنىكەن، سەلەي چاقئان خوتۇنىنى ئېلىپ كەلگۈچە، يېرىم مەيدان توپ ئوينىلىپ بوپتۇ. ئەھۋالنى بىلەلمىگەن سەلەي چاقئان:

— نەچچىدە نەچچە بولدى، — دەپ سوراپتۇ يېنىدىكى بىرىدىن.

— يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— نۆلدە نۆل.

— ناھايىتى ياخشى ئەمدى باشلىنىپتۇ، ھەر نېمە بولسا بىز كېيىن قالماپتۇق، — دەپتۇ ئۇ ئايالىغا قاراپ.

## ئىككىمىزنىڭ ئوخشاش بوپتۇ

سەلەي چاقئان بىلەن خوتۇنى ئۇرۇمچىگە ساياھەتكە چىقىپتۇ. خوتۇنى ئايروپىلانغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، توساتتىن بىر نەرسە ئېسىگە چۈشكەندەك بولۇپ ئېرىگە:

— سەلەي ئاخۇن، يامان بولدى، مەن گاز ئۇچىقىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىنادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كېتىدىغان بولدى ـ دە، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەلەي چاقئان خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ:

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ سۇ جۈمەكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئىككىمىزنىڭ ئوخشاش بوپتۇ.

## دىت

سەلەي چاقئان بىلەن ئادۋوكات بىر دەۋا ئۈستىدە

سۆزلىشىپتۇ. ئادۋوكات سەلەي چاقچاقنىغا بۇ دەۋادا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— ئەگەر مەن سوتچىغا ئىككى قوي سوۋغا قىلسام، ئۇنىڭ ماڭا ياردىمى بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دەپتۇ ئادۋوكات، — ئۇنداق قىلىش سىز ئۈچۈن پايدىسىز، سوتچى سىزنى پارا بېرىپتۇ، دەپ بىلىپ قالىدۇ.

سوت سەلەي چاقچاقنىغا «گۇناھسىز» دەپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ئادۋوكات سەلەي چاقچاقنى تەبرىكلەپ:

— مەن سىزگە خېلى بۇرۇنلا سىزنى گۇناھسىز قىلىپ چىقىمەن دېگەنىدىمغۇ؟ — دەپتۇ.

— چۈشەندىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مەن قارشى تەرەپنىڭ نامىدا سوتچىغا ئىككى قوي سوۋغا قىلغانىدىم.

## قۇرت كېچىدە ئۇخلىمامدۇ؟

سەلەي چاقچاق كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى زېرەك ئىكەن، ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا «كەمپۈت يەيمەن» دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. ئانىسى دەپتۇ:

— بالام، بولمايدۇ، ئۇخلايدىغان چاغدا كەمپۈت يېسەڭ چىشىڭنى قۇرت يەيدۇ.

— مېنى گوللىماڭ ئانا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بىز ئۇخلىغان يەردە، قۇرت ئۇخلىمامدۇ؟

## «ئەمما»

سەلەي چاقچاق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، خەلپىتىم «ئەمما» دېگەن سۆزدىن دەرس ئۆتۈپتۇ. ئۇ تالىپلارغا:

— «ئەمما» دېگەن سۆز كۆپ مەنىلىك، كۆپ جايدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئەتىسى بىر تالىپ «ئەمما» دېگەن سۆزنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، بىر پارچە ماقالە يېزىپ كەپتۇ. خەلپىتىم ماقالىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ناھايىتى خاپا بولغان ھالدا، ماقالە ئۈستىگە:

— ئەمما، كېلىدىغان جايغا ئەمما يېزىلماپتۇ. ئەمما كەلمەيدىغان جايغا ئەمما يېزىلىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمما كېلىدىغان جايغا ئەمما يېزىلىشى، ئەمما كەلمەيدىغان جايغا ئەمما يېزىلماسلىقى كېرەك، — دەپ سۆز يېزىپ قويۇپتۇ. تالىپلار خەلپىتىمنىڭ سۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرى:

— بۇغۇ راست، خەلپىتىم نېمانداق قىلغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانداق قىلسا بولاتتى؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋاب بېرىپ:

خەلپىتىم ئارقا ـ ئارقىدىن بىر مۇنچە ئەممانى ئىشلىتىۋېلىپ، بىز ئىشلىتىشكە ئەمما قويماپتۇ.

## موردىن ئىس يېنىپ قىلىش

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سەلەي چاققان ئۇپالدىكى ئۈجمىلىك مەھەللىسىدە كېتىۋېتىپ، بىر دېھقاننىڭ ئىشىك ئالدىدا يالغۇز چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، سەلەي چاققان ئاكا، — دەپتۇ دېھقان بىر ھازادىن كېيىن زوۋانغا كېلىپ، — موردىن ئىس يېنىپ قالغانتى.

— چاتاق بوپتۇغۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، —

ئوخشىماقمۇ تەس ئەمەس، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

سەلەي چاقچاق دېھقاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىكنى ئاچقانىكەن، دۈمبىسىگە سوپۇرگە تېگىپتۇ. ئارقىدىنلا بىر ئايالنىڭ: «يوقال، ھۇ قېرى لۈكچەك، بولمىسا بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ـ دە، دېھقانغا قاراپ:

— كېرەك يوق، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بەزىدە موردىن ئىس يېنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

## بەش گىردە نان

قەشقەرنىڭ گىردە نانلىرى گۈل چىقىرىلىپ ناھايىتى چىرايلىق يېقىلىدىغان چاغلار ئىكەن.

شەھەردە تۇرغان مەزگىلدە سەلەي چاقچاق ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ھېيتگاھقا بېرىپ بەش گىردە نان سېتىۋالىدىكەن. بىر قېتىم مەھەللىسىدىكى بىر پىخسىق باي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ھەر كۈنى سىز بەشلا گىردە نان سېتىۋالىدىكەنسىز. ياكى كۆپ ئەمەس، ياكى ئاز ئەمەس. نېمە ئۈچۈن بەشلا نان سېتىۋالىسىز؟

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — بەش ناننىڭ بىرىنى ئۆزۈم يەيمەن، ئىككىسىنى قەرزگە بېرىمەن، ئىككىسى بىلەن قەرز تۆلەيمەن.

— تۈزۈكرەك چۈشەندۈرۈڭە، تازا بىلەلمىدىم.

— بۇنىڭ بىلەلمىگۈدەك نەرى بار؟ بىرىنى ئۆزۈم يەيمەن، ئىككىسىنى باللىرىمغا بېرىمەن، قالغان ئىككىسىنى مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامغا ئەپچىقىپ بېرىمەن ـ دە!

— يائاللا، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! — دەپتۇ پىخسىق باي سەلەي چاقچاقانغا قول قويۇپ.

## چۈش

سەلەي چاقچاقاننىڭ خوتۇنى ئۇخلاپ قوپۇپ ئېرىگە دەپتۇ:
— بايا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە قۇربان ھېيتتا سىز ماڭا بىر تىزىق مەرۋايىت سوۋغا قىپسىز. ئېيتىپ بېقىڭ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرى نېمە؟
— بۇنى كەچتە بىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.
كەچتە يېتىشتىن بۇرۇن سەلەي چاقچاقان بىر كىچىك بولاقنى خوتۇنىغا بېرىپتۇ. خوتۇنى خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي، بولاقنى ئېچىپتۇ. ئىچىدىن «چۈش تەبىرى» دېگەن كىتاب چىقىپتۇ.
— قانداق؟ مەن ياخشى تەبىر بېرەلمىدىكەنمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان خوتۇنىغا قاراپ.
— ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن! — دەپتۇ خوتۇنى.

## ئۈچىنچى شەخس

سەلەي چاقچاقاننىڭ ئائىلىسى ناھايىتى ئۆم - ئىناق، كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىزىقچىلىقى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، خوتۇنى گۈللۈكتىكى ئۈچ كىچىك كېپىنەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— بۇلار چوقۇم بىر جۈپلەر، — دەپتۇ.

— جوپ بولسا نېمە ئۈچۈن كېپىنەك ئۈچ بولۇپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ گۈللۈكتە، — دەپتۇ ئوغلى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى چوقۇم ئۈچىنچى شەخس، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئۇلارنى كۆلدۈرۈپ، — بىرى ئارقىسىدىن ماراپ كەلگەن.

## ئەمدى داداڭغا ئوخشىدىڭ

سەلەي چاقچاق ئوغلىغا خەت ئۆگىتىۋېتىپ، «ئاسمان» دېگەن خەتنى يازدۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ تەپەككۇرىنى ئاشۇرماقچى بولۇپ:

— ئوغلۇم، بېشىڭنىڭ ئۈستىدە نېمە بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ.

— چاچ.

— چېچىڭنىڭ ئۈستىدىچۇ؟

— ئۆگزە.

— ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىچۇ؟

— شاخ - شۇمبا.

سەلەي چاقچاق ئاچچىقى بىلەن جوزىنى بىر مۇشتلاپتۇ - دە:

— ئەمدى ئۈستىڭدە نېمە بار؟ ئوبدان قاراپ باق! — دەپتۇ.

بالا ھودۇققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ھەم:

— يەنە، يەنە، قۇشلار ئۇچۇۋاتىدۇ.

— قۇشنىڭ ئۈستىدە نېمىلەر بار؟

— بۇلۇت.
— بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىچۇ؟
— ئاسمان، — دەپتۇ ئوغلى ئەركىن تىنىپ.
— ھەببەللى، ئەمدى داداڭغا ئوخشىدىڭ، يازە، «ئاسمان».

## قانداقمۇ ئۆزگىرىمەن؟

سەلەي چاقىقان بىلەن خوتۇنى بىر كۈنى ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ چاقچاقلىشىپ قاپتۇ. خوتۇنى ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگەن ھالدا:
— دادىسى، بىز توي قىلغىنىمىزغا ئون يىل بولدى، كۆپ جاپا چەكتىڭىز. بىراق، ئازراقمۇ ئۆزگەرمىدىڭىز - ھە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق خوتۇن، شۇنداق، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان، — سىزگە كىيدۈرىمەن، دەپ تويدا كىيگەن كىيىمىمنى ئون يىلدىن بۇيان كىيىۋاتسام، قانداقمۇ ئۆزگىرىمەن؟

## توڭلاپ قالمىسۇن دېدىم

خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، سەلەي چاقىقان ئوردا ئىچىدىكى گۈل - گىياھلارغا ناھايىتى ئوبدان قارايدىكەن. بىر قېتىم ئۇ گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتسا ئوردا بېگى قەستەن سوراپتۇ:
— ھەي سەلەي ئاخۇن، گۈللەرگە ئىسسىق سۇ قۇيۇۋاتامسەن - قانداق؟ ھور چىقىۋاتىدۇ، بۇ قانداق ئىش؟
— كۆرمەملا بېگىم، ھازىر تالا بەك سوغۇق، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان بەگكە قاراپ، — سىلىنىڭمۇ باشلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، گۈلنى توڭلاپ قالمىسۇن دېدىم.

# مۆجىزە

بىر نەچچە مەنمەنچى تاشقى كېسەل دوختۇرى مۆجىزە توغرىسىدا پاراڭ سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ماختىشىپتۇ. بىرىنچىسى دەپتۇ:

— مەن بىر يىگىتنىڭ سۇنغان قولىنى داۋالاپ قويغانىدىم، ئۇ ھازىر داڭلىق تۆمۈرچى بولۇپ قالدى.



— مەن بىر ئايالنىڭ كۆزىنى داۋالاپ قويغانىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئۇ ھازىر داڭلىق دوپپىچى بولۇپ قالدى. بۇ مۆجىزە ئەمەسمىكەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچاق مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— سىلەرنىڭكىنى مۆجىزە دېگىلى بولماس. مەن قىزىق چاقچاقلىرىم بىلەن شاخ ـ شۇمبا توشۇيدىغان بىر دۆتنى كۈلۈمسىرەيدىغان قىلىپ قويغانىدىم. ئۇ قوناق شېخىدا راۋاب ياساپ چېلىپ ئوپالدىكى داڭلىق راۋابچى بولۇپ قالدى.

## مەن بىلەن تەڭ ياشتا

خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەزىنىچى بەگ سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:
— قارىغاندا خېلى كۆچۈك بار يىگىتتەك كۆرۈنىسەن، قانچە ياشقا كىردىڭ؟
— 25 ياشقا.
— ئۇنداق بولسا داداڭ قانچە ياشقا كىردى؟
— مەن بىلەن تەڭ ياشتا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق بەگنىڭ غەزىپىنى بىلىپ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سوراپتۇ بەگ، — راست گەپ قىل!
— راست گەپ قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — دادىسىنى قېرى دېگۈسى كەلمەي، — مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا دادا بولۇشقا باشلىغان.

## سەۋزە تېرىسىلا

سەلەي چاقچاقنىڭ قوشنىسى چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان بېخىل ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان سەلەي چاقچاقنى قاراپ:
— سەلەي ئاخۇن، سىزنىڭ خېلى پەمىڭىز بار ئادەم، باغ يېرىمىزگە پىياز تېرىسام بولارمۇ ياكى سەۋزە تېرىسام بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىزنىڭ ئۆيدىكى توخۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋزىگە ئامراق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەڭ ياخشىسى سەۋزە تېرىسىلا.

# چۈشىدىمۇ كۈنلەش

سەلەي چاقچاقان خۇش ئاۋاز ئادەم بولغانلىقتىن، خوتۇنى ئانچە ـ مۇنچە كۈنلەپ قالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەلەي چاقچاقانغا:

— سىز بۈگۈن مېنى شۇنداق خاپا قىلدىڭىزكى، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپتۇ.

ھەيران بولغان سەلەي چاقچاقان دەپتۇ:

— ئەمدىلا تاڭ ئاتسا، مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟

— كېچە چۈشۈمدە باشقا بىر مەزلۇم قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىشۇدى، سىز خۇشاللىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىڭىز، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ھەي خوتۇن، ئۇ دېگەن بىر چۈشقۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئويلاپ باقمامسىز، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىز مېنىڭ چۈشۈمدە شۇنداق قىلىپ يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ چۈشىدە نېمىلەرنى قىلمايسىز؟!

# شۇنچىلىك ئالىدۇ ـ دە!

سەلەي چاقچاقاننىڭ دادىسى ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باجگىر سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:

— سەلەيجان، داداڭ قانچە كۈندە بىر قېتىم ساقال ئالىدۇ؟

— دادام بىر كۈندە يەتتە قېتىم ساقال ئالىدۇ.

— تولا جۆيلۈمە، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ باجگىر ھەيران قېلىپ.

— ئەجەبلەنمەڭ، ئۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ

سەلەي چاقچاقنىڭ، — باجگىرلار كۆندە نەچچە قېتىم كېلىۋاتقان يەردە، ساتىراشلىق قىلغاندىكىن، شۇنچىلىك ئالىدۇ ـ دە!
باجگىر ئويالغىنىدىن تىكىۋېتىپتۇ.

## پەداز

سەلەي چاقچاقان خوتۇنى بىلەن مەھەللىدىكى بىر تويغا بارماقچى بوپتۇ. خوتۇنى جابدۇنۇپ بولغاندىن كېيىن تۇۋلاپتۇ:
— ھوي، سەلەي ئاخۇن، تېخىچە ساقىلىڭىزنى ئالماپسىزغۇ؟
— ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — تېزرەك بولمامسەن؟ سېنىڭ ياسىنىپ بولۇشۇڭنى كۈتۈۋېرىپ، ساقىلىم يەنە ئۆسۈپ كەتتى.

## ئايالللار بولمىغان بولسا

سەلەي چاقچاقان بىلەن خوتۇنى ئۆيدە پات ـ پات چاقچاق قىلىشىپ قالىدىكەن. بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ تۈگمىسىنى قاداۋېتىپ كوتۇلداپتۇ:
— ئەگەر دۇنيادا خوتۇن خەق بولمىغان بولسا، سىلەر ئەر خەقلەر قانداق ياشىغان بولاتتىڭلار؟
— ۋاي، بۇنىڭغىمۇ غەم قىلىش كېتەمدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئەگەر خوتۇن خەق بولمىغان بولسا، بىز ئەرلەر ئىشتان كىيمەن دەپ ئاۋارە بولۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

## مەن نېمىشقا يوق بولۇپ قالغاندىمەن؟

سەلەي چاقچاقان بىلەن خوتۇنى بىر كۈنى ئوپال بازىرىغا تىياتىر كۆرگىلى بېرىپتۇ. تىياتىرخانىدا «غېرىب ـ سەنەم»

تىياتىرى ئوينىلىۋاتقانىكەن، تىياتىرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سەلەي چاقچاقنىڭ خوتۇنى:
— مەن ئەخمەق ئايال ئىكەنمەن، ئەينى چاغدا كەينىمگە كىرىۋالغانلار شۇنداق كۆپ ئىدى. ھەممىسىنى رەت قىلىۋېتىپتىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقنى سىنىماقچى بولۇپ.
— ئىست، ئىست! — دەپتۇ سەلەي چاقچاق جاۋابەن، — سەن رەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەن نېمىشقا يوق بولۇپ قالغاندىمەن؟
ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەندە

سەلەي چاقچاق مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، خەلپەت پاشا توغرۇلۇق سۆزلەپتۇ:
— بىلەمسىلەر، ئەركەك پاشا ئادەم چاقمايدۇ. ئادەم چاقىدىغىنى چىشى پاشا. ئېسىڭلاردا تۇتۇۋالدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ.
— تۇتۇۋالدۇق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئورنىدىن تۇرۇپ، — تاغام خوتۇنىنى دائىم ئۇراتتى، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇر، دەپ ھەيران قالاتتىم. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەندە.

## خۇداغا شۈكۈر

سەلەي چاقچاق مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە خەلپەتتىن سوراپتۇ:
— خەلپىتىم، بىر كىشى ئۆزى قىلالمىغان ئىش تۈپەيلىدىن بىرەر جازاغا تارتىلىشقا لايىقمۇ؟

— ئەلۋەتتە لايىق ئەمەس، — دەپتۇ خەلپەت.
— تىللاشقىچۇ؟
— تىللاشقىمۇ بولمايدۇ. بالىلىرىم، — دەپتۇ خەلپەت.
— خۇداغا شۈكۈر، سىز «پەيشەنبىلىك ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەنىدىڭىز، ئۆيدە بىر تىيىن يوق، ئېلىپ كېلەلمىگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئۆزرە قويۇپ.

## ئەقىل

ئۆستەڭ بويىدا بىر موماي ئولتۇرغانىكەن، سەلەي چاقچاق ئۇ مومايدىن:
— موما، چىشلىرىڭىز ساقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ۋاي ئانىمەي، چىشىمنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپتۇ موماي.
— ھەئە، بار ئىدى.
— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟
— كىچىككىنە ئىش، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق قوينىدىكى توم نەرسىنى سۇنۇۋېتىپ، — موما، بۇ نەرسىنى سىز ساقلاپ بېرىڭ. مەن توپ ئويناپ كېلەي.
موماي ئېچىپ قارىسا ياڭاق ئىكەن، تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## قۇلىقىم تىنچ بولىدۇ

سەلەي چاقچاق ئەر - خوتۇن داۋاملىق قىزىق پاراڭلىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر قوشنىسى:
— سەلەي ئاخۇنكا، سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى خالامسىز؟ — دەپتۇ.

— خالىمامدىغان ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مەن 100 ياش ئۆمۈر كۆرۈشنى، خوتۇنۇم 99 ياش ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايدۇ.

— نېمىشقا خوتۇنىڭىز سىزدىن بىر ياش كەم ياشايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسى.

— ھەي قوشنام، نېمىسىنى دەي، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مەن بىر يىل تىنچ ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن، قۇلىقىم تىنچ بولىدۇ.

## كۆزقارىشىمىز ئوخشاش ئىكەن

بىر كۈنى ئوپالدا بىر مۇتەئەسسىپ سوپى ۋەز ئېيتىۋاتقاندا، سەلەي چاقچاقنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ پەس ئاۋازدا ئولتۇرغان جامائەتكە:

— جەننەتتە كىرىمىز دەيدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

ئۇخلاپ قالغان ھېلىقى كىشىدىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپتۇ. سوپى يەنە پەس ئاۋازدا:

— ئولتۇرۇڭلار! — دەپتۇ. ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپتۇ:

— دوزاخقا كىرىمىز دەيدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!

تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغانغان سەلەي چاقچاق ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ـ دە، سوپىغا قاراپ دەپتۇ:

— كەچۈرسىلە سوپى غوجام، مەن نېمىگە ئېپادە بىلدۈرۈۋاتقىنىمنى بىلمىدىم، بىراق قارىغاندا سىز بىلەن كۆزقارىشىم ئوخشاش ئىكەن.

# ئابرۇي دېگەن نېمە؟

سەلەي چاقچاقدىن بىر سودىگەر ئابرۇي توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قاپتۇ:

— ئابرۇي دېگەن چوڭ ئىش، — دەپتۇ سودىگەر، — ئابرۇي دېگەن بىرەر ۋالىي بىلەن كۆرۈشۈش ياكى پاراڭلىشىش دېمەكتۇر.

— خاتا گەپ قىلما بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سەن تەكلىپكە بىنائەن ۋالىي بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالسا، ۋالىي تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئەدەب بىلەن ساڭا «جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ تېلېفونى ئىكەن» دېسە، ئابرۇي دېگەن شۇ.

# تاماكا چېكىۋاتقان ۋاقتىمدا خېمىر يۇغۇرمايمەن - دە!

سەلەي چاقچاق ناۋايخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە غوجايىنى ئۇنىڭغا زەردە قىپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ئاڭلىسام سەن خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ تاماكا چېكىدىكەنسەن، ئۇنداق قىلما!

— يالغان، قانداقمۇ ئۇنداق قىلاي، كىم دەيدۇ؟

— بىرسى شۇنداق دەيدۇ.

— بىلدىم، غوجايىن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق تۇرۇپ كېتىپ، — شۇنداق قىلغانمۇ بولاي، بىراق مەن تاماكا چېكىۋاتقان چېغىمدا، خېمىر يۇغۇرمايمەن - دە!

## چىشىمنىڭ ھەممىسى يالغان چىش

سەلەي چاقچاق چىش دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەھەللىدىكى بىرى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپتۇ.

— سەلەي ئاخۇنكا، سىز چىش دوختۇرلۇقتا خېلى نام چىقىرىپ قالدىڭىز، دەپ بېقىڭا، سىزنىڭمۇ چىشىڭىز ئاغرىپ باقامدۇ؟

— ئون يىلدىن بېرى مېنىڭ چىشىم پەقەت ئاغرىپ باقمىدى، — دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق.

— سەلەي ئاكا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزنىڭ مەلۇم مەخپىيىتىڭىز بارمۇ ياكى ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورىڭىز بارمۇ؟

— ھېچقانداق ئالاھىدە، ئۈنۈملۈك دورام يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بىر مەخپىيىتىم بار، ئۇ مەخپىيىتىم شۇكى، مېنىڭ چىشىمنىڭ ھەممىسى يالغان چىش...

## بەزى باشلىقلار

سەلەي چاقچاق كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاغىنە، زاۋۇتىمىزنىڭ باشلىقى تىياتىر كۆرگەندە ئەڭ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇپ كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ، راستمۇ؟

— راست.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ دېگەن ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن.

— ئەمىسە، كىنو كۆرگەندە نېمىشقا ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ كۆرىدۇ؟

— بۇ دېگەن ئامما بىلەن بىللە بولغانلىق.

— ئۇنداقتا، مېھمان كۈتكەندە، زىياپەت شىرەسىنىڭ بېشىدا يەنە ئاشۇ زاۋۇت باشلىقى ئولتۇرىدۇ، دېيىشىدۇ، راستمۇ؟

— راست، شۇنداق.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ دېگەن ئامىمىغا ۋەكىللىك قىلغانلىق.

— ئەمىسە، ئۇ داۋاملىق ئىشخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغۇ؟

— ھوي دۆت، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — بۇ دېگەن باشلىقنىڭ ئامىمىغا بەك ئىشەنگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

## مەن ئىشقا ماڭاي دەۋاتىمەن

سەلەي چاقچاقان بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ ھېرىپ - چارچىغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئايالىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېۋىش چىقارماي، كىيىملىرىنى سالپتۇ، - دە، ئاۋايلاپ مېڭىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، نېمانچە كەچ قايتىپ كەللە؟ دەپ سوراپتۇ ئايالى ئويغىنىپ.

— ئانىسى، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان كەيپى ئۆچكەن ھالدا كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيىپ، — «خۇدانىڭ كۈنى تۈگىمەس، باينىڭ ئىشى تۈگىمەس» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ مانا ھازىر ئىشقا ماڭاي دەۋاتىمەن.

## يەنە توك كېتىپ قالدى

سەلەي چاقچاقان بىر يىلى موزدوزلۇق دۇكىنىغا غوجايىن بوپتۇ. بىر كۈنى كەچتە بىر ئايال دۇكانغا كىرىپ ئاياغ كۆرگەن

بولسىمۇ مۇۋاپىق كەلمەپتۇ. سەلەي چاققان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلچىمەكچى بوپتۇ. بۇ ئايالنىڭ كۆزى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن، سەلەي چاققاننىڭ قىزىقچىلىقىنى ئاڭلىغان ئايال، تىزىم ئېچىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، پۇتىنى كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىۋاپتۇ.

— سىڭلىم نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ — سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— ئىزا تارتىۋاتىمەن.

— ھەي نەس باستى، دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىرەر ئاياغ سېتىلغان بولسىمۇ كاشكى، يەنە توك كېتىپ قالدى...

## سوقۇر ئۇچىيىم بولسىز

سەلەي چاققان بىر يىلى خوتۇنىنى ئېلىپ شەھەرگە «غېرىب - سەنەم» تىياتىرىنى كۆرگىلى كىرىپتۇ. تىياتىردا غېرىب:

«سەنەم، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈۋاتقانغا ئۇزۇن بولدى. مەن سىزنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، تېنىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمەن» دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان خوتۇن تەسىرلىنىپ:

— دادىسى، ئاڭلىدىڭىزمۇ، بۇ گەپنى؟ سىز قاچانلىققا مېنى ئۆز تېنىڭىزنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇيدىغان بولارسىز؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان تىياتىرنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆرۈۋاتقاچقا، خوتۇنىنىڭ گېپى بىلەن كارى بولماپتۇ. خوتۇنى يەنە:

— ھوي، دادىسى مەن سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن. مەن زادى سىزنىڭ تېنىڭىزنىڭ قايسى قىسمى بولىمەن؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق بىزار بولغان ھالدا:
— سوقۇر ئۇچىيىم بولىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بىر ئاش پىشىم

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ساقىلىنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ساتىراشخانىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:
ئۇستام، ساقال - بۇرۇتۇمنى ياساتماقچى ئىدىم، يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
ساتىراش ئۇستام دۇكان ئىچىدىكى خېرىدارلارغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:
— يەنە بىر ئاش پىشىم ساقلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاق بۇنى ئاڭلاپ ساتىراشخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. يەنەبىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە كەپتۇ.
— ساقال - بۇرۇتۇمنى ياساتماقچى ئىدىم، ماڭا قاچان نۆۋەت كېلەر؟
ساتىراش ئۇستام دۇكاندىكى خېرىدارلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:
— يەنە بىر ئاش پىشىم ساقلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
سەلەي چاقچاق يەنە چىقىپ كېتىپتۇ.
بۇ ئىشلاردىن ئىنتايىن ھەيران قالغان ساتىراش كىچىك شاگىرتىغا:
— سەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ باق، ئۇ زادى نەگە بارىدىكىن؟ — دەپتۇ.
بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن، شاگىرت بالا قايتىپ كەپتۇ. ساتىراش ئۇستام ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— قانداق، سەلەي چاقچاق نەگە كەتتى؟
— ئۇ، دەل سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرىپ كەتتى. ئېھتىمال، بىر ئاش پىشىم ۋاقتى توشتى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

## ئۆي ئىزدەش

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق شەھەردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ كەيپ بولۇپ قېلىپ ئۆيىگە تۈن يېرىمىدا قايتىپتۇ. ئۇ يولدىكى ساقچىنى كۆرۈپ:

— ھوي، ساقچى ئەپەندى، مۇشۇ كوچىنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسام ئۆز ئۆيۈمنى تاپالامدىمەن ـ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي ئاكا، سىزنىڭ ئۆيىڭىز قايسى تەرەپتە ئىدى، — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاق:

— ئەگەر مەن ئۆيۈمنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلگەن بولسام، ئاۋارە بولۇپ سىزدىن سورىمىغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

## قايسىسى كۆپ؟

سەلەي چاقچاق كىچىكىدىن باشلاپلا، راۋاب چېلىشقا بەك قىزىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى:

— بالام تېز بىرىپ راۋاب چېلىشنى مەشىق قىل، مەن تۈنۈگۈن ساڭا ۋەدە قىلغانغۇ؟ سەن ياخشى مەشىق قىلىپ، ئوبدان چېلىشنى ئۆگىنىۋالساڭ، مەن ھەر كۈنى ساڭا بىر داچەن بېرىمەن، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق چاقچاق قىلىپ:

— ياق بولمايدۇ دادا، قوشنىمىز ماڭا:

— سەن راۋاب چېلىشنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپ قاپسەن.ئەگەر راۋابنى ئۆيدە چالمىساڭلا، ھەر كۈنى ساڭا ئىككى تەڭگە بېرىمەن، — دىگەنىدى، ئېيتىپ بېقىڭا، قايسىسى كۆپ؟ — دەپتۇ.

## ئەمدى توسىدىغان ئادەم يوق

بىر قاۋاقخانىدا سەلەي چاقچاقان بىلەن يەنە بىر يېقىن ئاغىنىسى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاغىنىسى سەلەي چاقچاقاننى كۆرۈپ:

سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ئىلگىرى دوختۇر سېنىڭ هاراق ئىچىشىڭگە رۇخسەت قىلمىغانىدىغۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

بۇنىسىنى توغرا دېدىڭ، ــــ دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، ــــ ئەمما شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ دوختۇر تېخى ئۆتكەن هەپتىلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمدى توسىدىغان ئادەم يوق.

## ئۆزۈمنىڭ كىرىنى ئۆزۈم يۇغان ۋاقىتتا

سەلەي چاقچاقان بىر يىلى قومۇل تەرەپلەرگە بېرىپ بىرەر يىل تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندە خوتۇنى سوراپتۇ:

ــــ سەلەي ئاخۇن، قومۇلغا بېرىۋېلىپلا بىرەر يىل تۇرۇپ قالدىڭىز، مېنى سېغىنمىدىڭىزمۇ ـ قانداق؟

ــــ ناهايىتى سېغىندىم خوتۇن.

ــــ قانداق ۋاقىتتا ئەڭ سېغىندىڭلار؟

ــــ ئۆزۈمنىڭ كىرىنى ئۆزۈم يۇغان ۋاقىتتا.

ــــ ۋاي ئەسكى.

## دادامدىن يۇقتى دېمەمدىمەن؟

بىر كۈنى سەلەي چاقچاقان بىلەن ئوغلى تەڭلا ئۇخلاپ قېلىپ دادىسى ئىشقا، ئوغلى مەكتەپكە بارالماپتۇ. ئىچى تىت ـ

تىت بولغان سەلەي چاقچان ئوغلىدىن:

— بالام، تۈنۈگۈن ھەر ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرالماپتۇق. مېنىڭغۇ ئىدارىدىكىلەر ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ، لېكىن سېنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭ كاجىراق، مەكتەپكە بارغاندا، نېمىمۇ دەرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاتاق يوق، دادا، — دەپتۇ ئوغلى، — دادامنىڭ كېسىلى يۇقۇپ قالدى دېمەمدىمەن؟

## خوتۇنى كۆرۈپ قالغانىكەن

سەلەي چاقچان دوختۇرخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر سېستراغا دەپتۇ:

— دىققەت قىلىڭلار، 50- نومۇرلۇق بىماردا ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۈمىد قالمىدى.

— نېمە؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بايىلا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ خېلى جىق گەپ قىلغانىغۇ؟ — دەپتۇ سېسترا.

— دەل شۇ سەۋەبتىن تۈگەشتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — بايا ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتۇپ گەپ قىلغاندا ئۇنىڭ خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

## شۇڭا سۈرئىتى تېز

سەلەي چاقچان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر ياتاقدىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاداش، فىزىكا دەرسى بىلەنمۇ خېلى تونۇشۇپ قالدۇق، ئېيتە، نېمە ئۈچۈن راكېتانىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ؟

— ۋاي ئاداش شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇنىڭ كۆتىگە ئوت كەتكەندىكىن، جېنىنىڭ بارىچە قاچىدۇ - دە! شۇڭا سۈرئىتى تېز!

## چۈشمەيدۇ

سەلەي چاققان ئايالىغا بەتىنىكە ئېلىش ئۈچۈن سودا يەرمەنكىسىگە كىرىپتۇ. مال كۆرۈۋاتقان خېرىدارلار ئىچىدىكى بىرسى دەپتۇ:

— يا ئاللا، ھەممە نەرسىنىڭ نەرقى ئېشىپ كېتىپتۇ. قانداق نەرسە ئۆرلىۋالغاندىن كېيىن چۈشمەيدىغاندۇ؟

— مال باھاسى، ئۇ ئۆرلىۋالسىلا چۈشمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆيگە بالدۇرراق بارمىز

قەشقەرگە پويىز كەلگەن يىلى سەلەي چاققان ئانىسى بىلەن بىللە پويىزغا ئولتۇرۇپ يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. پويىز قوزغالغان ھامان سەلەي چاققان ۋاگون ئىچىدە ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— بالام، نېمانداق يۈگۈرۈۋېرىسەن؟ ئۆز ئورنۇڭغا ئولتۇر! — دەپتۇ ئانىسى.

— ياق، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋاب بېرىپ، — پويىز مېڭىۋاتقاندا، مەنمۇ يۈگۈرسەم، ئۆيگە بالدۇرراق بارىمىز ئەمەسمۇ؟

## ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى

سەلەي چاققاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، تېلېۋىزور

كۆرەلەيدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ ھەيران بولغان خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ھازىرقى كىنولاردا نېمە ئۈچۈن دائىم قىز قاچسا، يىگىت قوغلايدىغان كۆرۈنۈشلەر كۆپىيىپ كېتىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇنى رېژىسسور «ھايۋاناتلار دۇنياسى» دىن ئۆگىنىۋالغان چېغى، ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى ئەسلىي شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

## يېرىمغىلا توغرا كېلەتتى

سەلەي چاقچاق مەھەللىدىكى بىر تويغا خوتۇنىنى ئېلىپ بىللە بېرىپتۇ. قايتىشىدا خوتۇنى ئاغرىنىپ:

— دادىسى، سىز ھازىر ماڭا ئۆزگىرىپ قالغاندەك بىلىنىۋاتىسىز. توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىز بىللە ماڭغاندا، ئېرىق - ئۆستەڭگە توغرا كېلىپ قالساقمۇ، مېنى يۆدۈپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتىڭىز، لېكىن ھازىر كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇ چاغدا سىزنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىڭىز ھازىرقى ئېغىرلىقىڭىزنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كېلەتتى ئەمەسمۇ؟

## ھەممىمىزنى يەر يەيدۇ

سەلەي چاقچاق بۇغدايلىقنىڭ بېشىدا سايىداپ ئولتۇرسا بىر جېدەلخور قوشنىسى قويلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئېتىزلىقىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ.

— قوشنام، بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي

چاقچاقان.

— ئوت پۈراپ يۈرگەندۇر، — دەپتۇ قوشنىسى.

سەلەي چاقچاق يېنىغا كەلگەن ئىككى قوينى سىقىملاپ بىرىنى پۈراپ، بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا قۇلىقىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— قوي بىلەن گەپ قىلىشىۋاتامىلا - نېمە؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئەرز - ھالىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئىگىمىز زالىم، بىزنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن دەيدۇ. باقساڭ سەن باقىسەن، جىق بۇغدىيىڭنى بىز يېدۇق، تەڭ بولىمىز، — دەۋاتىدۇ، دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— سىزدە يەيدىغان چىش نەدە؟

— يالاپ چوڭ قىلسام ئىت يەيدۇ.

— ئىتنى نېمە يەيدۇ؟

— پىت يەيدۇ.

— پىتنى نېمە يەيدۇ؟

— چىل يەيدۇ.

— چىلنى نېمە يەيدۇ؟

— لىچىن.

— لىچىننى كىم يەيدۇ؟

— مەن يەيمەن.

— سىزنى كىم يەيدۇ؟

— ھەممىمىزنى قوشۇپ يەر يەيدۇ!

جېدەلخور قوشنىسى گەپتە تەڭ كېلەلمەي تىكىۋېتىپتۇ.

## تۇغۇلغاندىن بۇيان سىرتقا چىقىپ باقمىدى

سەلەي چاقچاقان ئاشخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە

مۇلازىمەتچى بولۇپتۇ. بىرنەچچە خېرىدار ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئولتۇرا ـ ئولتۇرماي:

— سەلەي چاقچان بار ئىكەن، — دەپ، نامىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە غىزالانغىلى كەلگەنىدۇق. بىراق، ئاشخاناڭلاردا چىۋىن بەك كۆپ ئىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچان:

— ئېزىز مېھمانلىرىم، خاتىرجەم بولۇشسىلا، ئۇلار ناھايىتى پاكىز، — دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

— چىۋىن پاكىز بولغان نەدە بار؟

— بۇ يەردىكى چىۋىنلەر تۇغۇلغاندىن بۇيان، ئاشخانىمىزدىن سىرتقا چىقىپ باقمىدى. بەك گەپ ئاڭلايدۇ. ئىشەنمىسىلە، ئەنە ئاۋۇ غوجايىندىن سوراپ بېقىشسىلا، — دەپتۇ غوجايىننى كۆرسىتىپ.



## شۇنداق بولمىسا، ئەمىسە؟

سەلەي چاقچان ئوغلى بىلەن داۋاملىق چاقچاق قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، بېشىدىن

بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغلى:
— دادا، نېمىشقا ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايروپىلاننى كۆرسىتىپ.
— قارىغاندا، ئايروپىلان ئىسسىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.
— قانداق دەيسەن؟ دەپ يەنە سوراپتۇ ئوغلى.
— شۇنداق بولمىسا، — دەپتۇ سەلەي چاقَقان ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ، — ئايروپىلاننىڭ ئۈستىگە شۇنچىۋالا چوڭ شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلامتى ئەمىسە؟

## «مۆجىزە»

خەلپىتىم تالىپلارغا «مۆجىزە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، بىر مىسال كەلتۈرۈپتۇ:
— ساۋاقداشلار، ئەگەر بىر كىشى ھېيتگاھ مەسچىت مۇنارىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ھېچقانداق زەخىملەنمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا بىز بۇنى نېمە دەيمىز؟
— بەختەستەلىكتىن دەيمىز.
— كاللىسى جايىدا بولمىغانلىقتىن دەيمىز.
ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىدىن قانائەتلەنمىگەن سەلەي چاقَقان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— بۇ ئۇنىڭ تەلىيىدىن دەيمىز.
ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپتۇ.

## بولمىسا سەت بولىدۇ

بىر يىلى سەلەي چاقَقان پىلانلىق تۇغۇت تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپتۇ. پىلانلىق تۇغۇت خادىمى ياشلارنىڭ توي قىلىشتىن ئاۋالقى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن دەرس

ئۆتتۈۋېتىپ، ئولتۇرغان بىرسىدىن:
— ئەگەر ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىق ئەھۋالى سېزىلىپ قالسا نېمە قىلىش كېرەك؟ دەپ سوراپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچاقچان دەرھال قوشۇمچە قىلىپ:
— دەرھال توي قىلىۋېتىش كېرەك، بولمىسا سەت بولىدۇ، — دەپتۇ. ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## كېيىن مەنمۇ سېتىۋەتتىم

ئوپالدا بىر چوڭ قورۇق ئىگىسى — باي ئۆتكەن ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ ئادەملەر كۆپ جايدا ئۆز قورۇقىنىڭ تولىمۇ چوڭلۇقىنى ماختاپ:
— ئەگەر ئات بىلەن قورۇقنى ئايلىنىپ چىقىدىغان بولسام، ئالاھەزەل بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچان دەرھال:
— ھە، شۇنداقمۇ بېگىم، ئىلگىرى مەنمۇ ئاشۇنداق قاشاڭ ئاتتىن بىرنى سېتىۋالغان، كېيىن مەنمۇ سېتىۋەتتىم، — دەپتۇ.
قورۇق ئىگىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋەردىم

سەلەي چاقچان ماشىنا بېكىتىدە تۇرغانىكەن، بىرسى ئۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپتۇ؛ سەلەي چاقچان ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ:
— تۈنۈگۈن ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى خۇددى مەن بىلەت ئالمىغاندەك، ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالدى.
— سىز قانداق قىلدىڭىز؟
— قانداق قىلاتتىم؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — مەنمۇ

خۇددى بىلەت ئالغاندەك، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردىم.
— بۇ ئىشنىڭ ئۇدۇل كەلگىنىنى، — دەپتۇ ئۇ كىشى قىزىرىپ.

## قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆددە قىلىمەن

بىر يىلى سەلەي چاقتاقان كىچىكرەك بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىنى ئېچىپتۇ. يىراق - يېقىندىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ مال سېتىۋالىدىكەن.
— قارىغاندا بۇ ئوق ئۆتمەس كىيىم ئوخشايدۇ، زادى ئىشەنچلىكمۇ - قانداق؟ — سوراپتۇ بىر خېرىدار.
— ئىشەنچلىك، — دەپتۇ سەلەي چاقتاقان، — بىز بۇ كىيىمدىن خېلى ئەكەلدۇرۇپ ساتتۇق، لېكىن بىرەرسى كېلىپ، قايتۇرۇپ باقمىدى.
— سەلەي ئاكا، ئەگەر مەن بۇنى كىيىپ، ئوق تېشىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلىسىز؟ — يەنە سوراپتۇ خېرىدار.
— قورقماڭ ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاقتاقان، — شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆددە قىلىمەن.

## ئەكسى جاۋاب

سەلەي چاقتاقان بىر يىلى ئاتۇشقا چىققانىكەن، ناھايىتى كۆپ ئادەمنىڭ پۇتبول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يۇرت بېگى ئۇنىڭدىن پۇتبولنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش جەھەتتە قانداق تۆھپىسى بارلىقىنى سورىغانىكەن، سەلەي چاقتاقان:
— مۇتلەق تۆھپىسى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

— مۇتلەق تۆھپىسى يوق دەمسىز؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ يۇرت بېگى، نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— ئەقىل ئىشلىتىڭ بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مەنىلىك قىلىپ، — پوتبول مۇسابىقىسىدە دەم ئېلىشقا تېگىشلىك يىگىرمە ئىككى ئادەم ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي، جېنىنىڭ بارىچە توپ تېپىمەن دەپ يۈگۈرەيدۇ. لېكىن، ئىشى بار نەچچە ئون مىڭ ئادەم بىكار ئولتۇرۇپ بۇلارنى كۆرىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

## ئىككى كېسەلنى قاچۇرۇۋەتتى

بىر يىلى ئوپالدىكى بىر دورغىنىڭ بالىسىنىڭ چىشى ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بالىسىنى يېتىلەپ، سەلەي چاقچاق ئاچقان دوختۇرخانىغا بېرىپ چىشىنى تارتقۇزۇپتۇ. ئاندىن سەلەي چاقچاقنىغا تەڭگە تەڭلەپتۇ. سەلەي چاقچاق پۇلنى كۆرۈپ:

— غوجام ئۆزلىرى خېلى پۇلدار، 15 تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ۋاي سەلەي ئاخۇن، ئالدىنقى ھەپتە تېخى چىش تارتقاندا، بەش تەڭگە ئالىمەن دەۋاتقان ئىدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق دېگەنلىكىم راست، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — لېكىن، بۈگۈن بالىڭىز چىشىنى تارتقۇزغىچە ۋارقىراپ يىغلاپ ئىككى كېسەلنى قاچۇرۇۋەتتى.

— ئوھۇي، ما گەپنى! مېنىمۇ يىقتىدىغان ئادەم بار ئىكەن ھە؟ — دەپتۇ دورغا نائىلاج.

## جالاقشىيدۇ

كېيىنكى مەزگىللەردە سەلەي چاقچاق تاكسى شوپۇرى بولۇپ

قاپتۇ. بىر قېتىم قاتناش ساقچىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:
— ماشىنىڭىزنىڭ سۈرئەت كۆرسەتكۈچى قېنى؟
— ماڭا سۈرئەت كۆرسەتكۈچ كەتمەيدۇ.
— نېمىشقا؟ — سوراپتۇ ساقچى.
— مېنىڭ ماشىنامنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 30 كىلومېتىرغا يەتكەندە ماشىنامنىڭ ئالدى چىراغلىرى جالاقشىيدۇ، 40 كىلومېتىرغا يەتكەندە ئىشىكى تاراقشىيدۇ، 50 كىلومېتىرغا يەتكەندە ئۈستى جالاقشىيدۇ، 60 كىلومېتىرغا يەتكەندە مېنىڭ چىشلىرىم جالاقشىيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.
— يا پىرىم! خۇدا ساقلىسۇن، — دەپتۇ قورقۇپ كەتكەن ساقچى.

## قايسىسى كەپتۇ؟

يۇرت بەگلىرى سەلەي چاقچاقانغا تۆھمەت چاپلاپ ئۇنى تۈرمىگە سولۇتۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى گۇندىپاي ئۇنىڭغا:
— ھوي، سەلەي ئاخۇن، خوتۇنۇڭ سېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئەكەلگەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋال، — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.
— قايسىسى كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقان.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەن گۇندىپاي:
— نېمە؟ قايسىسى كەپتۇ، — دەپ سورايسەنغۇ؟ سەن سولتەكنىڭ نەچچە خوتۇنۇڭ بارتى؟ — دەپ توۋلاپتۇ.
سەلەي چاقچاقان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— مېنىڭ يۇرت - يۇرتتا تونۇشۇم كۆپ، ئاياللارمۇ ھەم، مەن قوش نىكاھلىق بولۇش ئەيىبىم بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالغانتىم، — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ۋاي، بۇ گۇي نېمە دەيدىغاندۇ، — دەپتۇ گۇندىپاي گاڭگىراپ.

## كېچىچە گۈلخاننىڭ كۆرۈنۈشىنى بەردى

ئۇزۇن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەلەي چاقچاق بىر قانچە بۇرادەرلىرى بىلەن بىر قاۋاقخانىدا مەي ئىچىپ تۇنەپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئۆز ئورنىدا داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن غوجايىن سەلەي چاقچاقنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— قىزىق ئىش غوجايىن، بۇ تېلېۋىزوردا كېچىچە گۈلخاننىڭ كۆرۈنۈشىنى بەردى، ئەجەب ئۇزۇن ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ھۇ، ھاماقەت، — دەپتۇ غوجايىن، سەن يەنە كېچىچە مۇشۇ مەشكە قاراپ ئولتۇرۇپسەن - دە! ئىسىت كۆمۈرۈم؟!

## كىممۇ يولۋاس ئوغرىلاشقا پېتىنالايدۇ؟

سەلەي چاقچاق باغچە ئالدىدا بىر قانچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ئاردا قولى ئەگرى بىر قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ قەستەن سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، يېقىنىدىن بۇيان ئەھۋالىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، نېمە خاپىلىق كەلدى؟

— ۋاي قوشنام، نېمە خاپىلىق كېلەتتى؟ ئۆزىڭىزگە مەلۇم، مەن باغچىدا ئىشلەيتتىم، ئىشىمدىن قۇرۇق قالدىم، بەك ناھەق بولدى.

— نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن؟

— مەن تۈنۈگۈن ئاخشام باغچىدىكى يولۋاس تۇرىدىغان قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، يولۋاس يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — لېكىن قازىخانىدىكىلەرمۇ ئويلاپ باقمايدىكەن، كىممۇ يولۋاس ئوغرىلاشقا پېتىنالايدۇ؟

— ھە...؟

# ئەنگە ئالاتتىم

يۈرت بېگى چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ، تېرە ـ خۇرۇملار دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مال سېتىۋاتقان سەلەي چاققانغا زەڭ سېلىپ سوراپتۇ:

— مەن سېنى بۇرۇن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

— ئېسىمدە يوق.

بەگ يەنە سوراپتۇ:

— مەن چوقۇم سېنى كۆرگەن، ئېھتىمال بۇرۇنقى ئىش ئورنۇڭدا بولسا كېرەك، سەن بۇرۇن نەدە ئىشلەيتتىڭ؟

— مەن بۇرۇن ئوردىدا پۈتۈكچى بولغان، ئوردا مەھكىمىسىنىڭ تېرە ـ خۇرۇملىرىنى ئوغرىلاپ تۈتۈلغانلارنى ئەنگە ئالاتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئېھتىمال شۇ يەردە كۆرگەنلا تەقسىر.

يۈرت بېگىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

# ئالتە بارماقلىق پەرىشتە

سەلەي چاققان ياش ۋاقتىدا رەسىم سىزىشقا، ھۆسنخەت يېزىشقا ناھايىتى قىزىقىدىكەن، بىر قېتىم ئۇ، تامغا ئالتە بارماقلىق بىر پەرىشتىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويۇپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دورغا ئۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سەن قاچان ئالتە بارمىقى بار پەرىشتىنى كۆرۈپ باققان؟! — دەپتۇ دوق قىلىپ.

— كۆرۈپ باقمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى بەش بارمىقى بار پەرىشتىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

## ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگىنىڭىز بارمىتى - يە؟

بىر يىلى سەلەي چاقچاق شەھەرگە كىرىپ، ياۋاغدىكى بىر پىخسىق باينىڭ مېھمانسارىيىدا قونماقچى بولۇپتۇ. بۇ مېھمانسارايدىن پېقىر - مىسكىنلەر ناھايىتى نارازى ئىكەن، بىرەيلەن توساتتىن:

— بۇرادەرلەر، بۇ يەردە قونماڭلار، تۈنۈگۈن كەچتە مەن بۇ مېھمانسارايدا بىر توپ چاشقانلارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دەپتۇ.

— ئىشەنمەڭلار، ياتىقىم ئەرزان، — دەپتۇ باي ماختىنىپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سەلەي چاقچاق:

— باينىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش. بۇنچە ئەرزان باھالىق ياتاقتا چاشقانلارنىڭ ئۇرۇشقانلىقىنى كۆرمەي، ئىت تالاشتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىڭىز بارمىتى - يە؟ — دەپتۇ كىنايە قىلىپ.

## كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەن ئوخشايدۇ

بىر كۈنى ئوپالدىكى بىر بايۋەچچە سەلەي چاقچاقنىڭ يولىنى توسۇپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سەلەي ئاكا، سىز ماڭا ئىنتايىن كارغا كەلمەيدىغان ئىتتىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىپسىز، تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، 500 تەڭگە پۇلۇمنى ئوغرىلاپ كەتتى. بۇ ئىت ھەتتا ۋاقىرىمۇ قويمىدى، — دەپتۇ.

— بايۋەچچەم، خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇ ئىتنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى سىزدىنمۇ ئۆتە بىر كاتتا باي. سىلەردەكتىن نەچچىنى سېتىۋالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىت

ئۇنچىلىك پۇلنى كۆرگە ئىلىپ كەتمىگەن ئوخشايدۇ.

## ئېنىق سانىۋالاي دەيمەن

سەلەي چاقچاقنىڭ چىشى توختىماي ئاغرىپ ئارام بەرمەپتۇ. ئۇ، شەھەردىكى بىر دوختۇرخانىغا كىرىپلا دوختۇرنىڭ ئالدىدا يانچۇقىنى ئاختۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— پۇلنى كېيىن تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ دوختۇر.

— ۋاي ياق، ھازىر ئاختۇرمىسام بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — سوراپتۇ دوختۇر.

— مەن پۇلنى ئاۋۋال تۆلىۋېتەي دېگىنىم يوق، بەلكى مېنى ناركوز قىلىشتىن بۇرۇن بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىسۇن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق دوختۇرغا قاراپ قويۇپ، — يانچۇقۇمدىكى پۇللارنى ئېنىق سانىۋالاي دەيمەن.

## سىز ئۇ چاغدا ھاسا تاياق بىلەن ماڭاتتىڭىز

سەلەي چاقچاق بايلارنى ناھايىتى ئەخمەق قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ، گۈزەدە ئولتۇرۇپ، دائىم بۇ يولدىن ئۆتىدىغان بىر باي كىشىدىن سەدىقە سوراپتۇ.

— مەن دائىم سېنىڭ ماڭا قول ئۇزاتقانلىقىڭنى كۆرسەملا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ، — دەپ مەسخىرە قىپتۇ باي.

— باي جانابلىرى، ئۇنداق دېمەڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئەگەر ئون يىل بۇرۇن مەن سىزگە قول ئۇزاتقان بولسام، ئۇ چاغدا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىسىڭىز بولۇۋېرەتتى.

— ئۇنداقتا، ئون يىل بۇرۇن بولغان بولسا، سەن مەندىن تېخىمۇ كۆپ پۇل سورايدىكەنسەن - دە!؟ — دەپتۇ باي كىشى.

— خاتالاشتىڭىز باي غوجام، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، —

مەن ئەسلىدە نوچى چېلىشچى ئىدىم، سىز ئۇ چاغدا ھاسا تاياق بىلەن ماڭاتتىڭىز.
— ۋاي نېمە دېدىڭ؟

## توگمەن چۆرۈيدۇ

يۇرتتا ئۇن تارتىش ئىنتايىن قىيىن ئىكەن، يۇرت ئاقساقىلى سەلەي چاقچاقنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.
— سەلەي ئاخۇن، سەن خېلى ئەقىللىك، يۇرتىمىزدىكى بەزىلەر ئۇستىمىزدىن غەيۋەت قىلىپلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. قېنى ئېيتىپ باقە، سېنىڭ قانداق ياخشى تەدبىرىڭ بار؟
— تەدبىر تېپىلىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئەڭ ياخشىسى، ئەرلەرنى ئۆستەڭنىڭ بۇ يېقىغا، ئاياللارنى ئۆستەڭنىڭ ئۇ يېقىغا ئاپىرىۋېتىش كېرەك.
— ۋاي، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ ئاقساقال، — ئۇلار ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— نېمە ئىش قىلاتتى؟ توگمەن چۆرۈيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## ئىنشائاللا، بەرىكەت تاپقايسەن

سەلەي چاقچاقان يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئۈزۈك تېپىۋاپتۇ، بۇنى كۆرۈپ قالغان شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ساقچىسى ئۇنى سوت قىپتۇ:
— ھەي سەلەي، سەن نېمە ئۈچۈن تېپىۋالغان قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى ساقچىغا تاپشۇرمايسەن؟
— مەن تاپشۇرۇش نىيىتىدە بولغانىدىم، — دەپتۇ سەلەي

چاقچاقان، — بىراق، ئۆزۈكنىڭ ئۈستىدىكى سۆزنى كۆرۈپلا بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.
— قايسى سۆز ئىكەن ئۇ؟ — سوراپتۇ ساقچى.
— ئىنشائاللا، بەرىكەت تاپقايسەن! — دېگەن سۆز ئىكەن.

## ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرمەپتىمەن

بىر يىلى سەلەي چاقچاقان ئېشىكىگە مىنىپ، «قىت - چۇھ» دېگىنىچە شەھەرگە كىرىپتۇ. ئېشەكنى ساراي - دەڭدە قويماي، مىنگىنىچە ھېيتگاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەھەر ھاكىمى:
— ھەي سەھرالىق پوجاڭ تۇماق، ئېشەككە مىنىپ ھېيتگاھقا بارغان نەدە بار؟ ئېسىپ قويغان ئاۋۇ تاختاينى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— پوجاڭ تۇماق دېمىسىلە ھاكىم بېگىم، تۇمىقىم باشلىرىدىكى سۆسەر تۇماق بىلەن بىر يۇرتتىن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — كۆردۈم، بىراق ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرمەي قاپتىمەن.

## ئىش چاتاق ئىكەن - ھە؟

سەلەي چاقچاقاننىڭ يەكەندە بىر دوستى بار ئىكەن، ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئايالى بىر قېتىمدىلا ئۈچ بالا تۇغۇپتۇ، سەلەي چاقچاقاننى يوقلاپ كەلگەن دوستى بىر سورۇندا:
— ئايالىم ئۈچ بالا تۇغدى، قانداق، مەن نوچىمىكەنمەن؟ — دەپتۇ مەغرۇر ھالدا.
— قانداق قىلىپ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقان.
— ئايالىم ھامىلىدار مەزگىلىدە «ئۈچ نوچى» دېگەن

ھېكايىنى ئوقۇغانىدى، — دەپتۇ دوستى، — بەلكىم، شۇ ھېكايە ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.
— خۇداغا شۈكرى، — دەپتۇ سەلەي چاققان سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ، — «مىڭبىر كېچە» رومانىدىكى «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇغان بولسا، ئىش چاتاق ئىكەن - ھە؟!

## ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىمەن

بىر يىلى سەلەي چاققان سوتقا چاقىرتىلىپتۇ. سوت ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قازى سەلەي چاققاندىن:
— سەلەي ئاخۇن، ئۆزۈڭ «مەن گۇناھسىز» دەپ قەسەم قىلدىڭ، قەسەم قىلغاندىن كېيىن، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن.
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىسەن؟
— مەن قەسەم قىلغاندىكىن، دېگەنلىرىمنىڭ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىمەن.
— ۋاي ماۋۇنىڭ يامانلىقىنى! — دەپتۇ قازى تەمتىرەپ.

## تۆت تال ئالتۇن چىش

سەلەي چاققان ئېشەكىگە مىنىپ شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئوپالدىكى بىر سايغا كەلگەندە بىر بۇلاقچى ئۇنىڭ خۇرجۇنىنى تارتىۋاپتۇ. ئۇ شەرىئەت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانىكەن، سوتچى ئۇنى ئەيىبلەپ:
— سەلەي ئاكا، راستىنىلا دۆتلۈك قىپسىز، خۇرجۇنىڭىزنى بۇلىغان چاغدا نېمىشقا ئاۋازىڭىزنى قويۇۋېتىپ: «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ

ۋارقىرىمىدىڭىز؟ ــ دەپتۇ.

ــ قىزىق ئىكەنسىز سوتچى غوجام، ــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق، ــ ئەگەر ئاغزىمنى ئاچىدىغانلا بولسام، يېڭى سالدۇرغان تۆت تال ئالتۇن چىشىم كۆرۈنۈپ قالسا مېنى تېخىمۇ نەس باسماقتى؟

## بۇ قەيەر؟

سەلەي چاقچاق ئات مىنىشكە ناھايىتى ھەۋەس قىلىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئات مىنىپ كېتىۋېتىپ، جىلغىغا كەلگەندە ھادىسىگە ئۇچراپتۇ. ئۇ، بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. قارىسا ئەتراپىدا نۇرغۇن ئادەملەر تۇرغۇدەك.

ــ بۇ قەيەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ.

ــ بۇ ئوپال ــ دەپتۇ بىرى.

ــ مەن ياتقان ئۆيچۇ؟

ــ بۇ دۇكان، ــ دەپتۇ بىر تېۋىپ.

ــ قېنى دەپ بېقىڭلار؟ بۇ يەر كېسەلخانىمۇ ياكى تۈرمىمۇ؟ ــ دەپتۇ ئۇ.

## ئوتلىغىنىم يوق

سەلەي چاقچاق نورۇز كۈنى خۇشاللىقىدىن بىر ئاز مەي ئىچىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئاستا بىلىندۇرمەي ئۆيگە كېتىۋاتسا، يېرىم يولدا مەھەللە ئاقساقىلى ئۇچراپ قاپتۇ.

ــ ھوي، سەلەي ئاخۇن، ھېلىقى ئاچچىق سۇنى يەنە ئوتلاپ يۈرەمسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئاقساقال.

ــ ياقەي، تەقسىر، ــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق، ــ يۇقىرىقى مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگىچە ئوتلىغىنىم يوق.

## بور ياسايمەن

ھېيتگاھنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر قانچەيلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئارىدا سەلەي چاققانمۇ بار ئىكەن. ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان بىرسى:

— مەن بارلىق بايلىقىمنى خەيرى - ساخاۋەت قىلدىم، — دەپتۇ.

— مەن بارلىقىمنى باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە سەرپ قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداقتا سىز ئاقىلغۇچى ئوخشىمامسىز؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ھېلىقى ئالتۇن چىش كىشى.

— ياق، مەن ئاقىلغۇچى ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن ئۆچۈرگۈچ ياساش كارخانىسىدا ئىشلەيمەن، بور ياسايمەن.

## بېلىق قېچىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

سەلەي چاققان قىزىنىڭ توي قىلماي يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەم قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئاخشىمى ئەر - خوتۇن ئىككىسى:

— قىزىم، سەن بىر نەچچە لايىق تاپقان بولساڭمۇ ياراتماي قويىدۇڭ، بىر ئۆمۈر قېرى قىز بولۇپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەپ قالدۇق، بولسا تېزراق توي قىلىۋالساڭ دەيمىز، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭلار دادا، ئانا، دەريادا بېلىق دېگەن كۆپقۇ؟ — دەپتۇ قىزى.

— راست دەيسەن قىزىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان سەل ئويلىنىپ، — بىراق، قارماقنىڭ ۋاقتى ئۆزىراپ كەتسە، بېلىق قېچىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

## ئۇنىڭ كۆزىگە خۇرۇم پەلتۇ كىرىپ قىلىپ...

بازار كۇنى سەلەي چاقچاق ئوپالدىكى بىر چوڭ بايۋەچچە بىلەن دوقمۇشتا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— قىزىق ئىش بولدى، سەلەي ئاكا، — دەپتۇ بايۋەچچە، — ئۆتكەن ھەپتە چىققان بوراندا خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قۇم كىرىپ كېتىپتۇدى، دوختۇرغا ئۇن تەڭگە خەجلەپ ئاران ساقايتتىم.

— ۋاي ئۇكام، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۆتكەن ئايدا خوتۇننى شەھەرگە بىللە ئېلىپ بارغانىدىم، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر خۇرۇم پەلتۇ كىرىپ قىلىپتۇدى، 100 تەڭگە خەجلىدىم دەڭە!

## ئىزى قالدى

شەرىئەت مەھكىمىسى سەلەي چاقچاقنى بىر قېچىپ كەتكەن ئوغرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەپتۇ ـ دە قازىغا:

— تەقسىر، ئوغرى قېچىپ كەتتى، بىراق مەن ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ بارماق ئىزى قېنى؟ — دەپ ئالدىراپ سوراپتۇ قازى.

— مانا، مانا، يۈزۈمدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاق تاياق تېگىپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆرسىتىپ، — ئۆزىنى تۇتالمىسامۇ ئىزى قالدى.

## كىلەر يىلى كۆزگىچە ساقلىيالايمەن

سەلەي چاققان ئادىل بولغانلىقتىن يۇرت بەگلىرى ئۇنى كۆرەلمەي، يامۇلغا سولۇتۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى يامۇلدىكى ئامبال ئۇنىڭدىن:

— سەلەي ئاخۇن، سەن بىر قىزىقچى ئادەم، نامىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ساڭا نېمە ھۆكۈم قىلسا بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىختىيارىڭلار، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەگەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلساڭلار كۆزدە قىلىڭلار، كۈز ئەڭ ياخشى ۋاقىتتۇر.

— ئۇنداقتا، كۈز ئالدىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا؟! — دەپتۇ يامۇل ئامبىلى.

— ھېچقىسى يوق، مەن يەنە كىلەر يىلى كۈزگىچە ساقلىيالايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

بۇ گەپتىن ئامبال قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇنى سولاقتىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

## كېيىنچە تېپىلىپ قالار

سەلەي چاققاننىڭ بىر قوشنىسى ناھايىتى جازانىخور ئادەم ئىكەن، پۇرسەت تاپسىلا پېقىر ـ مىسكىنلەرنى بوزەك قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن قاپچۇقتىكى پۇلنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سەلەي چاققان تېپىۋالغان بۇ پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. قوشنىسى پۇلنى ئەستايىدىل ساناپ كۆرۈپتۇ ـ دە، قوشۇمىسى سەل تۈرۈلۈپتۇ.

— نېمە بولدى قوشنا؟ پۇلۇڭ كەم تۇرامدۇ؟

— ياق، ياق.

— ئەكىلە، مەن ساناپ باقاي. سەلەي چاققان ئۇنىڭ

قولىدىكى پۇلنى يەنە بىر قېتىم سانىغاندىن كېيىن دەپتۇ:
— بۇ پۇلنىڭ ئۇسسۇمى كۆرۈنمەيدىغۇ — دەپ خاپا بولما، كېيىنچە تېپىلىپ قالار.

## يەل قويغاننى تېپىش

سەلەي چاقچاق ئۇپالدىكى بىر قانچە دوغىلار بىلەن بىللە كىچىك مەيگە ئولتۇرۇپ شەھەرگە بارماقچى بوپتۇ. مەيدە بىر سېمىز دوغا يەل قويۇۋېتىپتۇ. مەيە كىچىك، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن باشقىلار بۇنىڭدىن ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا مەيكەش:
— بېلەت كەستۈرمىگەنلەر بېلەت كەستۈرۈڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— ھازىر يەل قويۇۋەتكەن ئادەم بېلەت كەستۈرمىدى — دەپتۇ سەلەي چاقچاق قىزىقچىلىق قىلىپ.
بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى سېمىز دوغا قولىدىكى بېلەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:
— بۇ بېلەت بولماي نېمە؟

## بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شەخسىي گەپلىرىمىز

سەلەي چاقچاق بىر يىلى خوتۇنىنى ئېلىپ شەھەرگە بېرىپتۇ. ئاخشىمى ھېيتگاھ تىياتىرخانىسىغا كىرىپ، ئۆيۈن كۆرگەچ خوتۇنى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كەينىدە ئولتۇرغان بىر بالا ئاخىر چىداپ تۇرالماي «مەن پەقەتلا ئاڭلىيالمىدىم» دەپ خاپا بولۇپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئۇكا، سېنىڭ ئاڭلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شەخسىي گەپلىرىمىز، — دەپتۇ.

## دەريانىڭ بويىغا بارمامسەن؟

سەلەي چاققاننىڭ مەھەللىسىدىكى بىر موزدوز دوستى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ دەپتۇ:

— ئاداش، بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئايالىم دۈشەنبە بازارغا بېلىق ئەكېلەي — دەپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، مەن قانداق قىلسام بولار؟

— ئاداش، سەن نېمانچە ئەخمەق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بازاردىن قايتىپ كەلمىدى دېگەن گەپ — بېلىق ئىزدەپ دەريا بويىغا كەتتى دېگەن سۆز. ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلىمايلا، ئۇدۇل بېلىقنى دەپ كەتكەن دەريانىڭ بويىغا بارمامسەن؟

## شۇ قىزنى دەپ چىقمامدۇ؟

سەلەي چاققان ئوغلى بىلەن داۋاملىق پەن - تېخنىكا توغرىسىدىكى ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى:

— دادا، ئىنسانلار تېخى بەك توق بولۇپمۇ كەتمىدى، لېكىن ئۇلار تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاي شارىغا چىقمىز دەيدىكەن. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

— ۋاي بالام، سەن تېخى كىچىك، بىلمەيسەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئاي شارىدا ئاي پەرىسى دەيدىغان بىر گۈزەل قىز بار، ئۇلار شۇ قىزنى دەپ چىقمامدۇ؟

## بىراقلا دادامنى بېرىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟

سەلەي چاققان بىر قانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ

مەكتەپتىن يېنىپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر بالا بار ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، قولۇڭدىكى توپنى ئاۋۇ دادىسى يوق بىچارە بالىغا بەرگىن. مەن يېڭىدىن بىرنى ئېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟ دەپتۇ سەلەي چاقچاقنىغا.

— بولدىلا ئانا، بىز ئۇنىڭغا توپنى بەرمەي، بىراقلا دادامنى بېرىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچان.

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## مەنمۇ ئايالىمنى ئالغاچ كەلسەم بوپتىكەن

سەلەي چاقچان بىر يىلى ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. ئۇ، ناھايىتى ئېگىز قەۋەتلىك بىر بىنا ئىچىگە كىرگەندە، بىر ئايالنىڭ كىچىك بىر ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتكەنلىكىنى، ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى چىراغنىڭ بىر نەچچە قېتىم يېنىپ، ئۆچۈپ ئارقىسىدىن بىر ياش قىزنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ لىفىت ئىكەن.

— سەلەي ئاكا، تۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرسى.

سەلەي چاقچان ھەيران بولغان ھالدا كۆزىنى پارقىرىتىپ:

— ئاپلا، ئايالىم كىرىپ كۆرۈپ چىقاركەن، مەنمۇ ئايالىمنى ئالغاچ كەلسەم بوپتىكەن، — دەپتۇ.

## بىكار يۈردى دەمسەن؟

يامانيار دەرياسىنىڭ[1] كۆۋرۈكى يوق ئىكەن. كۆۋرۈك سېلىش جەريانىدا يۇرت بېگى «بىر تال ياغاچ - تاشقىمۇ خىيانەت قىلمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئاچ كۆزلۈكى

[1] يامانيار دەرياسى — بۇلاقسۇدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى.

توپەيلى، خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك يىغىۋاپتۇ. جامائەت بۇنىڭدىن نارازى ئىكەن. ئاخىر بىر كۈنى دەرياغا سەل كەپتۇ. يۇرت بېگى سەل ئارىسىدا قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ قىلغان قەسىمىنى يادىغا ئېلىپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئاھ خۇدا، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگىنىم راست، بۇ ئىشلارنى ھەممىدىن بۇرۇن ھېلىقى سەلەي چاققان بىلىپ قالدى. يۇرت خەلقىمۇ نارازى. بۇ يۇرتتىكى شۇنچە كۆپ بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرۈۋەتكەن بولساڭ.

— كىم بىگۇناھكەن؟ — دەپتۇ دەريا بويىدا تۇرغان سەلەي چاققان، — سەن مېنى نەچچە يىلدىن بېرى بىكار يۈردى دەمسەن؟ مەن بۇ كۆۋرۈكنى ياساش ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەملەرنى يىغمىدىم ـ ھە؟ مېنىڭ تارتقان جاپايىم ئازمۇ؟

## ھاراق دېگەن نېمە؟

بىر نەچچە ھاراقكەش ـ زابوي بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ھاراقنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشكەنىكەن. ئۇلارنىڭ يېنىغا سەلەي چاققان كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە دىققەت قىپتۇ:

— ھاراق دېگەن خوتۇن، پېقىر ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلىپ باقمىدى، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ھاراق دېگەن پېقىرنىڭ مەخپىي ئاتا ـ ئانىسى، بۇ زاماندا پېقىر ئۇنى كۆرسىلا، تازىم قىلماي قالمايدۇ، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ھاراق دېگەن ماي، پېقىر ماشىنا، ماي بولمىسا پېقىر ماڭالمايدۇ، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاققاننى كۈلكە

قىستاپتۇ. ئۇ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ھەي، ھېچقايسىڭلار تاپالمىدىڭلار، ھاراق دېگەن شاپىلاق. مەن ھەر قېتىم مەست ھالدا ئۆيگە كىرسەملا، ئايالىم ماڭا بىر شاپىلاق مۇكاپات بېرىدۇ، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## «شۇم خەۋەرچى، پارازىت دەيدۇ»...

ئامبال سەلەي چاقچاقنىڭ راۋابىنى ياخشى چالىدىغانلىقىغا ھەسەت قىلىدىكەن. بىر يىلى سەلەي چاقچاق باغچىدا ئامبال بىلەن بىللە بولۇپ قاپتۇ. قارىسا، بىر توپ قارا قۇچقاچ (قارىغۇجا) دەرەخ شاخلىرىدا «ۋىچىر - ۋىچىر» قىلىپ سايراپ ئوينىشىۋاتقۇدەك. ئامبال تىلماچ ئارقىلىق قۇشلارنى كۆرسىتىپ:
— قاراڭ، سەلەي چاقچاق، ئاشۇ قۇشلار بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇستا راۋابچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىشىنەمسىز؟ — دەپتۇ.
— ئىشىنىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
بىردەمدىن كېيىن بىر قاغا «قاق، قاق» قىلىپ ئۇچۇپ كېلىپ بىر دەرەخكە قونغانىكەن. ئامبال: — ئۇ نېمە قۇش؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق قاغىنى كۆرسىتىپ مەنىلىك قىلىپ:
— جانابىي ئالىيلىرى، بىلەملا، ئاشۇ قاغا ھەقىقەتەن ماھىر نەغمىچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، خەق ئۇلارنى «شۇم خەۋەرچى، پارازىت» دەيدۇ، — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئامبالنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## بۇنداق ئادەم ئەسقاتارمۇ؟

كېيىنكى كۈنلەردە سەلەي چاقچاقنىڭ خوتۇنى قىزىدىن:
— بالام، يېڭى لايىقىڭ قانداقراق؟ ئوبدان ئۆتۈپ

كېتەلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە ئوبدان ئۆتىمىز ئانا، — دەپتۇ قىزى، — ئۇ يىقىندا بەك كۆپ پۇل تاپتى، بەتخەج ئەمەس، ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، تورغا چىقمايدۇ. ناھايىتى ئوبدان ئايالى، ئۇماق ئىككى بالىسى بار.

— ياپىرىم! بۇنداق ئادەم ئەسقاتارمۇ؟ — دەپتۇ ئانىسى.

## نېمىشقا بىكارغا ئاڭلاتقۇدەكمەن؟

شەھەردىكى ئوردا ئالدىدا گىلەم سېتىۋاتقان بىر نەچچە پىخسىق بىر يەرگە جەم بولۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا سەلەي چاقچاقنىمۇ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشماي ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر چىڭ، پىخسىقلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىدىكەن. پەقەت سەلەي چاقچانلا ھېچنېمە دېمەي ئولتۇرىدىكەن. سەلەي چاقچان ئۇلاردىن تولىمۇ بىزار ئىكەن. شۇ پەيتتە چوڭراق بىرسى سەلەي چاقچاندىن:

— سەلەي ئاخۇن، ھەممىمىز گەپ قىلدۇق، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ ئىش - ئوقەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سۆزلىگۇدەك گەپ يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — ھېلىقى پىخسىق كىشىگە مەنىلىك قاراپ، — مەن ئۆزەمنىڭ ئاۋازىنى نېمىشقا بىكارغا باشقىلارغا ئاڭلاتقۇدەكمەن؟

## ئەكس سادا

سەلەي چاقچان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۈزۈن يىل چىشى ئاغرىغان بىرسى سەلەي چاقچانغا كۆرۈنۈپتۇ. سەلەي چاقچان كېسەلنىڭ ئېغىزىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— چىشىڭىزنىڭ ئارىلىقىدا كاۋاك بار ئىكەن، كاۋىكى

نېمىدېگەن چوڭ، نېمىدېگەن چوڭ، — دەۋېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان بىمار خاپا بولۇپ:
— سەلەي ئاكا، بىر گەپنى تەكرارلاۋېرەمسىز؟ — دەپتۇ.
— مەن تەكرارلاۋەرگىنىم يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقچى كىنايە قىلىپ، — بۇ چىشىڭىزنىڭ كاۋىكىدىن چىقىۋاتقان ئەكس سادا ئوخشايدۇ.

## ئۆيۈمگە كەلگەن ئوخشايمەن دەپ...

بىر قېتىم كېچىدە سەلەي چاقچاقچى مەستلىكىدە تاكسىنى توسۇپتۇ. ئۇ ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن، شوپۇر ئۇنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىنى كۈتۈپتۇ. تاكسى قوزغىلىپ خېلى ئۇزۇن ماڭغان بولسىمۇ، ئۇ بىر نەرسە دېمەپتۇ. شوپۇر كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا:
— ئاكا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۆيۈمگە كەلدىم، كىيىمىمنى يېشىپ ئۇخلايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاقچاقچى. شوپۇر دەرھال:
— بۇ دېگەن سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەس، مېنىڭ ماشىنام، — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاقچى بىر پەس ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن:
— تېز، تېز ھەيدەڭ، مەن بايا ماشىنىغا چىققان جايغا بارايلى، — دەپ تۇۋلاپتۇ. شوپۇر نېمىشقا ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ دەپتۇ:
— مەن بايا ماشىنىڭىزغا چىققۇچە ئۆيۈمگە كەلگەن ئوخشايمەن دەپ ئايىغىمنى ماشىنىڭىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا سېلىپ قويغانىكەنمەن.

## قانچىلىك مۈشۈك باقىدىغاندۇ؟

سەلەي چاقچاقان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى سەلەي چاقچاقاندىن سوراپتۇ:

— سەلەيجان، توك قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

— ئانچە بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا قاراپ تۇرۇڭ، توك سۈركىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ، مەسىلەن، مۈشۈكنىڭ تۈكىنى تەتۈرىگە سىيلىسا، تۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئوت چاقنىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

— ياپىرىم! — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ھەيران بولۇپ، — ئۇنداقتا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قانچىلىك مۈشۈك باقىدىغاندۇ؟

## ھەممىسىنىڭ زىماتاڭ يىگۈسى بار ئىكەن

سەلەي چاقچاقان مەكتەپتىن كۆزىنى كۆكەرتىپ قايتىپ كەلگەنىكەن، ئانىسى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ:

— ئادىشىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان جاۋاب بېرىپ. ئانىسى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

— ئەتە بىر نەچچە تال زىماتاڭ بېرەي، ئادىشىڭغا ئالغاچ بارغىن ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

ئەتىسى سەلەي چاقچاقان يەنە بىر كۆزى تېخىمۇ كۆكەرگەن ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، — دەپتۇ ئانىسى ئۆگى ئۆچكەن ھالدا، — بۈگۈن يەنە كىم ئۇرغاندۇ؟

— سىز بەرگەن زىماتاڭ يەتمىدى، يەنە بىرسى ئۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زىماتاڭ يىگۈسى بار ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

## تامنى چىقىۋىتىش لازىمدەك تۇرىدۇ

سەلەي چاقىقان يۇرت بېگىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ئۆيدە مېھمان كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا دېرىزە ئالدىدىن ئورۇن تېگىپتۇ. ئۇ، كەشىدىن ئەنسىرەپ، دېرىزىگە ئېلىپ قويماقچى بولۇپ، ئېگىشكەنىكەن، بېشى تېگىپ كېتىپ ئەينەك چېقىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۇرت بېگى:

—— سەلەي ئاخۇن، دېرىزە ساق قالسا بولاتتىغۇ؟ —— دەپتۇ.

—— ۋاي بېگىم، ئوبدان ئېيتتىڭلا، —— دەپتۇ سەلەي چاقىقان، —— دېرىزە ساق تۇرمىسا بولمايدۇ، دېرىزىنى ئاسراش ئۈچۈن تامنى چىقىۋىتىش لازىمدەك تۇرىدۇ.

## تاغقا ھۇركىگەن كىيىك چىقتى

سەلەي چاقىقان قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تويغا بېرىپتۇ. تويغا يۇرت بەگلىرىمۇ كەلگەنىكەن. تاماق تارتىلغاندىن كېيىن، بىر تال گۈرۈچنىڭ سەلەي چاقىقاننىڭ بۇرۇتىغا چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن يۇرت بېگى:

—— ھە، سەلەي ئاخۇن تاغقا كىيىك چىقتىمۇ ـ قانداق؟ —— دەپ مەسخىرە قىپتۇ. بەگنىڭ بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ قاپتىكەن، بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقىقان دەررۇ:

—— دۇرۇس بېگىم، كاماردىن سۇغۇر چىققانىدى، ھۇركىگەن كىيىك تاغقا چىقتى، —— دەپتۇ.

## ئېتىمنى بولسىمۇ باغلاپ قوياي

سەلەي چاقىقاننىڭ بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ناھايىتى يۇرتۋاز

ئىكەن. ئۇ ئاغىنىسى قىزىنىڭ تويىنى قىلغان كۈنى سەلەي چاقچان ھەممىدىن كېيىن كەپتۇ ـ دە، تۆردىكى بوش ئورۇنغا قوزۇق قېقىشقا باشلاپتۇ.

ــ بۇرادەر، قىزىڭ توي بولۇۋاتسا، نېمە قىلغان قىلىقىڭىز بۇ؟ ــ دەپ تېرىكىپتۇ ئاغىنىسى.

ــ ئوغلىڭىزنىڭ تويىدىكىدەك، يۇرتلىقىڭىزنى تاپالماي، كونا كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالمىسىدى، ــ دەپ ئەنسىرەيمەن، دەپتۇ سەلەي چاقچان ــ ھېچبولمىغاندا سىلەرنىڭ يۇرتتىن ئالغان يورغا ئېتىمنى بولسىمۇ باغلاپ قويااي دېگەنىدىم.

## تاغىسىنى دورىغان بولسا

بىر كۈنى سەلەي چاقچاقنىڭ قىزى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپلا:

ــ ئانا، يامان بوپتۇ، ئاكام مەست بولۇپ ئېشىك ئالدىدا يېتىپ قاپتۇ، ــ دەپتۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئانا دەپتۇ:

ــ ۋاي ئىسىت! ئاكاڭمۇ تاغىسىنى دورىغان ئوخشىمامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچان:

ــ يالغان، تاغىسىنى دورىغان بولسا، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يېتىپ قالامتى؟ ــ دەپتۇ.

## تارتىۋالمىغانغا شۈكۈر قىل

سەلەي چاقچان ئايالى بىلەن مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ئايال سەلەي چاقچانغا ساھىبخانىنى داداپ:

ــ كۆردىڭمۇ دادىسى، بۈگۈن بىزنى مېھمانغا چاقىرغانلار نېمىدېگەن پىخسىق ئادەملەر، مېنى ئۈزىتىپ چىققاندا ھەممىسى

قولۇمدىكى سومكىغىلا قارىشىپ قالدى، — دەپتۇ.
— سومكىدا نېمە بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.
— داستىخاندىن ئېلىنىۋالغان قەنت ـ گېزەكتىن باشقا نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ ئايالى.
— ئاپلا، ئۆزۈڭدىن ئۆتۈپتۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — تارتىۋالمىغانغا شۈكۈر قىل.

## بىر نوگاي سۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن

سەلەي چاققان بىر يىلى پىۋا ساتىدىغان دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىپتۇ. كىشىلەر داۋاملىق پىۋا ئىچكىلى كېلىدىكەن. بىر كۈنى بىر خېرىدار:
— سەلەي ئاكا، بۈگۈنكى پارچە ساتقان پىۋىلىرى نېمانچە قاڭسىق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۇنداق ئەمەستۇ ئۇكا، — دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ كېتىپ، — پىۋىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، بىر نوگاي سۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنتىمغۇ دەيمەن.
— ھە...

## نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى

سەلەي چاققاننىڭ ئاكىسى ياقا يۇرتقا كەتكەنىكەن، ئۇ قايتىپ كېلىپ قارىسا، سەلەي چاققان پېشانىسىنى تېڭىۋېلىپ ئولتۇرغۇدەك.
— ئۇكام، پېشانەڭگە نېمە بولدى؟ تېڭىۋاپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.
— تۈنۈگۈن ھويلىدا ھەرە چېقىۋالدى.

— بەللى ئۇكام، ھەرە چېقىشۋالغۇچە تۇيمىدىڭمۇ؟

— تۇيغان، تۇيۇپ بولغۇچە ئايالىم نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## ياقامنى چىرايلىق ياماپ قويۇپتۇ

سەلەي چاقچاق بىلەن بىر بۇرادىرى داۋاملىق بىللە ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەلەي چاقچاقتىن:

— بۇرادەر، ئاخشام ئۆيۈڭگە خېلى مەست قايتتىڭ، ھەقاچان خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاندۇ؟

— نەدىكىنى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇرۇشماقتا يوق، تېخى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام يىرتىلغان ياقامنى چىرايلىق ياماپ قويۇپتۇ.

## ياش ساتمايمەن

كىشىلەرنى بوزەك قىلىپ ئادەتلەنگەن يۇرت بېگى بىر كۈنى سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— قارىغاندا خېلى تەمبەل تۇرسەن، ھاشارغا ئەۋەتسەكمۇ چاتاق چىقمىغۇدەك، زادى يېشىڭ قانچە؟

— كەچۈرسىلە بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — كۈچۈم ئۆزۈمنىڭ، مەن ياش ساتمايمەن.

## ياندۇرۇپ سىناش

مەكتەپتە زېھىن سىناش ئېلىپ بېرىلغاندا، مۇئەللىم سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— شاكىچىك، بەشكېرەم بىلەن ئاۋاتنىڭ ئارىلىقى بەش

كىلومېتىر بولسا، ئوپال بىلەن تاشمىلىقنىڭ ئارىلىقى قانچە كىلومېتىر بولىدۇ؟

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— مۇشۇنداق ئاددىي سوئالنىمۇ ئۇقمامسەن؟ — دەپتۇ مۇئەللىم، — ئوپال بىلەن تاشمىلىقنىڭ ئارىلىقىمۇ بەش كىلومېتىر بولمامدۇ؟

— مۇئەللىم، مەن سىزنى سىناپ باقاي، باللار بايرىمى بىلەن دۆلەت بايرىمىنىڭ ئارىلىقىدا تۆت ئاي بار ئىكەن، ئەمما، دۆلەت بايرىمى بىلەن باللار بايرىمىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ تۆت ئاي بارمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

## چىشىمنىڭ كامىرى بار

بىر يىلى سەلەي چاقچاقنىڭ چىشى بەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۆزى قانچە داۋالاپ باقسىمۇ ئەپلەشمەپتۇ. ئاخىر شەھەردىكى چوڭراق بىر دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. چىش دوختۇرى ئۇشكىنى قولىغا ئېلىپ:

— سەلەي چاقچاق، بولۇڭ تېز، ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ. سەلەي چاقچاق ئاغزىنى ئاچقانىكەن، دوختۇر ئۇشكىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولۇپتۇ. شۇ پەيتتە ئۇ:

— رەھمەت دوختۇر، سىز يەنە تەشمىسىگىزمۇ، ئۇ چىشىمنىڭ كامىرى بار، — دەپتۇ ـ دە، دوختۇرنى ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

## سوۋغات قىلىش

سەلەي چاقچاقنىڭ بىر يېزىقچى ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا سەلەي چاقچاقتىن سوراپتۇ:

— ئاغىنە، شەھەردە سەندىن باشقا يەنە بىر دوستۇم بار ئىدى.

ئۇنىڭغا نېمە سوۋغا قىلىشنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم.
— ئۇ كىم ئىدى؟ دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاقان.
— سەن بىلىسەن، ئۇ يېزىقچىلىقتا يېڭىدىن كىرىشكەن بىر ئەدەبىياتچى ئىدى.
— ئوھوي ئېسىم قۇرۇسۇن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ئۇنى مەن بىلىمەن، ئۇنىڭغا تاشلاندۇق قەغەز سېۋەتمدىن بىرنى ئېلىپ سوۋغات قىل.

## خوتۇنلارنىڭلا گېپىنى قىلىشمىز

بىر كۈنى مەشرەپتە سەلەي چاقچاقاننىڭ بىر قانچە ئاغىنە - بۇرادەرلىرى بىرلىكتە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ خوتۇن بالىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپ، قەيەردە مالنىڭ كۆپلۈكى، قانداق سېتىۋالسا بولىدىغانلىقى، قەيەردە ئوقەتنىڭ ئاقمايدىغانلىقى دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ پاراڭلىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىر ئايال:
— ۋاي - ۋۇي، ئوقەتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا كەتتى. سىلەر بوش ۋاقىت تاپساڭلار پەقەت مۇشۇ ھەققىتىلا سۆزلىشەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ياق خېنىم خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — ھەر قايسىلىرى يوق ۋاقىتتا، خوتۇنلارنىڭلا گېپىنى قىلىشىمىز، قايناپ كېتىدۇ دېسىلە تېخى.

## شۇنىڭ بىلەن ئېقىپ كەتتى

سەلەي چاقچاقان كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى كەپسىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ:
— ئانا. مەن بايا ئۆستەڭ بويىدا بىر باغلام بېدىنى پۇتۇمدا

تىپىپ ئۈستەڭگە چۇشۇرۇۋەتتىم، — دەپتۇ.
— ۋاي بالام، ھېچقىسى يوق، بىردە دېگەننى يەنە ئورۇغلى بولىدۇ، — دەپتۇ ئانىسى سەل گۇمانلىنىپ.
— ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بىر قوي بىردە يەۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۈستەڭگە سەكرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئېقىپ كەتتى.
— ئاپلا، — دەپتۇ ئانىسى، — كىمنىڭ قويى بولغىيتتى؟

## ئۇتتۇۋېلىش

ئۆرۈك سەيلىسى بولغان بىر يىلى، سەلەي چاقچاق باغ ئىچىدە قىز دوستىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ تۇرۇپ:
— ئەگەر سىز مېنىڭ كىملىكىمنى تاپالمىسىڭىز مېنى بىرنى سۆيۈۋېلىشقا ماقۇل دەيسىز جۇمۇ، قېنى دەڭ، مەن كىم؟
— مەھەممەت
— ياق
— سەمەت
— ياق
— بارات
— ياق
— يەنە تاپالمىدىمۇ — دەپتۇ قىز دوستى، — ئۇنداقتا سىز ئۇتتۇۋالدىڭىز، مانا...

## شامالنىڭ سىرى

سەلەي چاقچاق مەھكىمىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ھاكىم نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى خوش ياقمىغان

سەلەي چاققان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھاكىم سەلەي چاققاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئويغىتىپ:

— سەلەي ئاخۇن، مەن گەپ قىلىۋاتسام، سىز نېمىشقا كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جانابى ھاكىم، مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، قىلغان گەپ - سۆزلىرىڭىزنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىۋاتاتتىم.

— نېمىشقا توختىماي بېشىڭىزنى لىڭشىتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھاكىم يەنە.

— ھاكىم جانابلىرى، مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ ئويلاپ، باش لىڭشىتىپ قالغان ئوخشايمەن.

— ئۇنداقتا شالى - تۇكۇرۇكىڭىز ئېقىپ قاپتىغۇ؟ — يەنە سوراپتۇ ھاكىم.

— ھاكىم جانابلىرى، چۈشەنمەسلىك بولمىسۇن، ئۆزىڭىزنىڭ نۇتۇقىنى ياخشى سۆزلىگەنلىكىڭىز مېنىڭ گەپنى مەززە قىلىپ ئاڭلىغانلىقىمدىن بولمامدۇ؟ شۇڭا شالى - تۈكۈرۈكۈم ئېقىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان يەرگە تۈكۈرۈۋېتىپ.

## قۇلىقى يانچۇقۇمدا

سەلەي چاققاننىڭ كىچىك چاغلىرى ئىكەن. بايلارنىڭ باللىرى ئۇنى پات - پات ئۇرۇپ قويىدىكەن. بىر كۈنى بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان سەلەي چاققان ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە چېپىپ كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر بالا بۇرنۇمنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

— ئۇ بالىنى كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى، — يىغلىماي جاۋاب بەرگىنە...

— تونۇيالايمەن. ئۇ مەيلى نەگە كەتسۇن تونۇيالايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۇنىڭ بىر قۇلىقى مانا يانچۇقۇمدا بار. ئۇ گەپنى دەپ بولۇپلا يانچۇقىنى ئۆرۈپ كۆرسىتىپتۇ.

## مەن ئارىلىشىپ باقمىغان

سەلەي چاقچاقنىڭ بويتاق مەزگىللىرى ئىكەن. ئاتىسى ئۇنى بىرەيلەنگە ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم دېسىمۇ، ئۇ «مېنى مەجبۇرلىماڭلار» — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاتا ـ بالا قىزىرىشىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئانىسى:

— بالام، داداڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا. ئۇ كىمگە دېسە «ماقۇل» دېسەڭ بولمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق ئانىسىنى بىر تەرەپكە تارتىپ:

— ئانا، سەن بىلمەيسەن، مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزغا ئۆيلىنەي.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟

— ئانا، مەن ئەزەلدىن سىلەرنىڭ توي ئىشىڭلارغا ئارىلىشىپ باقمىغان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئەمما، دادام مېنىڭ توي ئىشىمغا ئارىلىشىۋاتىدۇ ـ ئەمەسمۇ؟

## بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالدىكەنسىز

سەلەي چاقچاقان پال ئېچىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇپالدىكى بىر چوڭ زىناخور ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ پال ئاچقۇزۇپتۇ.

— سەلەي چاقچاق، سىز ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان ئادەم،

مەن قايسى چاغدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىكەنمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاز قالدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.
— زادى قاچان؟ — دەپتۇ ھېلىقى زىناخور ئالدىراپ.
— سىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمرىڭىزدە پېشانىڭىزگە ئايال زاتى پۈتۈلمىگەنىكەن — دەپتۇ.
زىناخور بۇ گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ، كۆزلىرىنى پارقىراتقان ھالدا:
— كېيىنكى يېرىم ئۆمرىمدىچۇ؟ دەپ سوراپتۇ.
— دېمىسەم بولمىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — كېيىنكى ئۆمرىڭىزدە بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالىدىكەنسىز.

## دادىڭىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا

سەلەي چاققان ئوردىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:
— سەلەي چاققان، ئۆزىڭىز راستچىل ئادەم دەپ بىلىمىز، ياشۇلدىكى بەگلەر قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سىزگە ئوخشاش، — دەپتۇ سەلەي چاققان.
— قانداقسىگە ماڭا ئوخشاش؟ قايتا سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.
— ئۇنداق بولسا قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ. ئوردىدا ئادەتتە 10% ئادەم خىزمەت قىلىدۇ، 50% ئادەم ئىشنىڭ باقىدۇ، قالغانلار ئوردا ئىچىدە لاغايلاپ يۈرۈيدۇ. دادىڭىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ساراڭلىق بەگ بولۇشنىڭ شەرتىمۇ؟

سەلەي چاققان ياشۇلدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ دەسلىپىدە

چاقچاق قىلىپ، بىر ئەمەلدارغا:

— خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن كېيىنچە چوقۇم مۇشۇ دوتەي يامۇلغا بەگ بولىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى بىردەمدىلا يامۇل بېگىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، ئاڭلىسام سەن يامۇلغا بەگ بولىمەن دەپسەن. سەن ساراڭمۇ نېمە؟ — دەپتۇ يامۇل بېگى.

— ياق تەقسىر، مەن ئوڭ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ساراڭلىق بەگ بولۇشنىڭ شەرتىمۇ؟

يامۇل بېگىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## بۇرنىغا سالماقچى ئىدىم

سەلەي چاقچاق كىچىك ۋاقىتلىرىدا، يۇرت بېگىنىڭ بالىسى ئۇنى ناھايىتى بوزەك قىلىدىكەن، سەلەي چاقچاق چىداپ تۇرالماي ئاخىر ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان دادىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلىپ:

— بالام، ئاڭلىسام سەن بىر مۇشت بىلەن بەگنىڭ بالىسىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىپسەن. بۇ قىلغىنىڭ بولماپتۇ. يەنە تېخى ئۇنى تاسادىپىيلىق دەۋاتىسەن. بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە راست دادا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئەسلى مەن ئۇنىڭ بۇرنىغا سالماقچى ئىدىم.

## ساقىلىڭنى بۇنىڭدا ئال

سەلەي چاقچاقنىڭ كىچىك چاغلىرى ئىكەن. سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسى ساقال ئېلىۋاتقان بىر كۈنى ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇستىرا سۇنۇپ كېتىپتۇ. سەلەي چاقچاق بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ بالام بۇ ئۇستىرا بەك بوش ئىكەن، ئالغىنىمغا

بىر ئاي بولا ـ بولمايلا سىپى سۇنۇپ كەتتى، ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ــــ دەپتۇ دادىسى.

ئەھۋالنى كۆرگەن سەلەي چاقچاقان ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ بىر قەلەمتىراشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ دادىسىغا تەڭلەپتۇ.

ــــ ۋاي بالام، بۇ قەلەمتىراشنى نىمە قىلىمەن؟ ــــ دەپ سوراپتۇ دادىسى ھەيران بولۇپ.

ــــ دادا، ئالە، ساقىلىڭنى بۇنىڭدا ئال، بۇ بەك پۇختا، بەك چىڭ، ــــ دەپتۇ سەلەي چاقچاقان بۇرنىنى ئېتىپ تۇرۇپ.

## ھەببەللى

سەلەي چاقچاقاننىڭ كىچىك چاغلىرى ئىكەن. مەھەللىدىكى بىر دوستى ئۇنىڭدىن:

ــــ ئاداش، نىمىشقا ئادەملەر تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا ئۆيلىرىدىن چىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە مېڭىپ كېتىدىغاندۇ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاقچاقان سەل ـ پەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــــ شۇنىمۇ بىلمەمسەن دوّت، تارازىنىڭ قايسى تەرىپى ئېغىر بولسا قانداق بولىدۇ؟

ــــ ئېغىر تەرىپى بېسىپ كېتىدۇ، ــــ دەپتۇ دوستى.

ــــ ھەببەللى، ھەممە ئادەم بىر تەرەپكە ماڭسا، يەر شارى ئۆرۈلۈپ كەتمەمدۇ؟ ــــ دەپتۇ سەلەي چاقچاقان كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ھەقدار بىلەن قەرزدارنىڭ پەرقى

سەلەي چاقچاقان بىر ھەپتىسى ئۇيالنىڭ مال بازىرىدا تۇرغانىكەن. بىر جازانىخور ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــــ سەلەي چاقچاقان، ئېيتىپ بېقىڭا، ھەقدار بىلەن قەرزدارنىڭ

قانداق پەرقى بار؟

— ھەقدارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، قەرزدارنىڭ دەل ئەكسىچە، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مەنىلىك قىلىپ.

## سىلىشتۇرۇش

بىر قېتىملىق مەشرەپتە سەلەي چاقچاق شەھەردىن چىققان بىر ھاكاۋۇر بايۋەچچە بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانىكەن.

— تېلېۋىزوردا يامغۇر ياغسا قورقۇپ كېتىپ ھويلىسىدىكى كىرلىرىنى يىغىۋالىدىغان سەھرالىقلارنى مەن كۆپ كۆرگەن، — دەپتۇ بايۋەچچە زاڭلىق قىلىپ.

— سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ، سەلەي چاقچاق، — بىر توقاچ تېپىۋالسا ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋېلىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىنىدىغان شەھەرلىكلەرنى مەن تېخىمۇ كۆپ كۆرگەن.

بايۋەچچە ئۆزىنىڭ قىلغان گېپىدىن خىجىل بولۇپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ.

## ھور بىلەن ئۇچىدۇ

بىر كۈنى ئاسماندا گۇرۇلدەپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرگەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئوغلى:

— دادا، ئايروپىلان بەك قالتىس ئىكەن، ئاسماندا ئايروپىلان نېمە بىلەن ئۇچىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— ھور بىلەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئانام بىلەن توي قىلغان ئون نەچچە

يىلدىن بۇيان ئانام نەچچە قېتىملاپ ھورنان ئەتتى، ئۇنداقتا نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيدىكى قاسقان ئۇچمايدۇ؟ — يەنە سوراپتۇ ئوغلى ھەيران بولۇپ.

— ھوردا قاسقاننىڭ ياغىچى ئىنغىرلىشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇچمايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئۇنى گەپكە سېلىپ.

## نەق جاۋاب

سەلەي چاققاننىڭ شەھەردىكى مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن. بىر چالا ساۋات بايىنىڭ بالىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەيجان، دەپ باقە، جانلىق دېگەن نېمە؟ جانسىز دېگەن نېمە؟

— جانلىق دېگىنىمىز ئات، كالا، قوي دېگەن بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداقتا جانسىز دېگەنچۇ؟ — سوراپتۇ بايىنىڭ بالىسى.

— سىلەرنىڭ ئۆيدىكى ئۆلۈك ئات، ئۆلۈك كالا، ئۆلۈك قوي، ئۆلۈك ئېشەك دەپتۇ سەلەي چاققان، — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى جانسىز دېگەن بولىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارامدىن كەلگەن.

## سۇ ئۈزۈش ماھىرى

سەلەي چاققاننىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى ئىكەن. يامانيار دەرياسى بويىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ بالىدىن بىرسى:

— دادام بۇ يەردىن سۇغا شۇڭغۇپ، سۇ ئىچىدە بەش مىنۇت تۇرالىغان، — دەپتۇ.

— ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مېنىڭ دادام سۇ ئىچىدە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت تۇرغانىدى، — دەپتۇ ئىككىنچى بالا.

بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچاق باللاردىن سوراپتۇ:
— مېنىڭ تاغام قاسىم يورغىنى بىلەمسىلەر؟
— ھەئە، بىلىمىز، — دەپتۇ باللار ھەممىسى تەڭلا.
— ھە، شۇ تاغامچۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىن سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، ھازىرغىچە چىقمىدى.
باللار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## غەم يەۋاتىمەن

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق چىرايىنى غەم باسقان ھالدا ساماۋەرخانىغا چاي ئىچكىلى كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن غوجايىن ئۇنىڭدىن:
. — سەلەي چاقچاق، ھەپتە بولدى چايخانىغا كەلمىدىڭىز، چىرايىڭىز غەمكىن تۇرىدۇ، نېمىگە شۇنچە قايغۇرۇپ كېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئايالىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئايالىم بىر ئايچە بولدى، ماڭا گەپ قىلماي دومسىيىپ يۈرۈيدۇ.
— پاھ، شۇنچىلىك ئىشمىتى، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ؟ بۇنىڭغا شۇنچە قايغۇرۇپ كېتىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپتۇ غوجايىن.
— ئۇغۇ راست، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مەن ئاشۇ بىر ئاي ۋاقىتنىڭ دەل ئەتە توشۇپ قالىدىغانلىقىدىن غەم يەۋاتىمەن.
چايخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئاچ قېلىپ ئۆلسۇن دەپ

سەلەي چاقچاقنىڭ باللىق چاغلىرى ئىكەن، دادىسى ئۇنىڭغا

بىر كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىپتۇ. سەلەي چاقچاقان بۇ ئىشتىن خۇشاللانغان ھالدا بىر ئاغىنىسىغا:

— قارا، ئاداش، ئۆتكەن ھەپتە دادام ماڭا بىر كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى، بەك ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئىشلىتىپ كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئىككى كۈنلا ئىشلەتكەنىدىم، زەرەتلىنىپ قالدى، مىكروبلىنىپ سۇرەت چىقمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— ئادەم چاقىرتىپ ياساتمىدىڭمۇ؟

— ياق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — كومپيۇتېر بۇزۇلغان كۈنى دەرھال ئېتىۋەتتىم.

— نېمىشقا؟

— مىكروبلار ئاچ قېلىپ ئىچىدە ئۆلسۇن دەپ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان.

## مەن بەك ئالدىراش

بىر يىلى سەلەي چاقچاقان يامانيار دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قارشى قىرغاقتىكى بىر بۇرادىرىنىڭ تويىغا بارماقچى بولۇپتۇ. ئۇ، يولۇچىلارنى ئۆتكۈزىدىغان كېمىگە ئېشىكىنى مىنگەن پېتى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كېمىچى ھەيران بولۇپ:

— سەلەي چاقچاقان، نېمىشقا ئېشەكتىن چۈشمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاقچاقان بولمىسام بولمايدۇ، بولمىسا ئۈلگۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — مەن بەك ئالدىراش.

## مانا مۇشۇنداق...

سەلەي چاقچاقان ئوردىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ

بىرىدە، ئاش توشۇۋېتىپ، بىر تەخسىنى چىقىپ قويۇپتۇ. ئۇردا ۋەزىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

— تەخسىنى كىم چاقتى؟ دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— مەن چېقىپ قويدۇم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— قانداق قىلىپ؟

— مانا مۇشۇنداق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق جاۋاب بەرگەچ يەنە بىر تەخسىنى چېقىۋېتىپ.

## راست كاشىلا چىقىپتىكەن ئەمەسمۇ؟

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق نەۋرىسىنى ئېلىپ پوچتىخانىغا بېرىپ، ئوغلى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشمەكچى بوپتۇ. بىراق، كاشىلا كۆرۈلۈپ سۆزلىشەلمەي قاپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقاندا، چوڭ يولنىڭ قاسنىقىدىكى تېلېفون سىملىرىغا قونۇۋالغان قۇچقاچلارنى كۆرۈپتۇ.

— بوۋا، قاراڭ! ئاۋۇ تېلېفون سىمىدىكى قۇچقاچلارنى، — دەپتۇ نەۋرىسى، — سىم قانداق كۆتۈرەلىگەندۇ؟

— ۋاي بالام، ئۇلار يالغان ئېيتماپتۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق قۇچقاچلارغا قاراپ، — ئالاقىلىشىش لىنىيەسىدە راست كاشىلا چىقىپتىكەن ئەمەسمۇ؟

## گەپ ئوقۇرمەندە

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرى بۇلاقسۇدىكى بىر ئوقۇرمەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، توقۇغان لەتىپىڭىزنى گېزىتتىن كۆردۈم، نەچچە قېتىم ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمىدىم، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ۋاي ئۇكام، نادانكەنسەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇ

ئىش مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، چۈنكى لەتىپە توقۇش مەندىن، چۈشىنىش ئوقۇرمەنلەردىن، گەپ ئوقۇرمەندە.

## ئەلۋەتتە پاتىسىز

سەلەي چاقچاق شەھەر ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، باغچىنىڭ ئىشىك باقارلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. بىر كۈنى ھاكىمنىڭ خوتۇنى باغچىغا كىرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي چاقچاق، باغچاڭنى كۆرگىلى كەلدىم، ئېيتقىنا، مەن بۇ ئىشىكتىن پاتامدىمەن - يوق؟

— ئەلۋەتتە پاتىسىز، تېخى بايىلا بىر سېمىز كالا بۇ يەردىن باغچە ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## سىزمۇ دورىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ باققانمۇ؟

سەلەي چاقچاق كىتابپۇرۇشلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر دورىپۇرۇش ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، كىتاب جازىسىدىن بىر كىتاب ئېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، بۇ كىتاب قىزىقمۇ؟

— بىلمەيمەن، مەن ئۇنى تېخى ئوقۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— سىز ئۆزىڭىز ئوقۇپ چىقمىغان كىتابنى نېمىشقا ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ دورىپۇرۇش.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — سىزمۇ ساتقان دورىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ باققانمۇ؟

# ئىككى پوچىنىڭ قىزىقچىلىقى

موللا زەيدىن قەشقەر مەھكىمە شەرئىيدە ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللىدە، سەلەي چاققان بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ، ئىككى قىزىقچى بىر پەس پو ئېتىشىپتۇ.

— بىر كۈنى ھېيتگاھتا كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر ئادەم ھېيتگاھ جامە مۇنارىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇ، چۈشۈپ كېتىۋېتىپ 10 - پەشتاققا كەلگەندە، تۇيۇقسىز خوتۇنى ۋە بالىچاقىلىرىنى ئويلاپ، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، يەنە ئۇستىدىكى پەشتاققا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئېنىق كۆرەلمىدىم، — دەپتۇ موللا زەيدىن.

— توغرا، تازا ئېنىق كۆرەلمەپسىز، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئاشۇ ئۇچۇپ چۈشكەن ئادەم دەل مەن ئىدىم، ئەمدى ئېنىق كۆرۈۋېلىڭ.

# سوپۇن زاۋۇتىغا بارمامسەن؟

سەلەي چاققانىنىڭ بىر كەپتەرۋاز دوستى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ:

— ئاداش، بۈگۈن ھەپتە بولدى، خوتۇنۇم بازارغا سوپۇن ئالغىلى چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، ئەنسىرەپ قالدىم. قانداق قىلسام بولار؟ — دەپتۇ.

— قانداق سوپۇن ئالماقچى ئىكەن؟

— كۆچار سوپۇنىنى.

— ھە، چۈشەندىم، سەن نىمانچە ئەخمەق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بازاردىن كەلمىدى دېگەن گەپ سوپۇن ئىزدەپ كۆچارغا كەتتى دېگەن سۆز. ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلىمايلا، ئۇدۇل كۆچاردىكى

سوپۇن زاۋۇتىغا بارمامسەن؟

## خۇدايىم ساقلىدى

بىر كۈنى سەلەي چاققان چۈشىدە چىرايلىق بىر قىزغا ئۇچراپ قىلىپ:

— خېنىم، مەن سىزگە ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ. قىز ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا خاپا بولۇپ:

— نېمە دەۋاتىسىز ئاكا، يۈرۈك، سىزنى خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. سەلەي چاققان ئېيتقان ھېلىقى گېپىگە پۇشايمان قىلىپ:

— بولدى خېنىم، بىلمەپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، دەپ بېرىشقا ئۇنىماپتۇ. قىز ئۇنىڭ دېگىنىگە قارىماي، «يۈر دېسە، يۈر...» دەپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. سەلەي چاققان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە تاسادىپىي ئويغىنىپ كېتىپ چۈشى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلمەي «خۇدايىم بىر ساقلىدى» دەپ ساپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان خوتۇنى:

— دادىسى، نېمە دەۋاتىسىز؟ نېمىدىن ساقلىدى؟ — دەپ سوراپتۇ، سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— بولدى، ئۇ تەرىپىنى سورىما، كۆرۈپ قالغان بولساڭ ئىش چاتاق ئىدى، راستتىن خۇدايىم ساقلىدى، — دەپتۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ.

## ئىشەنمىسەڭ، ساقايغاندا كۆرۈپ باق!

سەلەي چاققاننىڭ خوتۇنى قورسىقى كۆپۈپ ئاغرىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. زېرىكىپ

ياتقان ئايال سەلەي چاقچاقىدىن سوراپتۇ:
— سىز دوتەي يامۇلىنى كۆرگەنمۇ؟
— كۆرگەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.
— شەنگەن يامۇلىنچۇ؟
— ئۇنىمۇ كۆرگەن.
— دوتەي يامۇلىدا نېمە بار؟
— دوتەي يامۇلىدا دوتەي ياتىدىغان يەر بار.
— شەنگەن يامۇلىدىچۇ؟
— ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەردە دوتەينىڭ يەيدىغان ئاشلىقى بارمىش.
سەلەي چاقچاقنىڭ خوتۇنى بىردەم ئويلاپ:
— يامۇللارنى مەنمۇ كۆرەي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.
— قورسىقىڭ بۇنداق تۇرسا قانداق كۆرەلەيسەن؟
— كۆرەلەيمەن. خوتۇنى يەنە سوراپتۇ:
— ئىككى يامۇلنىڭ ئارىلىقى يېقىنمۇ؟
— ناھايىتى يېقىن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مىيىغىدا كۈلۈپ.
خوتۇنى ئۇنىڭ غەيرىي كۈلۈشىدىن كۆڭلىدە بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ:
— راست دەۋاتامسىز، يالغانمۇ؟ — دەپتۇ.
— ھوي ئانىسى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — بۇنىڭغا يالغان ئېيتقۇدەك نېمىسى بار؟ ئىشەنمىسەڭ ساقايغاندا كۆرۈپ باق!

## قاسىرىقىدىن ئاجرىغان بەگ

سەلەي چاقچاق ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ ئويناپ يۈرگەن بالىسى يىلاننىڭ قاسىرىقىنى تېپىۋېلىپ سوراپتۇ.

— دادا، بۇنى تېپىۋالدىم، بۇ نېمە؟
— يىلاننىڭ قاسىرىقى بالام.
شۇ ئارىدا يامۇلدىكى بەگلىك مەنسىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بىر بەگ سەلەي چاقچاق بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالا يەنە سوراپتۇ:
— بۇ كىم دادا؟
— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ بالام؟ بۇلتۇر مېنى غەللە - پاراق تۆلىمىدىڭ، دەپ يامۇلغا سولىغان بەگ ئاشۇ ئەمەسمۇ؟
— بۇ، بىز كۆرگەن بەگكە ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپتۇ بالىسى.
— بۇ، قاسىرىقىدىن ئاجرىغان بەگ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كىنايە بىلەن.

## بۇغرا قوغلىغاندا

سەلەي چاقچاق ئوپالدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىككى چوكان خېلى تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىككى يىگىت بىر كۈنى كەچتە چاندۇرماي، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن قىياپەتتە سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ - دە:
— سەلەي ئاكا، شەھەردىن كەچرەك يېنىپ قاپتۇق، ھېلىقى يول بويىغا پەيدا بولغان غالجىر بۇغرا قوغلاپ يۈرۈپ، مانا ئەمدى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كەپقالدۇق، دەپتۇ. سەلەي چاقچاق كۈلۈپ كېتىپ:
— كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ يىگىتلەر، كۆڭلۈڭلەرگە چۈشكەن ئوخشايدۇ. بۇغرا قوغلىغان بولسىمۇ توغرا قوغلاپتۇ، — دەپتۇ.
ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ھەممىنى قىلغان بېشىڭنى كەسسەكمىكىن؟

بىر يىلى ئوپالدا ئوغرى پەيدا بولۇپ قېلىپ، كىشىلەرگە نۇرغۇن زىيان سالىپتۇ. سەلەي چاققان ۋە بىر مۇنچە دېھقانلار ئاشۇ ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقىنى تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا مەنسىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن كونا بەگ ئىكەن.

— ھۇ نائەھلى، — دەپتۇ دېھقانلار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، — سېنىڭ بۇرۇنقى قىلغان - ئەتكەن زۇلۇملىرىڭ ئاز بولغاندەك ئەمدى ئۆپكىمىزنى ئىچىمىزدىن قاققىلى تۇردۇڭمۇ؟!...

ئوغرى يېلىنىپتۇ:

— خاپا بولۇشمىسىلا، بىلمەپتىمەن، ئوغرىلىق قىلغان مۇشۇ قولۇمنى كېسىۋېتەي دەيمەن.

سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— «بېگىم» قارىغاندا قولۇڭدا گۇناھ يوقتەك، ھەممىنى قىلغان بېشىڭنى كەسسەكمىكىن؟ — دەپتۇ.

بەگنىڭ قورققىنىدىن جان - ئىمانى چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئەلچى كەلگەندە

بىر يىلى سەلەي چاققان رىسىدە بولغان قىزىغا ئەلچىلىككە كەلگەن كىشىگە:

— ياق بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەلچى ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە سەلەي چاققاننى ماقۇلغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىپ:

— قىز دېگەن بىر سېسىغان تۇخۇم، ئۇنى ۋاقتىدىلا تويىنى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغىنىڭىز ياخشى... دەپتۇ. سەلەي چاققان:

— بۇ «مەنىلىك» گەپ ئىكەن، — دەپتۇ ـ دە، يەنە ماقۇل بولماپتۇ. ئەلچى ئاخىرقى قېتىم كەلگىنىدە تۆردە ئولتۇرۇپ، قىزنى قەتئىي ئالىدىغان بولۇپ كەلگەنلىكىنى، «ماقۇل» دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ گەپ قىپتۇ. سەلەي چاقچاقان ئەلچىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەتنۇسقا سېلىنغان بىر ياغلىق توخۇمنى ئەلچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەلچى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— سەلەي چاقچاقان ئاكا، چۈشەنمىدۇق، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟

— ئۆزلىرى ئالدىنقى قېتىم كەلگەن چاغلىرىدا «قىز بالا دېگەن سېسىغان توخۇم» دېگەن ئىدىلىغۇ؟

— راست، شۇنداق دېگەنىدىم، — دەپتۇ ئەلچى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان، — شۇ سېسىغان توخۇم مەندە قالسۇن، بۇ ساق توخۇمنى ئالدىلىرىغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن خالاس بولۇپ كېتەيلى.

## دۇئا

سەلەي چاقچاقاننىڭ يۇرتىدىكى بىر چالا موللام پات ـ پات كېلىپ:

— مەن ئۇ دۇنيادىكى ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويىمەن، بىزنى تاشلىماڭ! — دەپ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئېلىپ كېتىدىكەن. كېيىن سەلەي چاقچاقان بەگ بىلەن رەنجىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئەتىگەن ـ كەچتە سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە ئات ـ ئۇلاغلارنى تىللايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موللام ھەيران بولۇپ:

— سەلەي چاقچاقان، قارىسام ھە دەپ ئات ـ ئۇلاغلارنى

تىللاۋاتىسىز، گەپلىرىڭىز ئىگىسىگە يېتەمدۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ.
سەلەي چاقچاق دەرھال ئۇنىڭغا:
— مولىلام، سىزنىڭ دۇئايىڭىز ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئاتا - ئانامغا يەتكەن يەردە، مېنىڭ تىللىغانلىرىم بۇ دۇنيادىكى بەگنىڭ قۇلىقىغا يەتمەمدۇ؟

## بەگ بىلەن ئوۋغا چىققاندا

ياموُلنىڭ بېگى ئوۋغا چىققاندا، ھەمىشە خىزمەتكارلىرى قاتارىدا سەلەي چاقچاقنى ئېلىۋالىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئوۋدا ھېچنەرسە ئاتالماي، ئاخىر ئورماندىكى ئازادىرەك يەرگە كېلىپ ھاردۇق چىقىرىپتۇ ۋە ئاچچىقىدا پوخادىن چىققۇچە نەشە چېكىپ، كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ بوشاپ كېتىپتۇ. ئۇ بولالماي ئەتراپىغا قاراپ:
— ھاي، سەلەي چاقچاق بارمۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— خوش بېگىم.
— مەن ساڭا بىر تال ئوق بېرىمەن، ئورمانغا كىرىپ ئاشۇ بىر تال ئوق بىلەن ئۈچ ئۆردەك ئېتىپ كەل، ئاتالمىساڭ جازالايمەن، — دەپتۇ بەگ.
سەلەي چاقچاق:
— بېگىم خاتىرجەم بولسىلا، بىر تال ئوقتا ئۈچنى ئەمەس، بەش ئۆردەك ئېتىپ كېلەلەيمەن، — دەپتۇ.
نەشىدىن كاللىسى ئېلىشىپ ئولتۇرغان بەگ:
شۇئانلا ئېسىنى يوقىتىپ:
— ۋاھ، بىر تال ئوقنى بەش ئۆردەككە قانداق تەگكۈزەلەيسەن؟ — دەپتۇ.
— بېگىم، چاتاق يوق، بەش ئۆردەكنى باغلاپ قويۇپ ئاتسام،

چوقۇم تەگكۈزەلەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاقان ھودۇقماي.

## توقاچ ۋەقەسى

بىر يىلى سەلەي چاقچاقان يەتتە كۈنلۈك ئوۋغا چىقماقچى بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ئوۋ قىلغان يەردە گۆش تولىغۇ... — دەپ كۈنىگە بىردىن يېيىشكە مايلىق توقاچ پىشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە توقاچلارنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ:

— بۇ توقاچلارنى ئاران ياپتىم، ساقلاپ يەڭ! — دەپ جېكىلەپ قويۇپتۇ.

سەلەي چاقچاقان يولغا چىقىپلا «بۈگۈنلۈك توقىچىمنى يەۋالاي» دەپ بىرنى يەپتۇ. ئوۋ قىلىدىغان يەرگە يېتىپ بارغاندا «يەنە بىرنى يەۋەتسەم ھېچنېمە بولماس» دەپ ئىككىنچى توقاچنى موك ساپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە «يېگەندىن كېيىن، تويغۇچە يېيىش كېرەك» دەپ يەنە ئىككى توقاچنى يەۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇ خۇرجۇنىدا قالغان ئۈچ توقاچقا قاراپ: «مەن دېگەن ئوۋچى، گۆش دېگەن تېپىلىدۇ، توقاچنى جىقراق يېسەم، گۆش ئوبدان سىڭىدۇ» دەپ ئىككى توقاچنى چايغا چىلاپ يەۋېتىپتۇ. چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: «خوتۇن، ساقلاپ يەڭ دەۋاتاتتى» دەپ ئاخىردا قالغان بىر توقاچنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق - بۇيىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئاندىن: «بۈگۈن يېسەممۇ مەن يەيدىكەنمەن، ئەتە يېسەممۇ مەن يەيدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن ھازىرلا يەۋېتەي» دەپ توقاچنىڭ يەتتىنچىسىنىمۇ يەۋېتىپتۇ.

## ئاشقان - تاشقاننى بايغا يېگۈزۈپ...

سەلەي چاقچاقان بايغا چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ

بىرىدە، باينىڭ خوتۇنى:
— سەلەي ئاخۇن، بايلارنىڭ ئاشقان - تاشقىنىنى يېسىڭىز باي بولىسىز، — دەپتۇ - دە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاچا ئاشقان ئاشنى سۇرۇپ قويۇپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:
— رەھمەت خېنىم شەپقەتلىرىگە، بايلارنىڭ ئاشقان - تاشقىنىنى يەپ باي بولغۇچە، ئاشقان - تاشقىنىمنى بايغا يېگۈزۈپ گاداي بولۇپ كېتەي! — دەپتۇ.

## شام چىشلىگەن قاغا

سەلەي چاقچاق ياش چاغلىرىدا ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ قاغىنى ئالداپ «ناخشاڭنى سېغىندىم»، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆڭەكنى چۈشۈرۈۋالغانلىق ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆينىڭ پېشايۋانىدا ئولتۇرسا، ئاغزىدا شام چىشلىگەن قاغا كېلىپ، تامنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. سەلەي چاقچاق بۇنى كۆرۈپ «توختا، سېنى بىر ئەپلەي» دەپ ئويلاپ، تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ:
— قاغا دوستۇم، سېنىڭ ناخشاڭنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بىر تۈۋلىۋەتكىنە! — دەپتۇ. لېكىن، قاغا شامنى چىشلىگەن پېتى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىۋالغان سەلەي چاقچاق پېشايۋانغا چىقىپ قاغىغا خاپا بولۇپ دەپتۇ:
— ئاغزىڭغا شام چىشلىگەندە، ناخشاڭنى ئاڭلاي دېسەم زۇۋانىڭنى چىقارماي كېتىپ قالدىڭ، ئەمدى قورسىقىڭ ئاچقاندا ئېيتقان ناخشاڭنى چېكەڭگە تاڭ!...

## بەگ بىلەن چاقچاق

يامۇلنىڭ بېگى خۇشى تۇتۇپ قالغاندا سەلەي چاقچاق بىلەن

چىقىشىپ قويىدىكەن. بىر يىلى قىشتا ئۇ سەلەي چاقچاقنى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— ئاڭلىسام، قەدىمقى زاماننىڭ پادىشاھلىرى ئۆلسە جەسەدىنى سېسىمايدىغان قىلىپ كۆمىدىكەن، بۇ زاماندا مەن ئۆلسەم ئۇنىڭ ئىلاجىسى يوق - دە! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا:

— چاپسانراق ئۆلسىڭىز ياخشى بولاتتى بېگىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپتىن يۈرىكى قارت قىلىپ قالغان بەگ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپلا تۇرۇپ قاپتۇ.

— ھازىر قىش پەسلى، مۇزخانىدىكى مۇز ئېرىپ كەتمەستە جان ئۈزسىڭىز، ئۆلۈكىڭىزنى مۇزخانىغا قويۇپ، قاتۇرۇۋالساقمىكىن، دېگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق قورقماستىن.

## ھوقۇشتەك بولۇپ قاپسەن

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدە بىر جازانىخور قاسساپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ خوتۇنلىرىنى ياساپ كىيىندۈرۈپ، ئۆزى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ بازارغا كېتىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سەلەي چاقچاق چىقىپ قاپتۇ. قاسساپ ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— قانداق بۇرادەر، مېنىڭ قۇشلىرىم قاملىشىپتىمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنلىرىنى ئىما قىلىپ.

سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا:

— خوتۇنلىرىڭغۇ قاملىشىپتۇ، بىراق ئۆزۈڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ھوقۇشتەك بولۇپ قاپسەن، — دەپتۇ.

## سېتىۋالغان ئۆكۈز

سەلەي چاقچاق قوشنا مەھەللىدىن سېتىۋالغان ئۆكۈزنى

ھارۋىغا قېتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۆكۈز بورۇنقى قورۇسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يولدىن بىراقلا بۇرۇلۇپ، ئېتىز ئارىسى بىلەن ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە سەلەي چاقچاقنىڭ «ھاي - ھوي» دېگىنىگە قارىماي چېپىپ، دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاران توختاپتۇ. سەلەي چاقچاق ئاچچىقى بىلەن ھارۋىدىن چۈشۈپ:

— يۇر ئاخماق! — دەپتۇ ئۆكۈزنى قامچا بىلەن بىرنى سېلىپ، — سېنىڭ بۇ قورۇدىن ئايرىلغىڭ كەلمەيدىغان بولسا مال بازىرىدا نېمىشقا ئېلىپ قاچمىدىڭ؟

## داراڭلىغان چېلەك

سەلەي چاقچاق شەھەردە تۇرغان كۈنلەردە، بۇلاقبېشىدىن ئەپكەشتە سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. يېرىم يولدا ئەپكەش سۇنۇپ كېتىپ، چېلەكلىرى داراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىراپتۇ:

— ۋاي خۇدايىم! نېمە ئىش بۇ؟

— نېمە بولدىڭىز خېنىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا.

— چېلەكىڭىزنىڭ داراڭلىغىنىدىن قورقۇپ كەتتىم.

— كىچىككىنە چېلەكنىڭ داراڭلىغىنىدىن بۇنچىلىك قورقسىڭىز، يوغان داسنىڭ داراڭلىغىنىدىن قانداق قىلارسىز؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

## يول ياساش

سەلەي چاقچاقنىڭ قېيىنئانىسى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە، كۇيۇئوغۇلچىلاپ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆتۈشنى بەك چىڭ تۇتىدىكەن. بۇ ئىشتىن سەلەي چاقچاق زېرىكىپ، شەھەرگە باشقا

يوللار بىلەن ماڭىدىغان بولۇۋاپتۇ. كۆيۈئوغلىنى ئۆزۈنىچە كۆرمىگەن ئۇنىڭ قېيىنئانىسى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن:

— كۈيۈئوغۇلغا نېمە بولدى؟ يېقىندىن بۇيان شەھەر تەرەپكە ئۆتمەيدىغان بولدىغۇ؟ — دەپ ئۇلاردىن سالام ئېيتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە سەلەي چاققان:

— شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن يەرنىڭ ئاستىدىن يول ياساۋاتىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، شۇ يول پۈتكەندە قېيىنئانام تەرەپكە ئۆتىمەن، — دەپتۇ.

## ئەسنەش

سەلەي چاققاننىڭ قوشنىسى ھويلىسىدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرغان يېرىدە ۋارقىراپ ئەسنەپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى رەنجىپ:

— جېنىم قوشنام، قويسىڭىزا مۇشۇ ئادىتىڭىزنى، خۇددى ئېشەكتەك ھاڭراپ... دەپتۇ ئېرىگە.

ئۇ كىشى نېمە دېيىشنى بىلمەي سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، ئەسنىگىنىم سىزگىمۇ ئېشەك ھاڭرىغاندەك ئاڭلاندىمۇ؟

— ياق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئېشەك ئەمەس، پەقەت تەخەينىڭ ھاڭرىغىنىدەكلا ئاڭلاندى.

## قارماق

سەلەي چاققان سۇ ئامبىرىدا قارماق سېلىپ ئولتۇرغاندا، قارماقنىڭ ئىنچىكە سىپى بىردىنلا ئېگىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ «يوغان بېلىق چۈشتى» دەپ پەملەپ، قارماقنى تارتىپ چىقارغاندا ئۇنىڭغا

بىر ئىشتان ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن سەلەي چاقچاق ئۆزىنى سەل بېسىپ:
— خەير، كېرەك يوق، قارىماققا ئۆزەڭلا ئىلىنىپسەن، ئەگەر سېنى كىيگەن كىشى بىللە چىققان بولسا كۆرگىلىكىنى كۆرەتتى، — دەپتۇ.

## ناخشا ئاۋازى

سەلەي چاقچاقنىڭ كوچىسىدىن يېرىم كېچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ «مەن قاچان چوڭ بولىمەن؟ يايرىم بىلەن تەڭ بولىمەن» دەپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتكەن سەلەي چاقچاق دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:
— «چوڭ بولماي تۇرۇپ قىلىقىڭ مۇشۇ بولسا، چوڭ بولغاندا شەھەرنى بېشىڭغا كىيىدىغان ئوخشايسەن!» — دەپتۇ.

## دۇقا ماڭلاي

سەلەي چاقچاقنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان مەزگىل ئىكەن، قوشنىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزىنى ماختاپ:
— سەلەيجان، سىز ماڭا كۆيۈئوغۇل بولامسىز؟ «تەلەي نەگە بارسەن دېسە، دوقا ماڭلايغا دەيدىكەن، قاراڭ، مېنىڭ قىزىم قانداق تەلەيلىك دوقا ماڭلاي ـ ھە؟» دەپتۇ.
سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا:
— جېنىم قوشنام، ئۇنى مەنمۇ ھەر كۈنى كۆرۈپ يۈرۈيمەن، شۇ تەلەيلىك دوقا ماڭلاينى ئۆزىڭىز ئەپقېلىپ، قىزىڭىزنىڭ ئۆزىنىلا بەرگەن بولسىڭىز، بەك رازى بولاتتىم، — دەپتۇ.

## مايلىق دوپپا

ئوردا بېگى مېھمان چاقىرغاندا، شەھەردىكى «ھەسەن باي مايلىق دوپپا» دېگەن باينىمۇ قوشۇپ چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان مېھمان كۈتۈش خىزمىتىدە ئىكەن، داستىخان ئۈستىدە بولۇۋاتقان چاقچاقتا بەگ سەلەي چاققاننى گەپكە سېلىپ:

— ھە سەلەي چاققان، — بۈگۈنكى سورۇندا قانداق گەپ - سۆزلەر بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشقا گەپ - سۆز يوق بېگىم، خىزمەتتىن ئىستىپا سورىغانلارنىڭ ئەرزى بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— خوش!

— ئاخشام ئۆيدە ئولتۇرسام، ھەسەن بايكامنىڭ مايلىق دوپپىسى كىرىپتۇ.

— ھە؟!

— بىچارە دوپپا ھال ئېيتىپ: «مېنى ئەتىدىن كەچكىچە باي ئۆزى كىيىدۇ، كېچىسى ئانىسى كىيىپ يېتىۋالىدۇ، مەن بىر جېنىمغا ئىككى ئادەمگە خىزمەت قىلالمايدىكەنمەن، بېگىمگە يەتكۈزۈپ قويساڭ...» دېگەنىدى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بەگنىڭ چىرايى سارغىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## سالام خەت

سەلەي چاققاننىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى ئىكەن، باي قوشنىسىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار تولا ئۇرۇشۇپ قالىدىكەن، ھەتتا چاچلىشىپ كېتىدىكەن. ئاخىر كىچىك خوتۇن يامانلاپ كېتىپ قاپتۇ - دە، قايتىپ كەلمەپتۇ. ئېرىدىن ئاجرىشىپمۇ

كېتىپتۇ. چوڭ خوتۇن خاتىرجەم بولۇپ، ئاچچىقىدىن يانغان بىر كۈنلەردە سەلەي چاقچاقنى چاقىرىپ:
— كىچىك خوتۇن كېتىپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولدى، ھەرقانداق بولسا ئۇ بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ بىلەن باينىڭ تاھارىتىگە سۇ بەرگەنمدۇق... شۇڭا ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ قويساي دەيمەن. ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، ئۇ مېنىڭدىن رازى بولۇپ كەتسە... دەپتۇ. سەلەي چاقچاق:
— بولىدۇ، يازساق يازايلى، — دەپ قەلەم - قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ.
— نېمە دەپ يازىمەن؟
چوڭ خوتۇن دەپ بېرىشكە باشلاپتۇ:
— ئەنى جانابى، ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك، كۆرۈشكىلى ئاررۇلۇق، ئىش قىلىشقا ئۆگلۇق، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق... خەتنى يېزىپ كېلىۋېتىپ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن چوڭ خوتۇن سەلەي چاقچاقانغا قاراپ:
— سەلەي ئاخۇن، ئاخىرنى تاپالمايۋاتىمەن، ئۆزىڭىز بىر نېمە دەپ قوشۇپ قويسىڭىزا، ئۆزىڭىزمۇ چاقچاقان ئەمەسمۇ؟ دەپ جېكىلەپتۇ. سەلەي چاقچاق ئۇنىڭغا:
— يۇڭداشقىلى يۇڭلۇق دەپ قوشۇپ قويايمۇ؟ — دەپتۇ.

## يۇمشاش

سەلەي چاقچاق ئۆيىدە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئاغىنىسى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ پالاقلىغان پېتى ئىشىكتىن كىرىپ كەپتۇ.
— ھە، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقچاق گاڭگىراپ.
— قارىمامسەن ئاداش، خوتۇنۇمنى ئاشنىسى بىلەن

تۇتۇۋالدىم.

— خوش، ئاندىن...؟ — دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

— ئاچچىقىم شۇنداق كەلدىكى، — دەپتۇ ئاغىنىسى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، — بۇ ئىككى مەخلۇققا قاراپ ياغاچتەك قېتىپلا تۇرۇپ قاپتىمەن.

سەلەي چاقچاق ئاغىنىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— ھە، رەنجىمە! ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى خېلى يۇمشاپ قاپسەن، — دەپتۇ.

## توختامەت

سەلەي چاقچاقنىڭ كىچىك چاغلىرى ئىكەن. مەھەللىدىكى بىر باينىڭ بالىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— توخۇ تۇخۇمنى تۇغۇپلا، ئۇۋىسىدىن چىقىپ ۋارقىراپ كېتىدىكەن. ئۇنى كۆرگەن خورازمۇ ۋارقىرايدىكەن، ئۇلار نېمە دېيىشىدىغاندۇ؟

— ئەسلىدە مۇنداق ئىش، — دەپتۇ كىچىك سەلەي چاقچاق، — خورازنىڭ ئىسمى توختامەت، مېكىيان تۇخۇمنى تۇغۇپ ئۇۋىسىدىن چىققاندا، «تاس - تاس قالدىم توختامەت، تاس - تاس قالدىم توختامەت» دەپ زارلىنىدىكەن. خوراز ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ:

— «دۇئا ئوقۇتسام بوپتىكەن، موللام قىچارسام بوپتىكەن» دەپ مېكىياننىڭ كۆڭلىنى ياسايدىكەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپتىن ھەممە باللار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## قوچقار ۋەقەسى

سەلەي چاقچاق ئېغىلدا باققان قوچقىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا

كېتىۋاتقانىكەن. بازاردىن چوڭ تىكلىمە ئەينەك سېتىۋالغان بىر كىشى ئۇنى چېقىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، تانىدا ئەپلىك قىلىپ باغلاپ، ئاندىن ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۈدۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ كىشى قوچقار ئەگەشتۈرۈۋالغان سەلەي چاقچاقنىڭ يېقىنلاشقاندا:

— پوش - پوش! دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، سەلەي چاقچاقنىڭ ئەگەشتۈرۈۋالغان قوچقار ئالدىغا ئۆتكەن ئەينەكتىن ئۆزىنى كۆرۈپ كەينىگە بىر نەچچە قەدەم چېكىنىپتۇ - دە، يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ، ئەينەكتە كۆرۈنگەن قوچقارغا كاللا قويۇپتۇ. ئەينەك پارچە - پارچە بولۇپ، ئۇنى كۆتۈرگەن كىشى ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەلەي چاقچاقنىڭ خېلى كايىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. سەلەي چاقچاق دەرھال ئەيىبنى بويىنىغا ئېلىپ:

مەن بۇ ئەخمەقنىڭ ئەينەككە ئۇسكەن گۇناھىنى كەچۈرمەيمەن! — دەپلا قوچقارنى كۆتۈرۈپ بېسىپ، تۆت پۇتىنى بوغۇپتۇ ۋە قونجىدىن پىچاق ئېلىپ ئۇنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئەينىكى چېقىلغان كىشى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاراپ تۇرغانىكەن، سەلەي چاقچاق بوغۇزلانغان قوچقارنى كىراكەشنىڭ ھارۋىسىغا بېسىپ:

— مەن بۇ ھارىمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ، پارچىلانغان ئەينەكتەك پارچىلاپ تاشلىمىغۇچە دەردىم چىقمايدۇ، — دەپتۇ.

## بازاردىن قايتقاندا

سەلەي چاقچاق ھەر كۈنى ئېشىكىگە مىنىپ بازاردىن قايتقاندا، ئېشەك ئۇدۇل كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا توختاشقا ئادەتلەنگەنىكەن. سەلەي چاقچاق ئېشەكتىن چۈشۈپلا ئۆيىگە كىرىپ كېتىدىكەن، ئېشەك ئوقۇر تەرەپكە ماڭىدىكەن.

بىر كۈنى سەلەي چاقچاق ئېشىكىنىڭ ئۈستىدە مۈگدەپ

قىلىپ، ئىشەك ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئادەتتىكىچە توختىماي، ئايلىنىپ بىرىپ قوشنىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا توختاپتۇ. سەلەي چاقچاق ئىشەكتىن چۈشۈپ ئۆيقۇلۇقتا قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆيدە دۈم ياتقان ئايالنىڭ دۈمبىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئەر كىشىنى كۆرۈپتۇ. سەلەي چاقچاق بۇ غەلىتە ئەھۋالغا چىدىيالماي، ئۆينى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ قامچىسىنى كۆتۈرۈپتۇ:

— ھۇ، كاساپەت، تېخى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بېشىڭنى قويۇپ ياتقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ئەمدى مەندىن كۆر!...

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش كەلسىلە سەلەي ئاخۇنكا، قېنى تۆرگە مەرھەمەت! دېيىشىپتۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.

سەلەي چاقچاق قوشنىلىرىنى تونۇغاندىن كېيىن:

— خەيرىيەت، قوشنام، خوتۇن ئۆزىڭىزنىڭكى ئىكەن، — دەپتۇ قامچىسىنى چۈشۈرۈپ، — ناۋادا مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇپ قالغان بولسا، تارتىۋالاي دېگەنتىم، — دەپتۇ.

## سودىگەرچىلىك يولىدا

سەلەي چاقچاقنىڭ دادىسى ئۇنى ئوقەت قىلىشقا ئۆگەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا زۇماتاڭ ساتقۇزۇپتۇ. سەلەي چاقچاق زۇماتاڭ سېتىپ يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆزى يەپ تۈگىتىپتۇ. دادىسى ھېسابلىغاندا پۇلنىڭ ئىزى چىقماي قاپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن دادىسى:

— بالام، سەن ئوقەت قىلغۇچە سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولىدىكەن، — دەپتۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەنە ئۇنىڭغا بىر ماتانى سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاقچاق ماتانى كۆتۈرۈپ، كاسات بازاردا ساتالماي، بىر ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ماتانى مايلىق توقاچقا تېگىشىپ، ئۆستەڭ بويىدا ناننى

سوغا چىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قالغان دادىسى:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئەخمەق!... دەپ غەزەپلىنىپتۇ.
سەلەي چاقان:
— ئوقەت قىلغۇچە «سىڭگەن نېنىمنى يەي» دەپ ماتانى نانغا تېگىشىپ يەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

## كەلكۈن كەلگەن كېچىسى

سەلەي چاقان كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. بىر كېچىسى ئۆينى كەلكۈن بېسىپ كېتىپ، قاراڭغۇدا ئالاقزادە بولغان باي «ئۆز بالامنى يۇدۇدۇم» دەپ ئويلاپ، كېچىچە سەلەي چاقاننى يۇدۇپ يۈرۈپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، باي دۈمبىسىدىن چۈشۈۋاتقان سەلەي چاقاننى كۆرۈپ ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە:
— كېچىچە دۈمبەمدە گەپ قىلماي يۈرگۈچە مۆرسەڭ بولمامدۇ؟... — دەپتۇ. سەلەي چاقان ئۇنىڭغا:
— مۆرەي دېسەم ئادەم ئىكەنمەن، دۈمبىڭىزدە قانغۇدەك ئۇخلاپ قاپتىمەن، رەنجىمەڭ، — دەپتۇ.

## گۇناھسىز تەخەي

يامۇل بېگى غەللە ـ پاراق تاپشۇرالمىغان تۇل خوتۇننى جازالاپ، ئوردىدا ئېغىر ئىشقا سالپتۇ. بىچارە خوتۇن كىچىك بالىسى بىلەن بەك قىينىلىپتۇ. كېيىن ئۇ، يامۇلدا ئىشلەپ يۈرگەن سەلەي چاقان ئارقىلىق ئۆز ئەھۋالىنى بەگكە يەتكۈزۈپتۇ. ئەھۋالنى ئاڭلىغان بەگ:
— بالىسى گۇناھسىز بولغاندىكىن، ئۇنى ئانىسىغا ئارتىپ قويۇپ، ئىشقا سېلىۋېرىڭلار! — دەپ ئىش بېشىدىكىلەرگە

بۇيرۇپتۇ. شۇ ئارىدا سەلەي چاقچاق ئىشقا كەلمەي، بىر قانچە كۈن يوقاپ كېتىپتۇ. بەگ ئۇنى چاقىرغانىكەن، ئۇ:

— ئېشەك يىقىتىۋېتىپ ئاغرىپ قالدىم، — دەپ سەۋەب كۆرسىتىپتۇ، يامۇل بېگى يەنە كىشى ئەۋەتىپ:

— چوقۇم كەلسۇن! ئېشەك يىقىتقان بولسا، ئېشەكنى ئېلىپ كەلسۇن! جازالاپ بېرىمەن، — دەپ تەنە قىپتۇ. شۇ كۈنلەردە سەلەي چاقچاق ئېشەككە مىنىپ، ئۇنىڭ تەخىيىنى ئالدىغان ئېلىپ بەگنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن يامۇل بېگى:

— سەلەي چاقچاق، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاقچاق:

— بالىسى گۇناھسىز بولغاندىكىن، ئانىسىغا ئارتىۋالدىم، — دەپتۇ.

يامۇل بېگى زۇۋان سۈرەلمەپتۇ.

## دۇتار - راۋاب

سەلەي چاقچاق كىچىكىدىن باشلاپ ئۆيىدىن ساز - مۇزىكىلارنى خالىي قىلمايدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، ھال سوراپ كىرگەن بىر مۇتەئەسسىپ چالا موللام ئۇنىڭ ئۆيىدىكى دۇتار - راۋابنى كۆرۈپ:

— ھوي سەلەي ئاخۇن، بۇ قانداق گەپ؟ بۇنداق نەرسىلەر شەيتاننىڭ ئىشى، دۇتار - راۋاب بار ئۆيگە پەرىشتە قورقۇپ كىرمەيدۇ... — دەپتۇ. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەلەي چاقچاق بالىچاقىلىرىغا:

— مەن ئۆلگەندە بىر تەرىپىمگە دۇتارنى، يەنە بىر تەرىپىمگە راۋابنى قويۇپ كۆمۈڭلار! سوراق - سوئال قىلىدىغان پەرىشتە قورقۇپ كىرەلمىسۇن! — دەپتۇ.

## ئىتتىك بازار

سەلەي چاقچاقنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ خوتۇنى تۇرلۇك ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئېرىنى باشقا يۇرتلارغا يولغا سېلىۋېتىپ، كۈندۈزى مەسلىھەتلىشىۋالغان ئاشنىلىرى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كەلگەندە سەلەي چاقچاقان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ:

— قوشنام كۆرۈنمەيلىغۇ؟ — سوراپتۇ سەلەي چاقچاقان.

— بارغان يېرىمدە بىر قانچە كۈن ئارتۇقراق تۇرۇپ قالدىم، يۇرتىمىزدا بازار قانداقراق؟

سەلەي چاقچاقان ئۇنىڭغا:

— كۈندۈزلىرى مەسلىھەتى پىشقان سودىلارنىڭ كېچىلىك بازىرى ئىتتىك بولدى، — دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

## قىماردىن كېيىن

سەلەي چاقچاقان تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، باشقا بىر يۇرتقا كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا يېتىمچىلەر چۈشىدىغان مازارغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە قىمارغا كىرىشىپ قېلىپ، بىرمۇنچە پۇل ئۇتۇۋاپتۇ - دە، مازار ھەققىدە دۇئا - تەكبىر قىلىپ يولغا مېڭىپتۇ. كۆزلىگەن يۇرتقا بارغاندىن كېيىن، ئوقەت قىلىپ يەنە نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ، ئۇ دەپىنە - دۇنياسى كۆپەيگەنسېرى، بىر قىسمىنى نامرات - بىچارىلەرگە بېرىۋېتىپ، بىر قىسمىنى ئات - قېچىرلارغا ئارتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. لېكىن، يولدا ھېلىقى مازارغا يەنە چۈشۈپ، قىمارغا كىرىشىپ قاپتۇ - دە بارلىق مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئاندىن سەلەي چاقچاقان مازارغا قاراپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى

قىقىپ رەنجىپ دەپتۇ:

— كۆرۈپ قويدۇق مازار غوجام ئۆزلىرىنىمۇ! بىرىشىمىزدا بەش تەڭگە بىرىپ، يىنىشىمىزدا يۈز تەڭگە ياندۇرۇۋالىدىغان جازانىخورنىڭ بىرىكەنلا!

## لاي - لىلاي

بىر يىلى سەلەي چاققان ئوپالدىكى بىر چوڭ بەگنىڭ ياسىتىۋاتقان ئىمارىتىگە مەدىكارلىققا ئىشلەپ لاي توشۇپتۇ. ئارىدا سەلەي چاققان لاينى يەتكۈزۈپ بىرەلمىگەنلىكتىن، تامچى ئۇستام:

— لاي - لاي، — دەپ قاراپ قاپتۇ. ئۇنىڭغىچە مەدىكارلارنىڭ ئۇستىدىن نازارەت قىلىپ تۇرغان بەگنىڭ چاپارمەنلىرى كېلىپ، سەلەي چاققاننىڭ يوتىسىغا تاياق بىلەن بىرنى ساپتۇ ۋە:

— سەلەي ئاخۇن، تامچى ئۇستام لاي - لاي دىسە نىمىشقا تېزراق يەتكۈزمەيسەن؟ ئىغىزدىن چىققۇچە لاينى تېز يەتكۈز! بولمىسا تاياق يەيسەن! دەپ قولىدىكى كالتەكنى پۇلاڭلىتىپتۇ. سەلەي چاققان جان ئاچچىقىدا سوكۇت قىلىپ، ئىشنى قىلىۋېرىپتۇ. يازنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سىلىۋاتقانىكەن. ھىلىقى چاپارمەن تامنىڭ تۈۋىدىن «لاي - لىلاي، لاي» دەپ ناخشا ئىيتىپ ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان چاپارمەننىڭ ئەدىپىنى بىر بىرەي دەپ، ئۇنىڭ «لاي - لىلاي» ناخشىسىغا توغرىلاپ، بىر چېلەك لاينى ئۇنىڭ بىشىغا تۆكۈپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن چاپارمەن:

— ھوي خۇمپەر، بۇ نىمە قىلغىنىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— كايىماڭ، ئۆتكەنكى ئىش يادىڭىزدىدۇر، — ئاغزىڭىزدىن چىققۇچە لاينى يەتكۈزمىسەم، يەنە كالتەك بىلەن سەپ كىتەمدىكىن دەپ قورققانىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھىچنەرسە بولمىغاندەك.

## قايتىپ كېتەي دېگەنتىم

سەلەي چاققان بىر يىلى ئىلىخوغا ماڭغان كىشىلەر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كەلگەندە، كېمىگە ئولتۇرۇپ قارشى تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇپتۇ.

ئۇلار دولقۇنلاپ تۇرغان دەريادا كېتىۋاتقاندا، كېمە باشقۇرغۇچى كېمىنى قەستەن سىلكىندۇرۇپ:

— كۆپچىلىك، كېمە چۆكۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ، بىر لەھەڭ بېلىق كېمىنى تورۇۋالدى. سەدىقە بېرىڭلار! — دەپ كۆپچىلىكنى قورقۇتۇپ، پۇل ئۇندۇرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا سەلەي چاققان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېمە باشقۇرغۇچىغا بەش تەڭگە سۇنۇپ:

— سەدىقەمنى ئېلىپ، كېمىنى تورۇۋالغان ھېلىقى بېلىقنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسىڭىز، — دەپتۇ. كېمە باشقۇرغۇچى ھەيران بولۇپ:

— ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ دەپ سورىغانىكەن سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— مەن ئالتە شەھەردىن كەلدىم، كېمىڭىز چۆكۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مەن شۇ بېلىققا مىنىۋېلىپ، قايتىپ كېتەي دېگەنتىم، — دەپتۇ.

## ئېچىدىن بېلىق چىقتى

بىر يىلى ئاناق خوجىنىڭ بىر مۇرىتى دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا، كېمە سىلكىنگەن يەردە قورقۇپ كېتىپ، يولدا يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان گۆش - نانلىرىنى بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر يىراقتىن كەلگۈچە ئۆزگىرىپ، «ئىشانەمنى بېلىق يەپ كېتىپتۇ» بولۇپ ئاڭلىنىپتۇ. كېيىنچە ئىشانەمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى

كۆرگەن كىشىلەر:

— ۋاھ، ئىشانەمنى بىلىق يەپ كېتىپتۇ، دەۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپتۇ. بېلىقنىڭ ئىچىدىن قانداق چىققاندۇ؟ — دەپ كۈلۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بۇ گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سەلەي چاقچاق:

— ئىش ئۇنداق ئەمەس، ئىشانەم بېلىقنىڭ ئىچىدىن چىقمىدى، كېمە سىلكىنگەن يەردە قورقۇپ كەتكەن ئىشانەمنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە كىچىك بېلىق چىقتى، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق مازاق قىلىپ.

## نېمىشقا ئۇنىمىغان؟

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى سەلەي چاقچاق خوتۇنى بىلەن بىللە خاماندا قوناق سويۇۋېتىپ ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— دادىسى، خەقنىڭ بالىلىرى ئاپپاق، بۇدرۇققىنە ئىكەن، خۇددى بوگۇنكى ئايدەكدەك، بىزنىڭ بالىمىز نېمىشقا مۇنداق قاپقارا بولۇپ قالغان بولغىيتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

سەلەي چاقچاق خوتۇنىنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ دەپتۇ:

— قاپقاراڭغۇ كېچىلىرى يېقىنچىلىق قىلىشقاندا، چىراغنى يېقىپ قوياي دېسەم، نېمىشقا ئۇنىمىغان؟

— ۋاي ئەسكى.

ئۇلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马土谱热克
责任编辑：瓦热斯·买买提
责任校对：努丽曼·卡得尔
古丽巴哈尔·托呼提
封面设计：吾布里卡斯木·艾买提
版式设计：阿依努沙·吾布力

赛来恰坎的艺术生涯和笑话集（维吾尔文）

乌其洪江·玉麦尔　编著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　14.875印张
2012年5月第1版　2012年5月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1258-4（民文）定价：45.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت



ISBN 978-7-5466-1258-4

9 787546 612584 >

定价：45.00 元